ئابلىمىت ئابدۇللا

# سالام، 3- باتالىيون



مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

ئابلىمىت ئابدۇللا

سالام، 3-باتالىيون

مىللەتلەر نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن





ISBN 978-7-105-13691-9

9 787105 136919 >



ئابلىمىت ئابدۇللا

# سالام، 3- باتالىيون

مىللەتلەر نەشرىياتى



ئاپتور: ئابلىمىت ئابدۇللا

# زاھىر ساۋدانوۋنىڭ بېغىشلىمىسى

يولداش ئابلىمىت ئابدۇللا يازغان «سالام، 3 ـ باتالىيون» ناملىق كىتابنىڭ ئارگىنالىنى قىزىقىش ئىچىدە ئوقۇپ چىقتىم. مەزكۇر ئارگىنالدا جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى بولغان شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋە ئۇنىڭ مىللىي ئارمىيەسى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ 5 ـ كورپۇسىغا ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، 5 ـ كورپۇس 14 ـ دىۋىزىيە 40 ـ پولك 3 ـ باتالىيوننىڭ 1950 ـ يىل 1 ـ ئايدىن 1952 ـ يىل 1 ـ ئايغىچە قومۇل، باركۆل، ئاراتۇرۇك، تۇرپان، پىچان قاتارلىق جايلاردا گومىنداڭ قوشۇنى ئىچىدىكى ھەقىقەتكە قايتىشقا قارشى جاھىل كۈچلەر ۋە قوراللىق بانditلارنى تازىلاشتىن ئىبارەت كۈرەش پائالىيەتلىرى ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان بولۇپ، كىتابتا چىنلىق يورۇتۇپ بېرىلگەن. مەن ئاشۇ ۋاقىتتا 5 ـ كورپۇسنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان ۋاقتىم بولغاچقا، 3 ـ باتالىيوندىكى كوماندىر ـ جەڭچىلەرنىڭ كۈرەش پائالىيەتلىرىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرغانىدىم.

مەن مەزكۇر ئارگىنالنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن يولداش ئابلىمىت ئابدۇللانىڭ بۇ كىتابنى يېزىپ چىقىش جەريانىدا كۆرسەتكەن جاپالىق ئىلمىي ئەمگىكىگە تەشەككۈر ئېيتىش بىلەن بىللە بۇ كىتابنىڭ تېزرەك نەشردىن چىقىپ كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

زاھىر ساۋدانوۋ
2006-يىل 9-ئاينىڭ 17-كۈنى.
ئۈرۈمچى.

(شىنجاڭ ھەربىي رايوننىڭ سابىق مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى)

# ئابدۇرېھىم خوجامنىيازنىڭ بېغىشلىمىسى

يولداش ئابلىمىت ئابدۇللا يازغان «سالام، 3 ـ باتالىيون» ناملىق كىتابتا جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى بولغان شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋە ئۇنىڭ مىللىي ئارمىيەسىنىڭ جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ 5 ـ كورپۇسغا ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، 5 ـ كورپۇس 14 ـ دىۋىزىيەنىڭ ئۇرۇمچىدە تۇرۇشلۇق 40 ـ پولك 3 ـ باتالىيوننىڭ خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى قىسىملىرى بىلەن بىللە مۇرنى مۇرىگە تىرەپ، قومۇل ـ تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش بىلەن بىللە، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ نورمال ئىشلەپچىقىرىشىغا ۋە ھاياتى ھەم مال ـ مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە تەھدىت سېلىۋاتقان گومىنداڭنىڭ ھەقىقەتكە قايتىشقا قارشى جاھىل كۈچلىرى ۋە قوراللىق باندىتلارنى تازىلاش كۈرەش پائالىيەتلىرى ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان بولۇپ، 3 ـ باتالىيوننىڭ 1950 ـ يىلىدىن 1952 ـ يىلىغىچە قومۇل ـ تۇرپان ۋىلايىتىدىكى ئىككى يىللىق كۈرەش پائالىيەتلىرى يورۇتۇپ بېرىلگەن.

مەن ئەينى ۋاقىتتا 3 ـ باتالىيوننىڭ تۇرپاندىكى 9 ـ روتىسىغا مۇئاۋىن كوماندىر ۋە قومۇلدىكى 8 ـ روتىغا كوماندىر بولۇپ، باندىت تازىلاش ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ، قومۇل ـ تۇرپان ۋىلايىتىدە ۋەزىپە ئۆتىگەنىدىم. مەن ئابلىمىت ئابدۇللانىڭ قومۇل، تۇرپان، ئۇرۇمچى، بورتالا، غۇلجا شەھىرى، غۇلجا ناھىيەسى، چاپچال، كۇنەس، چۆچەك، شىخو قاتارلىق جايلار

بىلەن خەت ـ ئالاقە قىلىپ، ھايات شاھىتلار بىلەن بىۋاسىتە سۆھبەتلىشىپ، 3 ـ باتالىيوننىڭ كۆرەش پائالىيەتلىرىنى ئىمكانقەدەر تولۇق يورۇتۇپ بېرىشكە تىرىشقانلىقىدىن ئىبارەت جاپالىق ئەمگىكىگە تەشەككۈر ئېيتىمەن!

ئابدۇرەھىم غوجامنىياز

2006-8-ئاينىڭ 21-كۈنى

(خوتەن شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ سابىق مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى)

# نەشرىياتتىن

ئابلىمىت ئابدۇللا 1957 - يىل 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى قومۇل شەھىرىنىڭ پالۋانتۇر يېزىسى دۆربەجىن غولئېرىق كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1964 - يىلى 8 - ئايدا پالۋانتۇر يېزا دۆربەجىن مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرگەن. ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلىنىپ كېتىپ، كېيىن تولۇقسىز ئوتتۇرىنىڭ دەرسلىرىنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگەن ۋە 1978 - يىلى 3 - ئايغىچە يېزىدا ئىشلىگەن.

ئابلىمىت ئابدۇللا 1978 - يىلى 3 - ئايدىن 1981 - يىلى 1 - ئايغىچە ئۈرۈمچى تۆمۈريول تېخنىكا مەكتىپىنىڭ ئىچىدىن يانار دىۋىگاتېل (ئىچىدىن يانار پاراۋۇز) كەسپىدە ئوقۇغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ قومۇل پاراۋۇز ئوچاستكىسىغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغان. 1983 - يىلى 9 - ئايدا ئۈرۈمچى تۆمۈريول ج خ ئىدارىسى قومۇل ج خ باشقارمىسىغا يۆتكىلىپ ھازىرغا قەدەر مەزكۇر باشقارمىدا ئىشلەپ كەلمەكتە. ئۇ 1992 - يىلى 4 - ئايدىن 1995 - يىلى 10 - ئايغىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ، خەنزۇ تىلى تەرجىمانلىق كەسپىگە ئىمتىھان بېرىپ ئالىي مەكتەپنىڭ تولۇق كۇرس مەدەنىيەت سەۋىيەسىگە يەتكەن. ئۇ يەنە 1992 - يىلى 3 - ئايدىن 1993 - يىلى 3 - ئايغىچە بىر يىل ئىزدىنىپ، يەتتە ئەۋلاتتىن تەركىب تاپقان، 1123 ئادەمنىڭ ئىسمى چۈشۈرۈلگەن ئائىلە نەسەبنامىسىنى تۈزۈپ چىققان.

ئابلىمىت ئابدۇللا 1995 - يىلى 10 - ئايدىن باشلاپ

ھازىرغا قەدەر «قاسىم پالۋان»، «دۆربەجىن ۋە ئۇ جايدىكى مەھەللىلەرنىڭ نامى»، «قومۇل دىيارىدىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلا-بىغا قاتناشقان ئەزىمەتلەر»، «تارىخىي قوشاقلار چىنلىقىغا ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك»، «يولۋاس ھەققىدە ئاڭلىغان - بىلگەنلىرىم» ناملىق كىتابنى ئوقۇغاندىن كېيىن» قاتارلىق 50 پارچىدىن ئارتۇق تارىخىي تېمىدا يېزىلغان ماقالىلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى»، «قومۇل ئەدەبىياتى»، «تەقدىرداش»، «قومۇل شەھىرىنىڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، «قومۇل گېزىتى» قاتارلىق مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ «1931 ـ يىلى 5 ـ ئايدىكى قاسىم پالۋان رەھ-بەرلىك قىلغان قاراموقچا جېڭى توغرىسىدىكى بەزى خاتا مەلۇ-ماتلارغا ئىزاھات» ناملىق ماقالىسى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلى-نىپ، سىياسىي كېڭەش قومۇل ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «قومۇل تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 4 ـ قىسمىغا كىرگۈزۈلدى.

ئابلىمىت ئابدۇللا تارىخىي ۋەقە ۋە شەخسلەرگە بولغان ئوتتەك قىزىقىشىنىڭ تۈرتكىسىدە، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمى-يەسىنىڭ كۆرەش پائالىيەتلىرى توغرىسىدا بوشاشماي ئىزدەن-دى. 2001 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئۇ 3 ـ باتالىيون تەركىبىدىكى كوماندىر ـ جەڭچىلەر بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن بۇ تېمىنىڭ بىر تارىخىي بوشلۇق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ، 3 ـ باتا-لىيون تەركىبىدىكى كوماندىر ـ جەڭچىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ، بۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇش نىيىتىگە كەلدى. 2003 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن باشلاپ قولىغا قەلەم ئېلىپ، قومۇل، تۇرپان، ئۈرۈمچى، بورتالا، ئىلى ۋىلايەتلىرىگە كۆپ قېتىم بېرىپ، 3 ـ باتالىيون توغرىلىق جاپالىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش نەتىجىسىدە بۇ كىتابنى يېزىپ چىقتى.

مەزكۇر كىتاب جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى 5 ـ كورپۇس 14 ـ دىۋىزىيە 40 ـ پولك 3 ـ باتالىيونىنىڭ

قومۇل، تۇرپان ۋىلايىتىدىكى ئىككى يىللىق كۈرەش پائالىيەتلىرىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان. 3 - باتالىيوننىڭ كوماندىر - جەڭچىلىرى 1950 - ، 1951 - يىللىرى قومۇل، تۇرپان ۋىلايەتلىرىدىكى ئازادلىق ئارمىيەنىڭ جەڭچىلىرى بىلەن بىللە گومىنداڭنىڭ جاھىل كۈچلىرى ۋە قوراللىق باندىتلارنى تازىلاپ، خەلقنىڭ ئازادلىقى، ھۆرلۈكى ئۈچۈن جان تىكىپ كۈرەش قىلغانىدى. جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلابى ئۈچۈن جان تىكىپ كۈرەش قىلغان باتۇر جەڭچىلىرىمىزنىڭ شەنىگە قاتۇرۇلغان بۇ كاتتا «گۈمبەز» ئاخىر قوپۇرۇلۇپ پۈتتى. بۇ كىتاب ئارقىلىق بۈگۈنكى بەختىيار زامانىمىزنىڭ مانا مۇشۇنداق سانسىزلىغان جەڭچى - كوماندىرلىرىمىزنىڭ ئىسسىق قېنى بەدىلىگە قولغا كەلگەنلىكىنى ئوقۇرمەنلىرىمىزگە بىلدۈرۈش كىتابنىڭ روياپقا چىقىشىدىكى ئاساسىي نىشانىمىز بولدى.

ئابلىمىت ئابدۇللا ھازىر شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، قومۇل ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى. بىز ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ ياخشى نادىر ئەسەرلەرنى يېزىپ خەلققە تەقدىم قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
2014 - يىل 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى

# ئاپتوردىن

بۇ كىتابتا 3 - باتالىيوننىڭ 1950 - يىلى 1 - ئايدىن 1952 - يىلى 1 - ئايغىچە قومۇل، تۇرپان ۋىلايىتىدىكى ئىككى يىللىق كۈرەش پائالىيەتلىرى قىسقىچە بايان قىلىندى. كىتابنىڭ ئاخىرىغا مۇئاۋىن ئىزۋوت دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كوماندىرلارنىڭ رەسىمى بىلەن قىسقىچە تەرجىمىھالى بېرىلدى. 8 - روتا 4 - ئىزۋوتنىڭ كوماندىرى تۇرغان ھەمرايېفنىڭ رەسىمى تېپىلمىغاچقا، پەقەت تەرجىمىھالى بېرىلدى.

مەن بۇ كىتابنى يېزىش جەريانىدا تۇرپان، ئۈرۈمچى، بورتالا، غۇلجا شەھىرى، غۇلجا ناھىيەسى، چاپچال، كۈنەس، سۈيدۈڭ، شىخو قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، 1950 - يىلى 1 - ئايدا 3 - باتالىيون تەركىبىدە قومۇل، تۇرپانغا بېرىپ باندىت تازىلاش ئۇرۇشىغا قاتناشقان كوماندىرلاردىن ئەخمەت تۇردىيېف، ئابدۇرېھىم خوجامنىياز، سوپى ئايۇپوف، ھادى روزىيېف، ئابدۇۋاھىت ئولاتايېف، مۇقاجان قالى (قازاق)، نۇرجان كەڭىردىبەرگىن (قازاق)، ئابدۇللا نىيازوف (خۇيزۇ)، تاھىر موردىنوف، تاھىر ئىسكەندىروف، ئەخمەتجان ياقۇپوف، يۇسۇپجان ئوسمانوف، تۇرغان پەيزۇللايېف، ۋۇ شۇۋېن (شىبە)، ئابلەت نىياز، مەتمۇسا ھوشۇر، مۇھەممەت ئەسمەتۇللا، تۇرداخۇن مامۇتوف قاتارلىق كوماندىرلار بىلەن بىۋاستە سۆھبەتلەشتىم. ئۇلار مېنى نۇرغۇنلىغان يازما ۋە ئاغزاكى ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى. بولۇپمۇ ئەخمەت تۇردىيېف، سوپى ئايۇپوف، ئابدۇرېھىم خوجامنىياز قاتارلىق كوماندىرلار مېنىڭ بۇ كىتابنى يېزىپ چىقىشىمغا باشتىن - ئاخىر ياردەملەشتى. كىتابنىڭ ئارگىنالى

پۈتكەندىن كېيىن ئەخمەت تۇردىيېف ئاكا كۆرۈپ چىقىپ، مۇھىم تۈزىتىش ۋە تولۇقلاش پىكرىنى بەردى.
1951 ـ يىل 1 ـ ئايدا قومۇل دىيارىدىن 3 ـ باتالىيونغا قوبۇل قىلىنغان يېڭى ئەسكەرلەرنىڭ ئىسىملىكىنى تۈرغۇزۇشىمغا ئەرشىدىن زىكرىيا، ئابدۇراخمان ھەسەن، سۇلايمان نىياز، نەمەت ئەمەت، ئەخمەت بوسۇق، ئابدۇللا ھاشىم، ئابدۇسەمەت تۇرسۇن قاتارلىقلار يېقىندىن ياردەم بەردى. ئاخىرىدا ئابلىز ئىسمائىل، خوجا سالى ئاكىلار كىتابنىڭ رەتلىنىپ بولغان نۇسخىسىنى كۆرۈپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇھىم تۈزىتىش، تولۇقلاش پىكىرلىرىنى بەردى.
يەنە مېنىڭ بۇ كىتابنى يېزىپ چىقىشىمغا، بولۇپمۇ 3 ـ باتالىيوندىكى كوماندىرلارنىڭ رەسىمى ۋە تەرجىمىھالىنى توپلىشىمغا شىنجاڭ ھەربىي رايونى كادىرلار بىرىنچى دەم ئېلىش ئورنىدىن ئابدۇكېرىم شاۋۇدۇنوف، سۇلايمان ھوشۇروف، ئابدۇۋاھىت مۇھەممىدى، خاجىنگو (شىبە)، 2 ـ دەم ئېلىش ئورنىدىن ھاشىمجان مۇسايېف، ۋۇ خاۋمىن (شىبە)، 3 ـ دەم ئېلىش ئورنىدىن سۇلتان ماھۇت قاسىموف، ئاسىم مەمىروف، دۇقاي قوجايېف (قازاق)، 4 ـ دەم ئېلىش ئورنىدىن مۇزەپپەر ئابدۇللايېف، ئەرشىدىن ھېيتھاجى، خېلىل زۇنۇنوف ، سەيدازىم تۇرسۇن (ئۆزبېك) ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ سابىق نازىرى ئابلىز رەخىموف ، ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق نازارىتىنىڭ سابىق نازىرى مەخمۇت يۈسۈپ، شىنجاڭ ئۆكتەبىر تىراكتور زاۋۇتىنىڭ سابىق تېخنىكى ئۆمەرجان سابىتوف، شىنجاڭ ئاشلىق مەكتىپىنىڭ سابىق مۇدىرى تالىپ سابىتوف، ئىلى ئوبلاستلىق مائارىپ ئىدارىسىنىڭ سابىق مەسلىھەتچىسى توختى ئىبراھىم، غۇلجا شەھەرلىك پارتكومنىڭ دەم ئېلىشقا چىققان كادىرى مۇھەممەتجان تېيىپوف ، غۇلجا شەھىرىنىڭ سابىق باشلىقى مۇھەممەتئىمىن ئۆمەروف، چاپچال ناھىيەلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ سابىق

باشلىقى جىگې (شىبە، خەنزۇچە ئىسمى جاۋجىڭگو)، يېزا ئىگىلىك 4 ـ دىۋىزىيە 61 ـ پولكىنىڭ دەم ئېلىشقا چىققان شوپۇرى نىزامىدىن ۋەلىيېۋ قاتارلىقلار ۋە 1947 ـ يىلى تۇرپان، پىچان، توقسۇندا دېھقانلار ئىنقىلابىغا قاتناشقان پېشقەدەملەردىن سەيدۇللا قايىت، ئەخمەتنىياز ئىبراھىم (ھازىر ئۈرۈمچىدە دەم ئېلىشتا)، سىدىقجان جەلىلى (ھازىر ئۈرۈمچىدە دەم ئېلىشتا)، تۇرسۇن مامۇت، نىياز جامال قاتارلىق كىشىلەر يېقىندىن ياردەم بەردى.

يەنە تۇرپان شەھەرلىك 4 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ سابىق سېكرېتارى ئابدۇراخمان ئابدۇللا، يېزا ئىگىلىك 4 ـ دىۋىزىيە ئەمگەك، مائاش باشقارمىسىنىڭ سابىق باشلىقى ئۆمەرجان قادىر، يېزا ئىگىلىك 4 ـ دىۋىزىيە 64 ـ پولك ئىجتىمائىي سۇغۇرتا مەركىزىدىن خالمۇرات ئوبۇل، 64 ـ پولك كادىرلار بۆلۈمىدىن ئادىلجان سادىر، چاپچال ناھىيە قاينۇق يېزىسىنىڭ باشلىقى پولات ھۇسيىن قاتارلىق كىشىلەر تېلېفون ۋە خەت ئالاقە ئارقىلىق مېنىڭ ماتېرىيال توپلىشىمغا يېقىندىن ياردەم بەردى. مەن يۇقىرىقى كىشىلەرگە كۆپتىن ـ كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن.

كىتابقا كىرگۈزۈلگەن رەسىملەر كونا رەسىملەر بولغاچقا، «مەھمۇدىيە رەقەملىك پۈركىمە رەسىم بېسىش ئورنى»نىڭ خوجايىنى مەخمۇتجان قادىر رەسىملەرنى كومپيۇتېردا كۆپەيتىپ رەتلەپ تەييارلاش ئۈچۈن كۆپ ئەجىر سىڭدۈردى. بۇ يەردە مەخمۇتجان قادىرغىمۇ ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن.

3 ـ باتالىيوننىڭ قومۇل ـ تۇرپان ۋىلايىتىدىكى كۈرەش پائالىيەتلىرى يېرىم ئەسىرنىڭ ئالدىدىكى ئىشلار بولغاچقا كىتابتا خاتا كەتكەن، چۈشۈپ قالغان جايلىرى بولۇشى مۇمكىن. بۇ ۋەقەلىكلەرنىڭ شاھىتلىرى بولغان 3 ـ باتالىيوندىكى كوماندىر ـ جەڭچىلەرمۇ يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كۆپ قىسمى ۋاپات بولۇپ كېتىپ، ھاياتلىرى ساناقلىقلا قالغان

بولۇپ، ئۆلارمۇ ياشىنىپ قالغاچقا، خاتىرىسىنى يوقـاتقان ياكـى يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئەينـى يىللاردىكى ۋەقەلەر ئـېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن. شۇڭا، كىتابتا چۇشۇپ قالغان، خاتا كەتكەن مەزمۇنلار بولسا يۇقىرىقى ۋەقەلەرنى بىلىدىغان كىتابخانلارنىڭ تولۇقلىشىنى، تـۈزىتىشـىنى ۋە تەكـلىپ ـ پىكىر بېرىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمەن.

2012 ـ يىل 5 ـ ئاي قومۇل.

# مۇندەرىجە


بىغىشلىمىلار ..................................... 1
نەشرىياتتىن ..................................... 1
ئاپتوردىن ..................................... 1


## بىرىنچى بۆلۈم
## 40 ـ پولكنىڭ 3 ـ باتالىيونى قومۇلدا


3 ـ باتالىيون كېلىشتىن ئىلگىرىكى قومۇل ۋەزىيىتى ...... 1
3 ـ باتالىيوننىڭ قومۇلغا كېلىش سەۋەبى ..................... 3
قومۇلدا ئۇچرىشىش ..................................... 5
باركۆلگە يۈرۈش ..................................... 28
قورشاۋدا قالغان ناھىيە بازىرى ..................................... 39
ئاراتۇرۇككە ئاتلىنىش ..................................... 42
40 كۈنلۈك جەڭ ..................................... 48
قوشۇندىكى تەڭشىلىش ..................................... 60
يېڭى ئەسكەرلەر ..................................... 63
قالدۇق باندىتلار ..................................... 68
قومۇلدىن قايتىش ..................................... 77
قومۇلدا ئىززەتلەنگەن ئەر ..................................... 88
قايتا ئۇچراشقان «رەقىبلەر» ..................................... 100
سەپداشلار سۆھبىتى ..................................... 108
قوشۇمچە: كوماندىرلار ئارخىپى ..................................... 110

## ئىككىنچى بۆلۈم
## 3 ـ باتالىيوننىڭ 9 ـ روتىسى تۇرپاندا

9 ـ روتا كېلىشتىن ئىلگىرىكى تۇرپان ۋەزىيىتى ........ 215
9 ـ روتىنىڭ تۇرپانغا كېلىش سەۋەبى ..................... 216
تۇرپاندىكى ئۇچرىشىش ...................................... 220
9 ـ روتىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسى ........................ 221
يوغان تېرەكتىكى جەڭ.......................................223
يېڭى ئەسكەر يېڭى كۈچ ...................................... 225
تۇرپاندىن قايتىش ........................................... 226
قوشۇمچە: كوماندىرلار ئارخىپى ............................. 228

پايدىلانغان ماتېرىياللار ...................................... 266
خاتىمە ........................................................... 268

بىرىنچى بۆلۈم

# 3 - باتالىيون كېلىشتىن ئىلگىركى قومۇل ۋەزىيىتى

قومۇل خەلقى تارىختىن بۇيان ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتنىڭ زۇلمىنى يەتكۈچە تارتقانىدى. «نەدە زۇلۇم بولسا، شۇ يەردە قارشىلىق بولىدۇ» دېگەن يەكۈنمۇ ئاساسسىزلا چىققان ئەمەس. قومۇلدا ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت بىلەن قومۇل ۋاڭلىرىنىڭ چېكىدىن ئاشقان زۇلمىغا قارشى 1907 - يىلىدىكى تۇرپاقلار قوزغىلىڭى، 1912 - يىلىدىكى تۆمۈر خەلىپە (1871 — 1913) رەھبەرلىك قىلغان خەلق قوزغىلىڭى، 1931-يىلى ئەتىيازدا پارتلىغان پۈتۈن شىنجاڭغا زور تەسىر كۆرسەتكەن قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى، 1946 - يىلى 8 - ئايدىكى سېيىت باتۇر بىلەن ئونانباي (قازاق) باتۇرلار رەھبەرلىك قىلغان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۆتۈ- رۈلگەن خەلق قوزغىلىڭى بولۇپ ئۆتكەن. بۇ قوزغىلاڭلاردىن 1946 - يىلى 8 - ئايدىكى خەلق قوزغىلىڭى جۇڭگو دېموكرا- تىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى بولغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى غەلىبە قىلىپ، يېڭىلگەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلۇش مۇناسىۋىتى بىلەن قوزغىلاڭ سۆھبەت ئارقىلىق تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىنغاندىن باشقا قوزغىلاڭلارنىڭ ھەممىسى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت بىلەن قومۇل ۋاڭلىرىنىڭ ئۆز ئارا تىل بىرىكتۈرۈپ ھىيلە-مىكىر ئىشلىتىپ، مىللىي مۇناپىقلارنى

سېتىۋېلىپ سۇيىقەست ئىشلىتىش، چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ قول تىقىشى سەۋەبلىك ئاخىر پاجىئەلىك ھالدا قانلىق باستۇرۇۋېتىلدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى خەلق ئۈستىدىكى زۇلۇم ۋە ئالۋان ـ ياساقنى يېنىكلەتمەكتە يوق تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى، ئۇلار ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى، دېموكراتىيەنى ھىمايە قىلىدىغان كىشىلەرنى نازارەت ئاستىغا ئالدى، بەزىلىرىنى بولسا نەزەربەند قىلدى. شۇنىڭ بىلەن قومۇلدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى ھىمايە قىلىدىغان «ئۈچ ھالقا ياشلار تەشكىلاتى» قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ تەشكىلاتنىڭ ئۈرۈمچى، تۇرپان، قومۇلدا گۇرۇپپىلىرى بار ئىدى (باش رەھبەرلىك ئاپپاراتى ئۈرۈمچىدە ئىدى). قومۇلدا نىياز سوپا (1905 — 1988)، ئەۋەيس ھاجى (1916 — 1998)، ئىمىن نۇرۇللا (1914 — 1997)، ئابلا تۆمۈر (1922 — 2010)، ئىمىن ئوسمان (1928 — 1999) ۋە شۇ ۋاقىتتىكى قومۇل دارىلمۇئەللىمىن ئوقۇغۇچىلىرىدىن ھامۇت خالىق (1977 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى 46 يېشىدا شاڭخەيدە ۋاپات بولغان)، ئىسمائىل ياقۇپ (2006 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى 77 يېشىدا قومۇلدا ۋاپات بولدى)، ھامۇت نامان (1978 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى 47 يېشىدا قومۇل شەھىرىدە ۋاپات بولغان)، مەخمۇت سىدىق (ھازىر خوتەندە پېنسىيەدە)... قاتارلىق ياشلار بۇ تەشكىلاتنىڭ ئەزالىرى ئىدى. ئۇلار كۈرەشنى تاكى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغانغا قەدەر داۋاملاشتۇرۇپ ئازادلىقنى كۈتۈۋالدى.

# 3 ـ باتالىيوننىڭ قومۇلغا كېلىش سەۋەبى

يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىك شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى ۋىلايەت، ناھىيەلىرىدىكى يېڭىدىن قۇرۇلغان خەلق ھاكىمىيەتلىرىنى مۇستەھكەملەش ۋە ھەر قايسى ۋىلايەتلەردە تۇرۇشلۇق خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى قىسىملىرى بىلەن يەرلىك خەلق ئاممىسى ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئويناش مەقسىتىدە 5 ـ كورپۇسنىڭ 13 ـ دىۋىزىيەسىنى[1] قەشقەردە تۇرۇشقا، 14 ـ دىۋىزىيەسىنى[2] شىخودا تۇرۇشقا، 5 ـ كورپۇسقا بىۋاسىتە قاراشلىق مۇستەقىل 1 ـ ئاتلىق پولكىنى[3] ئالتايدا تۇرۇشقا، مۇستەقىل 2 ـ ئاتلىق پولكىنى[4] كۈنەس ئارالتۆپىدە تۇرۇشقا (ئۇزۇن ئۆتمەي شىخو ۋە يەنسىخەيىنى قوغداش ئۈچۈن يۆتكەلگەن)، 13 ـ دىۋىزىيەنىڭ 37 ـ پولكىنى[5] ئاقسۇغا، 38 ـ پولكىنى[6] قەشقەرگە، 39 ـ پولكىنى[7] خوتەنگە، 14 ـ دىۋىز-

---

[1] دىۋىزىيە كوماندىرى مەمتىمىن ئىمىنوف (1915 ــ 1970)، سىياسىي كومىسسارى ماخوگشەن (1918 ــ 2010).

[2] دىۋىزىيە كوماندىرى ئىبراھىمباي ئالىمجانوف (قازاق، 1918 ــ ؟)، سىياسىي كومىسسارى خۇجىلڭ.

[3] پولك كوماندىرى بەدەلقان سۇگۇربايېف (قازاق، 1912 ــ ؟)، سىياسىي كومىسسارى ئايتېكىن ئامانجانوف (قازاق، 1916 ــ ؟).

[4] پولك كوماندىرى سوپاخۇن سۇۋۇروف (1915 ــ 2001)، سىياسىي كومىسسارى نوكىرشوف (قازاق، 1916 ــ ؟).

[5] پولك كوماندىرى ئامانتۇر بايزاكوف (قىرغىز، 1919 ــ 1983)، سىياسىي كومىسسارى مەخمۇتجان سايىتوف (1923 ــ 2012.)

[6] پولك كوماندىرى قۇربان مەمەتوف (1915 ــ 1988)، سىياسىي كومىسسارى قۇربان مامۇتوف.

[7] پولك كوماندىرى ئابدۇرېھىم ساماساق ( 1920 ــ 1997، ئابدۇرېھىم مەمەتوف دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، سىياسىي كومىسسارى توختى ئىمىنوف (1921 ــ ؟).

يەنىڭ 41 ـ پولكىنى[1] چۆچەككە، 42 ـ پولكىنى[2] غۇلجىغا ئەۋەتكەنىدى. يۇقىرىقى پولكلار قاتارىدا ئۇرۇمچىگە كىرىپ ئورۇنلاشقان 14 ـ دىۋىزىيە 40 ـ پولكىنىڭ 3 ـ باتالىيون ئىشتابى ۋە ئۇنىڭ 7 ـ، 8 ـ روتىلىرى قومۇلغا ئەۋەتىلگەنىدى.

[1] پولك كوماندىرى ئەلىكسىنكا مەتۋى (رۇس)، سىياسىي كومىسسارى ئابلىز رەخىموف (1921 ــ 2012).

[2] پولك كوماندىرى رامىزان ئوسمانوف (قازاق، 1922 ــ ؟)، سىياسىي كومىسسارى توختى ئىبراھىموف (1921 ــ 2007).

# قومۇلدا ئۇچرىشىش

1949 - يىل 12 - ئاينىڭ 8 - كۈنى شىخو 1 - پولكى پولك كوماندىرى مەرغۇپ ئىسھاقوف (تاتار، 1923 — 1991) بىلەن سىياسىي كومىسسارى بوۋكەي مۇقايېف (قازاق، 1923 - ) نىڭ قوماندانلىقىدا ئۇرۇمچىگە كىرىپ ئورۇنلاشتى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ 5 - كورپۇسى قىلىپ ئۆزگەرتىپ تەشكىللىنىدۇ. ئۇرۇمچىگە كىرىپ ئورۇنلاشقان شىخو 1 - پولكى 5 - كورپۇس 14 - دىۋىزىيە 40 - پولكى قىلىپ ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەندىن كېيىن، ئىلگىرىكى پولكنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى مۇھەممەتجان يۇسۇپوف پولك كوماندىرلىقىغا، 3 - باتالىيوننىڭ كوماندىرى تەلغەت گىمەدىنوف پولكنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرلىقىغا[①]، بوۋكەي مۇقايېف يەنىلا پولكنىڭ سىياسىي كومىسسارلىقىغا[②]، خېلىل زۇنۇنوف پولك مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلىقىغا[③]، ئەبەيدۇللا مۇقتەروف پولك ئىشتاب باشلىقلىقىغا، هاشىم ئىبراھىموف پولك سىياسىي باشقارمىسىنىڭ مۇدىرلىقىغا[④]، ئابدۇللا شاياخونوف پولك ئارقا سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىنىدۇ. پولك ھەربىي تەييارلىق بۆلۈمىنىڭ باشلىقى مۇھەممەت ئىسمائىلوف 3 - باتالىيوننىڭ كوماندىرلىقىغا تەيىنلىنىپ، قومۇلغا بېرىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالىدۇ.

① كېيىن ئابلىز رەخىموف مۇئاۋىن پولك كوماندىرلىقىغا تەيىنلەنگەن.
② كېيىن دۇڭ شياڭسېن پولك سىياسىي كومىسسارلىقىغا تەيىنلەنگەن.
③ ئىلگىرى پولكلارغا مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار قويۇلمىغان بولۇپ، 1951 - يىلى 8 - ئايدىن باشلاپ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار قويۇلغان.
④ كېيىن لى گېڭيۇ (1924 — 2006) سىياسىي باشقارمىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەنگەن.

3 ـ باتالىيوننىڭ يېڭىدىن تەيىنلەنگەن كوماندىرى مۇھەممەت ئىسمائىلوف 1950 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى پولك رەھبەرلىكىنىڭ 3 ـ باتالىيون 9 ـ روتىنىڭ تۇرپانغا بېرىشى، قالغان 7 ـ ، 8 ـ روتىلارنى ئېلىپ باتالىيون ئىشتابى بىلەن 7 ـ يانۋارغىچە قومۇلغا يېتىپ بېرىش بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالدۇ. 6 ـ يانۋار كەچتە مۇھەممەت ئىسمائىلوف قىسىملارنىڭ سەپەر تەييارلىقى پۈتكەنلىكى توغرۇلۇق پولك رەھبەرلىكىگە دوكلات قىلىش ئۈچۈن، پولك ئىشتابىغا بېرىپ دوكلات قىلىپ بولۇپ قايتىپ چىقىشىغا، شۇ ۋاقىتتىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى بۇرھان شەھىدى مۇھەممەت ئىسمائىلوفنى ئىشخانىسىغا چاقىرتىدۇ. مۇھەممەت ئىسمائىلوف بۇرھان شەھىدىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىشىگە ئۇنىڭغا كىرىشلودا ئولتۇرغان بىر ئادەمنى تونۇشتۇرۇپ: «بۇ كىشى قومۇلنىڭ ۋالىيسى يولۋاس (1888 — 1971) بەگنىڭ ئوغلى ياقۇپبەگ (1913 — 1991) بولىدۇ. سىزلەر قومۇلغا بارغاندىن كېيىن، يەرلىك خەلقلەر بىلەن ئوبدان چىقىشىپ، مۇناسىۋەتنى ياخشىلاپ ئۆتىڭىزلەر. قومۇلدا يولۋاس بەگ بار، ئۇ قومۇلنىڭ ئىشلىرىنى ئوبدان بىلىدۇ. مەن سىزنى ئىشخانامغا چاقىرتىشىمدىكى سەۋەب سىزنى ياقۇپبەگ بىلەن تونۇشتۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن ئىدى» دەيدۇ. بۇرھان شەھىدى يەنە بەزى ئەھۋاللار توغرىسىدا ئۆزىنىڭ قارىشىنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، مۇھەممەت ئىسمائىلوفنىڭ قايتىشىغا رۇخسەت قىلىدۇ ۋە ئۇزىتىپ چىقىۋېتىپ يەنە: «يولۋاس بەگدە خېلى ئەندىشە بار ئوخشايدۇ، سىز قومۇلغا بارغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئوبدانراق خىزمەت ئىشلەپ، ئۇنى خاتىرجەم قىلىڭ» دەپ تاپىلايدۇ.

بىز ئالدى بىلەن 1946 ـ يىل 8 ـ ئايدىكى سىيىت باتۇر، ئونانباي باتۇرلار رەھبەرلىك قىلغان قومۇل كۆشۈتە قوزغىلىڭى توغرۇلۇق ئازراق توختىلىپ ئۆتەيلى:

1946 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى گومىنداڭنىڭ قو-

ۋاقتا تۇرۇشلۇق ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكىنىڭ 2 ـ روتىسىدىكى تۆت ـ بەش ئەسكەر چارلاش ئېلىپ بېرىۋېتىپ نامداۋانغا كېلىپ، شۇ يەردە ئولتۇرۇشلۇق بىر دېھقانىنىڭ ئۆيىگە كىلىپ قوي سويدۇرۇپ يەپ، ئارقىدىن بۇ دېھقانىنىڭ قىزىنى چىمدىقىغا سۆرەپ ئېلىپ چىقىپ نۆۋەتلىشىپ باسقۇنچىلىق قىلىدۇ. بۇنى ئاز دەپ ئەسكەرلەر ئاتلىرىنى دېھقانىنىڭ ئارپا ئېتىزىغا قويۇۋېتىپ، ئېتىزلىقنى ۋەيران قىلىدۇ. بۇ پاجىئەنى ئاڭلىغان قوراي، نېرىن، تۆمۈرتى قاتارلىق جايلاردىكى خەلقنىڭ غەزىپى قايناپ تاشىدۇ. 8 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئوسمان ئىسلامنىڭ 50 — 60 دەك ئادىمى كېچىدە غەربىي تاغ يېزىسىغا بېرىپ، 800 دىن ئارتۇق قوي، 40 ئات، 50 تۆگە، 80 كالىنى بۇلاپ كېتىدۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان تەڭرىتاغ يېزىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئونانباي بەيجىيەن، يېزا باشلىقى سېيىت باتۇر بىلەن ئالاقىلەشىپ، 80 — 90 دەك ئادەمنى يىغىپ، باندىتلارنى قوغلايدۇ. نېرىنكىر تاشيولىغا قايرىلىدىغان جايدىكى ئورمانلىققا كەلگەندە ئۇلار باندىتلارغا يېتىشىۋېلىپ، باندىتلارنى تارمار قىلىپ، مال ـ چارۋىلارنى قايتۇرۇپ قوۋۇقتا كەلگەندە، گومىنداڭنىڭ قوۋۇقتا تۇرۇشلۇق پولكى مال ـ چارۋىلارنى تارتىۋېلىپ، سېيىت باتۇر بىلەن ئونانباي باتۇرغا: «مال ـ چارۋىلارنى ئىگىلىرى ئەتە كېلىپ بىزدىن ئېلىۋالسۇن» دەپ ئۇلارنى قايتۇرۇۋېتىدۇ. گومىنداڭچىلار قوي ـ كالىلارنى ئۆلتۈرۈپ يەپ، ئاتلارنى ھەربىي ئات قىلىۋالىدۇ. مال ـ چارۋىلارنى ئالغىلى بارغان ئىگىلىرى قۇرۇق قول قايتىپ كېلىدۇ، بۇ ۋەقە خەلقنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغايدۇ.

يۇقىرىقى ئىشلارنى ئاز دەپ گومىنداڭچىلار 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ساڭ فامىلىلىك بىر ئىنژۋوت كوماندىرىنى ئونانباي باتۇرنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈشكە ئەۋەتىدۇ، نەتىجىدە ئونانباي باتۇرنى ئۆلتۈرۈشنىڭ ئورنىغا ئۆزى تۇتۇلۇپ قېلىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ.

يۇقىرىقى بىر قاتار ئىشلار يۈز بەرگەندىن كېيىن، سېيىت باتۇر بىلەن ئونانباي باتۇر مەسلىھەتلىشىپ، گومىنداڭچىلارنىڭ

ئەدىپىنى بەرمەكچى بولۇپ، بىرلىكتە كۆشۆتمدىكى گومىنداڭىنىڭ بىر روتىسىغا ھۇجۇم قىلىدۇ ۋە دۇشمەننى كۆپ چىقىمدار قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قوزغىلاڭ باشلىنىپ كېتىدۇ. كېيىن قومۇلدا تۇرۇشلۇق 178 ـ برىگادا مال دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى دۆلەتخان ھەسەنوف برىگادا كوماندىرىنىڭ تەكلىپى بىلەن سىيىت باتۇر، ئۇنانباي باتۇرلار بىلەن سۆھبەت قىلغىلى نىرىنغا چىقىپ، قوزغىلاڭچىلارغا قوشۇلۇپ كېتىدۇ.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان قومۇلدىكى 178 ـ برىگادا قوزغىلاڭنى باستۇرۇشقا تۆت ماشىنا ئەسكەر چىقىرىدۇ. ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان سىيىت باتۇر بىلەن ئۇنانباي باتۇر قوزغىلاڭچى قوشۇننى كۆشۆتە ئېغىزىنىڭ جەنۇبىدىكى زەمبىرەك سۇپىلىرىنىڭ ئەتراپىدىكى ئېقىن ـ جىرالارغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، گومىنداڭنىڭ نۇرغۇن ئەسكىرىنى قىرىپ تاشلايدۇ. قىلىچىنى پۇلاڭلىتىپ، ئەسكەرلىرىنى ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە زورلاۋاتقان دۇشمەن كوماندىرىنى مەرگەن نۇرغالى[①] ئېتىپ ئۆلتۈرىدۇ. گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئۇنىڭ جەسىتىنى ماشىنىغا سېلىپ قومۇلغا قاراپ بەدەر تىكىۋېتىدۇ.

بۇ قوزغىلاڭغا باشقا تاغ خەلقلىرىمۇ ئاۋاز قوشۇپ قاتنىشىدۇ. تاشارنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى تۇتۇن بېگى(بوجاڭ) ئابلا سىيىت[②] تاشاردىن نىرىمان ئاسىم، ئېلىم نىياز، غوجابدۇللا مەمەتنىياز، تالىپ مېھرۇللا، شامەمەت دۇگامەت، سالى سۇبۇرنىياز، يەھيا كۆسۆ، ئەنگارۇل گۇلى[③]، قادىر قۇربان، ئابلىمىت مەتنىياز قا-

[①] نۇرغالى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا زىيانكەشلىككە ئۇچراپ ئۆلۈپ كەتكەن.

[②] ئابلا سىيىت جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ۋە كېيىن ئۇزۇن يىللار مائارىپ سىستېمىسىدا ئوقۇتقۇچى، مەكتەپ مۇدىرى، سابىق قومۇل ناھىيەلىك، كېيىن قومۇل شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ ئىشلەپ پېنسىيەگە چىققان. 2005 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى 83 يېشىدا قومۇلدا ۋاپات بولغان.

[③] ئەنگارۇل گۇلى (ئەنۋەر دەپمۇ ئاتىلىدۇ) 1951 ـ يىل 1 ـ ئايدا 3 ـ باتالىيونغا ئەسكەر بولۇپ، كېيىن بورتالا ئوبلاستىغا قاراشلىق جىڭ ناھىيەسىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان، 2008 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى 89 يېشىدا جىڭ ناھىيەسىدە ۋاپات بولغان.

تارلىق ئون مەرگەننى قوزغىلاڭغا ياردەم بېرىشكە ئەۋەتكەن، ئۇ ۋاقىتتا تاشار قورايغا قارايتتى.

گومىنداڭچىلار ئۆزلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي، 8 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى قوزغىلاڭنى باستۇرۇش ئۈچۈن تاغقا يەنە تۆت ماشىنا ئەسكەرنى چىقىرىدۇ. بۇ ئەسكەرلەر بوققان دېگەن داۋانغا كەلگەندە تەلتۆكۈس يوقىتىلىدۇ. غول ئەتراپى دۈشمەن جەسەتلىرى بىلەن تولۇپ، غولنىڭ سۈيى قانغا بويىلىدۇ، قوزغىلاڭچىلاردىن بىرمۇ ئادەم چىقىم بولمايدۇ. كېيىن يەنە ئۇرۇشقا قاتنىشىش ئۈچۈن تاشاردىن كېلىۋاتقان ئابلا سېيىت، شەھرۇللا ئىمىر بىلەن سوپى قاسىملار قارا قاپچىندىن ئۆتكەندە، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتتىن ئادەم كېلىپتۇ، سېيىت باتۇر بىلەن ئونانباينى قومۇل شەھىرىگە ئېلىپ كېتىپتۇ، دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ، كەينىگە قايتىپ كېتىدۇ.

كۆشۆتە قوزغىلىڭى دەل ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا «11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى» ئىمزالىنىپ، 1946 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغان ۋاقىتقا توغرا كەلگەچكە، ئەگەر قوزغىلاڭ كېڭىيىپ كەتسە، «11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى» نىڭ روھىغا خىلاپ بولغاچقا، قومۇل كۆشۆتە قوزغىلىڭىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش ئۈچۈن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتتىن ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بۇرھان شەھىدى، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى ليۇمىڭچۈن، مۇئاۋىن باش كاتىپى ئابدۇكېرىم ئابباسوف، گومىنداڭنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق قىسىمدىن پولك كوماندىرى زاكىچىن[1] قاتارلىقلار قومۇلغا كېلىپ، سېيىت باتۇر بىلەن ئونانباي باتۇرلارنى قومۇلغا ئېلىپ كېلىپ سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ،

[1] جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن زاكىچىنغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن.

قوزغىلاڭنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىدۇ. ئابلا سېيىت مۇنداق دەپ ئەسلەيدۇ:

«سېيىت باتۇر بىلەن ئونانباي باتۇر قومۇلغا كەلگەندىن كېيىن، مەرگەن نۇرغالى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن ھېلىقى روتا كوماندىرى[1] تاغقا مېڭىش ئالدىدا قومۇلدا تۇرۇشلۇق 178 ـ برىگادانىڭ كوماندىرى موۋۇرو، قومۇل ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى لى لاڭشىڭ ، قومۇل ناھىيەسىنىڭ ھاكىمى چىن شۇيىڭلارغا، مەن ئىككى سائەت ئىچىدە سېيىت بىلەن ئونانباينىڭ بېشىنى ئەكىلىمەن، دەپ قەسەم بېرىپ يولغا چىققانىكەن. ئۇ تاغقا چىقىپ سېيىت باتۇر بىلەن ئونانباي باتۇرنىڭ بېشىنى ئەكېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە مەرگەن نۇرغالىنىڭ ئاتقان ئوقى ئۇنىڭ ئاغزىدىن كىرىپ گەدىنىدىن چىقىپ نەق مەيداندا ئۆلگەن. سېيىت باتۇر بىلەن ئونانباي باتۇر قومۇلغا كەلگەندىن كېيىن، ھېلىقى روتا كوماندىرىنىڭ ئايالى باشلىقلارغا، سېيىت باتۇر بىلەن ئونانباي باتۇرنى بىر كۆرسەم، مېنىڭ يولدىشىمنى ئۆلتۈرگەن قانداق ئادەملەركىن، دەپ ئىلتىماس قىلىدۇ. بۇرھان شەھىدى باشلىق رەھبەرلەر ئايالنىڭ ئىلتىماسىغا قوشۇلۇپ رۇخسەت قىلىدۇ. روتا كوماندىرىنىڭ ئايالى سېيىت باتۇر بىلەن ئونانباي باتۇر بار ئۆيىنىڭ ئىشىكىگە كەلگەندە، بۇرھان شەھىدى بىلەن ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى سېيىت باتۇر بىلەن ئونانباي باتۇر بار ئۆيىنى قوغداشقا مەسئۇل بولۇپ، ئۇلار تەجرىبىلىك مۇھاپىزەتچىلەر بولغاچقا، ئايالنىڭ يېنىنى تەكشۈرۈپ، ئۇنىڭ يېنىدىكى كىچىك تاپانچىنى تېپىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ. ئەسلىدە ئۇنىڭ مەقسىتى سېيىت باتۇر بىلەن ئونانباي باتۇرنى كۆرۈۋېلىش بولماستىن، بەلكى ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ، يولدىشى ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىش ئىدى.

[1] بەزى ماتېرىياللاردا باتالىيون كوماندىرى دېيىلگەن.

قومۇل كۆشۆتە قوزغىلىڭى تىنچ يول بىلەن ھەل بولغاندىن كېيىن، بۇرھان شەھىدى بىلەن ئابدۇكېرىم ئابباسوف سېيىت باتۇر، ئونانباي باتۇر، رازىخان ئىمىن[①]لارنى ئۆگىنىش قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇرۇمچىگە ئېلىپ كېتىدۇ. ئۇلار ئۇرۇمچىگە چىققاندا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى تەرەپىدىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە تەيىنلەنگەن ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ سەممىي قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولىدۇ. قوبۇل قىلىشتا شۇ ۋاقىتتىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى جاڭ جىجۇڭمۇ بىللە بولىدۇ. جاڭ جىجۇڭ سېيىت باتۇر بىلەن ئونانباي باتۇرغا، سىلەر ياخشى ئادەم ئىكەنسىلەر، ئارىدا ئۇقۇشماسلىق بوپتۇ، سىلەر يەنىلا قومۇلغا قايتىپ بېرىپ، ئىلگىرىكى خىزمىتىڭلارنى قىلىڭلار دەيدۇ. سېيىت باتۇر جاڭ جىجۇڭغا، سىلەر ئىلگىرى تۆمۈر خەلپە بىلەن خوجىنىياز ھاجىنى ئالداپ، ئاخىر ئۇلارنىڭ بېشىغا چىقتىڭلار. سىلەرنى كىم بىلمەيدۇ، بۇنداق تاتلىق گەپ - سۆز، ھىيلە - نەيرەڭۋازلىقىڭلارغا ئىشىنىپ ئالدىنىدىغان سېيىت تېخى تۇغۇلمىدى، دەپ جاڭ جىجۇڭنى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. مۇشۇ ئىشتىن كېيىن ئەخمەتجان قاسىمى سېيىت باتۇر، ئونانباي باتۇر، رازىخان ئىمىن ۋە كېيىن ئۇرۇمچىگە چىققان سېيىت باتۇرلارنىڭ ھەمراھلىرىدىن سىدىق ھادى، تاشا، زەينۇللا، قادىر قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇلارنى ئازاد رايون غۇلجىغا ئەۋەتىۋېتىدۇ.

سېيىت باتۇر بىلەن ئونانباي باتۇر باشچىلىقىدىكى قومۇل پارتىزانلىرى غۇلجىغا بارغاندا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بىلەن مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق ئىشتابى رەھبەرلىرىنىڭ سەممىي قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولىدۇ، ئۇلار قومۇل كۆشۆتە قوزغىلىڭىنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ

[①] رازىخان ئىمىن سېيىت باتۇرنىڭ ئايالى (1914 — 1959).

تەركىبىي قىسمى، دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ ۋە قومۇل كۆشۆتە قوزغىلىڭىغا يۇقىرى باھا بېرىدۇ. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق ئىشتابى رەھبەرلىكى قومۇل خەلقى ئارىسىدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى تەشۋىق قىلىپ، خەلقنى گومىنداڭغا قارشى كۈرەش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، سېيىت باتۇرغا پولكوۋنىك، ئونانباي باتۇرغا پودپولكوۋنىك، رازىخان ئىمىن، سىدىق ھادى، تاشا، زەينۇللا، مېرۇلبەگ[1]، ئابدۇرېھىم خوجامنىياز، قابدۇرېشىت[2] قاتارلىق كىشىلەرگە مايورلۇق ھەربىي ئۇنۋانىنى بېرىپ، رەسىمگە چۈشۈرۈپ، مەخسۇس بىر ئادەمدىن قومۇلغا ئەۋەتكەن، رەسىمنى ئېلىپ ماڭغان كىشى ئۈرۈمچىگە كەلگەندە، گومىنداڭچىلار ئۇنى تۇتۇۋېلىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. بۇ پەقەت تەشۋىقات ئۈچۈنلا بېرىلگەن ئۇنۋانلار بولۇپ، ئەمەلىيەتتە بولسا سېيىت باتۇرغا كاپىتان، ئونانباي باتۇرغا پورۇچىك، رازىخانغا پودپورۇچىك ئۇنۋانى بەرگەن، قالغان كىشىلەرگە ئۇنۋان بېرىلمەگەن. بۇ ئىشلار توغرۇلۇق پولكوۋنىك سوپاخۇن سۇۋۇروف مۇنداق دەيدۇ: سېيىت باتۇر، ئونانباي باتۇرلار شىنجاڭ ئازاد بولغانغا قەدەر ئۈچ ۋىلايەت ئازاد رايونىدا ئېكسكۇرسىيە، تەكشۈرۈش ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولدى، مەنمۇ ئۇلارنى كۆپ قېتىم ئۆيۈمگە چاقىرىپ سۆھبەتتە بولغانىدىم.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىكنىڭ پارتىزانلارنى يۇرتىغا قايتۇرۇش كې-

[1] مېرۇلبەگ قومۇل شەھىرى ئىچى يېزىسىدىن بولۇپ، سودا ئىشى بىلەن خوتەنگە بېرىپ، قايتىپ ئاقسۇغا كەلگەندە، پولكوۋنىك سوپاخۇن سۇۋۇروق قوماندانلىقىدىكى مىللىي ئارمىيەنىڭ جەنۇبىي يۆنىلىش قىسىملىرى ئاقسۇغا چۈشكەندە، مېرۇلبەگ مىللىي ئارمىيە سېپىگە قوشۇلغان، كېيىن سوپاخۇنلار بىلەن بىللە غۇلجىغا چىقىپ، شۇ يەردە تۇرۇپ قالغان، كېيىن غۇلجىدا ۋاپات بولغان.

[2] ئابدۇرېھىم خوجامنىياز بىلەن قابدۇرېشىت كۆشۆتە قوزغىلىڭىغا قاتناشمىغان، قومۇلدىن بىۋاستە غۇلجىغا چىقىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان.

رەك دېگەن يولىيورۇقىغا ئاساسەن، سېيىت باتۇر، ئونانباي باتۇر باشچىلىقىدىكى قومۇل پارتىزانلىرى غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگە كې-لىدۇ ۋە ئۈرۈمچىدىكى 40 - پولكنىڭ قومۇلغا مېڭىش ئالدىدا تۇرغان 3 - باتالىيونى بىلەن بىرگە قومۇلغا قايتماقچى بولى-دۇ. سېيىت باتۇر ئۈرۈمچىدە رەھبەرلىككە، مىللىي ئارمىيە ئىچىدىكى قومۇللۇق كوماندىر - جەڭچىلەر 3 - باتالىيونغا سەپلەپ بېرىلسە، چۈنكى ئۇلار قومۇلنىڭ ئەھۋالىنى، يەر شارا-ئىتىنى ياخشى بىلىدۇ، قومۇلنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرلۇك خىزمەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشقا پايدىسى بار، دېگەن تەكلىپنى بېرىدۇ. رەھبەرلىك سېيىت باتۇرنىڭ تەكلىپىنى ئورۇنلۇق دەپ ھېسابلاپ، غۇلجا ھەرەمباغ پولكىدىكى ھاجى سالى نىياز، غۇلجا ئازاد نىشانلىق 2 - پولك 3 - باتالىيون 7 - روتىدىكى زاھىر باقى، غۇلجا زاپاس پولكىدىكى يەھىيا ئىمىن قاتارلىق قومۇللۇق ئوفىتسېرلارنى ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كېلىپ 3 - باتالىيونغا سەپ-لەپ بېرىدۇ. ئابدۇرېھىم خوجامنىياز 1950 - يىلى 12 - ئايدا قومۇلغا يۆتكىلىپ بېرىپ، 3 - باتالىيون 8 - روتىنىڭ كومان-دىرلىقىغا تەيىنلىنىدۇ.

ئەخمەت تۇردىيېۋ ئىلگىرى 40 - پولك 2 - باتالىيون 5 - روتىنىڭ كوماندىرى ئىدى. رەھبەرلىكنىڭ دەسلەپكى پىلانىدا ئۇنى ئۆز روتىسى بىلەن تۇرپانغا ئەۋەتمەكچى ئىدى، 3 - باتا-لىيونغا يېڭىدىن تەيىنلەنگەن كوماندىرى مۇھەممەت ئىسمائىلوف پولك رەھبەرلىكىگە، ئەخمەت تۇردىيېفنى 7 - روتىنىڭ كومان-دىرلىقىغا تەيىنلەپ قومۇلغا ئەۋەتىلسە، چۈنكى ئۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى باشلىنىپ تاكى ھازىرغا قەدەر ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىدە بولۇپ، نۇرغۇنلىغان جەڭلەرنى باشتىن كەچۈردى، ئۇ مول ئۇرۇش تەجرىبىسىگە ئىگە كوماندىر. ئاڭلىساق قومۇلنىڭ باندىتلىرى بەك مەرگەن ئىكەن، بىزگە ئەخمەت تۇردىيېفقا ئوخشاش تەجرىبىلىك، قابىلىيەتلىك كوماندىرلار بولمىسا بولمايدۇ، دەپ پولك رەھبەرلىكىگە تەلەپ قويغان. پولك

رەھبەرلىكى ئۇنىڭ تەلىپىنى مۇۋاپىق كۆرۈپ، ئەخمەت تۇردىـ
يېفنى 7 ـ روتىنىڭ كوماندىرلىقىغا تەيىنلەپ، قومۇلغا ئەۋەتـ
كەندى.

يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، 1950 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 7 ـ
كۈنى پولك رەھبەرلىرىنىڭ ئۇزىتىپ قويۇشى، پولك ھەربىي
تەييارلىق بۆلۈمىنىڭ باشلىقى مۇھەممەتجان تېيىپوفنىڭ باشـ
چىلىقىدا 3 ـ باتالىيون ئىشتابى ۋە ئۇنىڭ 7 ـ ، 8 ـ روتىـ
لىرى سائەت ئالتىدە ئۈرۈمچى ئايرودرومىغا قاراپ مېڭىپ،
سائەت سەككىز بىلەن ھەربىر ئايروپىلانغا 15 كىشى ۋە ئوق ـ
دورا قاتارلىق يۈك ـ تاقلارنى بېسىپ، جەمئىي 21 ئايروپىلان
بىلەن قومۇلغا قاراپ ئۇچىدۇ[1]. ئايروپىلان سابىق سوۋېت ئىتتـ
ىپاقىنىڭ كونا ئايروپىلانلىرى بولۇپ، بىردەم ئېگىز ئۇچسا،
بىر دەم پەسلەپ، ئادەمنىڭ ئىچىنى ئېلىشتۇرەتتى. شۇڭا ئايروـ
پىلانغا ئولتۇرغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە بىردىن رېزىنكە
چېلەك تارقىتىپ بېرىلەتتى، كۆڭلى ئېلىشىپ قۇسىدىغان
كىشىلەر چېلەكنى بويىنىغا ئېسىۋېلىپ چېلەككە قۇساتتى. ئايـ
روپىلان خادىملىرى پۇتۇنلەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خادىملىرى
بولۇپ، 3 ـ باتالىيوندىكى كوماندىر ـ جەڭچىلەرنىڭ ھېچقايـ
سىسىنىڭ بويىنىغا چېلەك ئاسمىغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بوـ
لۇپ: «سىلەرنىڭ ئىچىڭلار ئېلىشمىدىمۇ، ھېچقايسىڭلار بويـ
نۇڭلارغا چېلەك ئاسماپسىلەرغۇ، سىلەر ئىلگىرى ئايروپىلانغا
ئولتۇرغانمۇ؟» دەپ سورايدۇ. 3 ـ باتالىيوندىكى كوماندىر ـ
جەڭچىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك غۇلجا بالىلىرى بولغاچقا
رۇسچىنى بىلەتتى، ئودلىنىيە كوماندىرى ماموت ئابدۇروسولوف
ئۇچقۇچىغا رۇس تىلى بىلەن: بىز ئىلەڭگۈچتە ئۇچقان، سىنىڭ
مۇنداق كۆتەك هارۋاڭغا ئولتۇرۇپ باقمىغان، دەپ ھەممىسىنى
كۈلدۈرۈۋېتىدۇ. رۇس ئۇچقۇچى بۇ گەپلەرنى چۈشىنىپ يانپىـ

[1] مىللىي ئارمىيەدە بىر پولكتا ئۈچ باتالىيون، بىر باتالىيوندا ئۈچ روتا، بىر
روتىدا تۆت ئىزۋوت، بىر ئىزۋوتتا تۆت ئودلىنىيە، بىر ئودلىنىيەدە 11 جەڭچى بار
ئىدى.

شىغا ئۇرۇپ كۆلۈپ كېتىدۇ. ئۇچقۇچى: مەن تالاي ئەسكەرلەرنى تونۇشۇدۇم، لېكىن سىلەردەك جەڭگىۋار ئەسكەرلەرنى كۆرمىدىم، دەيدۇ. ئۇلار رۇس ئۇچقۇچى بىلەن دوست بولۇپ قالىدۇ. ماناس، يەنىسخەي بويلىرىدىكى زەي پۇراپ تۇرىدىغان ئاكوپلاردا تۆت يىلدىن ئارتۇق يېتىپ زېرىككەن بۇ كوماندىر - جەڭچىلەر قومۇلنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش بىلەن قومۇل تاغلىرىدىكى گومىنداڭنىڭ ھەقىقەتكە قايتىشقا قارشى جاھىل كۈچلىرى بىلەن قوراللىق باندىتلارنى تازىلاش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئەمدى زېرىكىشتىن قۇتۇلدۇق، دەپ ئۆزلىرىنىڭ ئويۇن - چاقچىقى بىلەن قومۇلغا قاراپ ئۇچۇۋاتقاندى. ئايروپىلان سائەت 11 لەردە قومۇل ھاۋا بوشلۇقىغا يېتىپ كېلىپ، قومۇل كونا ئايرودۇرۇمىغا قوندى. 3 - باتالىيوننى خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى 6 - كورپۇسىنىڭ قومۇلدا تۇرۇشلۇق 16 - دىۋىزىيەسىنىڭ كوماندىرى ۋۇ زۇڭشيەن(1916 — 1994)، مۇئاۋىن كوماندىرى لو شاۋۋېي (1918 — 1950)، سىياسىي كومىسسارى گوۋەن شېڭجى(1916 — 2011) ۋە قومۇلنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ۋالىيسى يولۋاس، 16 - دىۋىزىيەنىڭ باركۆلدە تۇرۇشلۇق 46 - پولكىنىڭ كوماندىرى رېن شۇتيەن (1921 — 1999)، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدىن قومۇلغا ئەۋەتىلگەن مەخسۇت ئەپەندى، قومۇل ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت - مائارىپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئابدۇرېھىم ئابلايېف (1919 — 1962) قاتارلىق رەھبەرلەر قارشى ئالىدۇ. 16 - دىۋىزىيە رەھبەرلىرى 3 - باتالىيوننىڭ تىنچ - ئامان يېتىپ كەلگەنلىكى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلاپ 3 - باتالىيون رەھبەرلىرى بىلەن بىر - بىرلەپ كۆرۈشۈپ ھال - ئەھۋال سورايدۇ، ئاندىن كېيىن 3 - باتالىيون سەپ تارتىپ مېڭىپ، ماشىنىلىق شەھەر ئىچىگە ئورۇنلىشىدۇ.

3 - باتالىيون ئىشتابى بىلەن 8 - روتا «جىنەنتاڭ»[1] دەپ

---

[1] «جىنەنتاڭ»نى قومۇل خەلقى زۇلۇمتاڭ دەپ ئاتايتتى.

ئاتىلىدىغان ئىككى قەۋەتلىك بىناغا ئورۇنلىشىدۇ[1]. 7 - روتا قومۇل كونا شەھەردىكى قومۇل ناھىيەلىك 2 - باشلانغۇچ مەكتەپ[2]كە ئورۇنلىشىدۇ. يولۋاس 3 - باتالىيوننى قارشى ئېلىش يىغىنى ئېچىپ، ئۇزۇن نۇتۇق سۆزلەپ، 3 - باتالىيوننى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

قومۇل خەلقى خەلقىنىڭ پەرزەنت قىسمى 3 - باتالىيوننى تۈرلۈك پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈپ قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ. قومۇلنىڭ ئاتاقلىق ئەلنەغمىچىلىرىدىن ئاخۇنبەگ (1901 — 1988)، ئاقپاشا (1915 — 1989)، نەمەت بوسۇق (1917 — 1985)، ئالتۇنخان قاتارلىقلار بىرقانچە قېتىم قومۇل مۇقاملىرىنى ئېيتىپ، مەشرەپ سېلىپ، 3 - باتالىيوننى قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ.

3 - باتالىيون قومۇلغا كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، 40 - پولكنىڭ كوماندىرى مۇھەممەتجان يۈسۈپوفمۇ قومۇلغا كېلىپ قىسقا ۋاقىت تۇرۇپ، خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ ۋە يېتەكچىلىك قىلىپ قايتىدۇ. شۇ ۋاقىتتا قومۇلدىكى خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ 16 - دىۋىزىيەسى چوڭ گازارما (دايىڭفاڭ)غا ئورۇنلاشقان بولۇپ، 3 - باتالىيون يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك قومۇل شەھەر ئىچىگە ئورۇنلىشىپ، شەھەر مۇداپىئەسىگە مەسئۇل بولغانىدى. ئۇلار قومۇل خەلقى بىلەن قويۇق دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ، خەلق بىلەن بىر تۇغقان كىشىلەردەك بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇلار تۈرلۈك پائالىيەتلەرنى، جۈملىدىن تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ھەرقايسى مەكتەپلەرگە بېرىپ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار بىلەن تۈرلۈك

---

[1] بۇ جاي ئىلگىرى قومۇل شەھەرلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى تۇرغان جاي ئىدى، ھازىر بۇ جايىنى گەنسۇلۇق بىر خوجايىن سېتىۋالغان.

[2] قومۇل ناھىيەلىك 2 - باشلانغۇچ مەكتەپ، 1977 - يىلى قومۇل شەھىرى قۇرۇلغاندا، قومۇل شەھەرلىك 2 - باشلانغۇچ مەكتەپكە ئۆزگەرتىلگەن، 2003 - يىلى 9 - ئايدا قومۇل شەھەرلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، قومۇل شەھەرلىك «لۇنىڭ ئۈمىد مەكتىپى» گە ئۆزگەرتىلگەن.

تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىنى ئۆتكۈزۈپ، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇ-
غۇچىلار بىلەن دوستلۇق ئورناتقانىدى. يەنە قومۇل دارىلمۇئەل-
لىمىن رەھبەرلىرىنىڭ تەكلىپ قىلىشى بىلەن 3 ـ باتالى-
يوننىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى ئەزىزى ئەلنىئەكبەروف قومۇل
دارىلمۇئەللىمىندىكى ئوقۇغۇچىلارغا ھەربىي بىلىملەردىن دەرس
ئۆتكەنىدى.

3 ـ باتالىيون كۆندە كوچىغا چىقىپ ھەربىي مەشىق قى-
لىپ، ناخشا ئېيتىپ، ئۆزلىرىنىڭ بىر جەڭگىۋار قوشۇن ئى-
كەنلىكىنى نامايان قىلاتتى. ئۇلار ھەركۈنى تۆۋەندىكى ناخشىلار-
نى ئېيتاتتى ۋە ئوقۇغۇچىلارغا ئۆگىتەتتى:

ئىلى كۆرە سېپىلى،
ئەترەتلەرگە يول بولدى.
ئالتە ئوغرى دەپ كۆزگە ئىلماي،
گومىنداڭلار گۇم بولدى.

بىز بارارمىز ئەينى يەرگە،
ئۇرۇش بولغان جايلارغا.
ئامان بولساق قايتارمىز،
تۇغۇلۇپ ئۆسكەن جايلارغا.

ئەسكەر بولغان باشىمىز،
كۆرەشكە تەييار ياشىمىز.
قاناتلىق قۇش يەتمەس يەرگە،
يېتەر بىزنىڭ باشىمىز.

ئاق قالپاقىم باشىمدا،
كوماندىرىم قاشىمدا.
ۋەتەن ئۈچۈن خىزمەت قىلدىم،
يىگىرمە بەش ياشىمدا.

سولدات كىيگەن سار ئۆتۈك،
قونچالىرى تار ئۆتۈك.
بىز سولداتقا ماڭغاندا،
ئاتا ـ ئانا قالدى زار ئىتىپ.

تۇغۇلدۇم، ئۆستۇم، كۆز ئاچتىم بۇگۇن،
قولۇمدا قورال قىلىمەن چىكىپ.

ئانا ۋەتەننىڭ ياش قەھرىمانلىرى،
قۇدرەتلىك، كۈچلۈك خەلق ئارمىيە.
باراۋەرلىك يولىدا كۆپلەپ قان تۆكتۇق،
شۇڭلاشقا يېڭىلمەس نامغا ئىگە.

ئاناجان يادىمدا بار تىنماي ئازاب چەككەنلەرىڭ،
كىچىلەردە ئۇخلىماي ئاق سۇت بىرىپ باققانلارىڭ.
چۇنكى دۇشمەن بىلەن مەيداندا جەڭ قىلغانىدىم،
كۆپلىگەننى ئۆلتۇرۇپ كۆكرەككە ئوق يىگەنىدىم.
جان چىقار ۋاقىت بىلەن شۇ بۇ خەتنى يازدىم ئانا،
شۇ خەت بارغان زامان پەرياد ئۇرۇپ يىغلا ئانا،
رازى بولغىن ئاناجان ئەمدى كۆرەلمەيسەن مىنى.

پىلىموت، مىناميوت،
قولىمىزدا ئاپتومات.
بىزنىڭ ياشلار بىر سەپتە،
تىقىمىمىزدا ئات ئوينىتىپ.
بەلدە قىلىچ جاراڭلاپ،
بارىمىز ئالغا ئايلىنىپ.

سالام رەھبىرىمىز ئەخمەتجان،
ئالىي باش قوماندانىمىز ئىسھاقبەگ.
چىنىقتۇق پولاتتەك ئۆز قولىڭىزدا،
ئەگەر بۇيرۇق بولسا بىز تەييار.

دۈشمەن سوزسا قولىنى،
يانچىپ تاشلايمىز بىز ئۇنى.

دانا رەھبەر ئەخمەتجان،
ئىزىڭىزدا بىز ھەرقاچان.
سىز بىزلەرنى يېتەكلەش ئۈچۈن،
ئالغا باسقان قەھرىمان.
سەن ئۆلدۈڭ روھىڭ تىرىك،
قەلبىمىزدە ياشايسەن.
...
تەييار بىز خەلقىمىز تىلەكلىرىگە،
كۈچ ـ قۇۋۋەت بېرىدۇ بىلەكلەرگە.

فەن چېڭچۇ[1] يازغان «جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى 6 ـ كورپۇس 16 ـ دىۋىزىيەسى سەنئەت ئەترىتىنىڭ شىنجاڭغا كىرگەنلىكى توغرىسىدا ئەسلىمە» ناملىق ماقالىنىڭ «مىللىي ئارمىيە، چوڭ گازارما» دېگەن قىسمىدا، 3 ـ باتالىيوننىڭ قومۇلدىكى پائالىيەتلىرى توغرۇلۇق تۆۋەندىكىدەك مەلۇمات بېرىلگەن:

«بىز چوڭ گازارمىغا كۆچۈپ، بۇ يەرنى مىللىي ئارمىيەگە بېرىدىغان بولدۇق، مىللىي ئارمىيە كەلدى، بۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى قوشۇنىنىڭ جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىگە

[1] فەن چېڭچۇ ج ك پ قومۇل ۋىلايەتلىك كومىتېتى پارتىيە مەكتىپىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ، ھازىر بېيجىڭدا دەم ئېلىشتا.

ئۆزگەرتىلگەن 5 ـ كورپۇس 14 ـ دىۋىزىيە 40 ـ پولكنىڭ 3 ـ باتالىيونى ئىدى. بۇ باتالىيوننىڭ كوماندىرى ئىسمائىلوف بولۇپ، پاكار بويلۇق ئادەم ئىدى. گەلەپى شىم، پۇتىغا ئۆتۈك كىيگەن، بوينىغا قىلىچ ئاسقان، بېلىگە ئوقدانلىق بەلباغ باغلىغان، مۈرىسىگە پاگون، مەيدىسىگە مېدال تاقىغان، بېشىغا قاسقان شەپكە كىيگەن ئىسمائىلوف بەك ھەيۋەت كۆرۈنەتتى. 40 ـ پولكنىڭ كوماندىرى يۇسۇپوفمۇ كەلگەنىدى، ئۇ پىكاپلىق كەلگەن بولۇپ، سېمىزلىكتىن پىكاپىنىڭ كەينى ئورۇندۇقىغا لىق كەلگەنىدى.

جۇڭشەن زالىغا بىر روتىغا يېقىن ئادەم ئورۇنلاشتى. جەڭچىلەرنىڭ ھەممىسى سوۋېت پاسونىدىكى شىرىق پاختىلىق ھەربىي كىيىم، بېشىغا تۇماق، پۇتىغا پىيما كىيگەنىدى. قوراللىرىمۇ خىل بولۇپ، مىلتىق، ئاپتومات، تەخسىلىك پىلىموتلار بار ئىدى. 3 ـ باتالىيونغا ئات سەپلەپ بېرىلگەنىدى، بۇ ئاتلار جۇڭشەن زالىنىڭ كەينىدىكى ئېغىلدا بېقىلاتتى. ئۇلار ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇپ، سىرتقا مەشىققە چىقاتتى ۋە توپ ـ توپ بولۇپ كوچىلاردىن ئۆتەتتى. ھەربىي شەپكىلىرىنى سەل ـ پەل يانتۇ كىيگەن ھالدا ئاككوردىيون چېلىپ، ھەربىي مارش ئېيتىپ، ھەيۋەت بىلەن ماڭاتتى. بۇ ھال كوچىدىكى ئاممىنى ئۆزىگە تېز جەلپ قىلىۋالاتتى». بۇ باياندىن 3 ـ باتالىيوننىڭ ناھايىتى جەڭگىۋار قوشۇن ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

3 ـ باتالىيون قومۇل شەھەر ئىچىدە تۇرغاندا، پارتىيەنىڭ مىللىي سىياسىتىنى توغرا ئىجرا قىلىش بىلەن بىرگە، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسىنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، خىزمەتتە يولۇققان مىللىي مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا، توغرا بىر تەرەپ قىلغانىدى. بىر كۈنى ئىككى نەپەر ئۇيغۇر بوۋاي 7 ـ روتا ئىشتابىغا كېلىپ، رەھبەرلىك بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. روتا كوماندىرى ئەخمەت تۇردىيېف بۇ ئىككى بوۋاي بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن

كېيىن، ئۇلارنى ئىشخانىسىغا باشلاپ كىرىدۇ. بوۋايلار:

— سىلەر قانداق مىللىي ئارمىيە، ھەر جۇمە كۈنى ھەممىڭلار جۇمە نامىزىغا بارىسىلەر، سىلەرنىڭ ئەسكەرلىرىڭلار يەنە خەنزۇ ئاشخانىسىنىڭ تامىقىنى يەيدىكەنغۇ، — دەپ ئەھۋال ئىنكاس قىلىدۇ. ئەخمەت تۇردىيېف سۇرۇشتۇرۇش ئارقىلىق ئىككى موڭغۇل ئەسكەرنىڭ بازارغا چىقىپ خەنزۇ ئاشخانىسىدا تاماق يېگەنلىكىنى ئېنىقلايدۇ ۋە بوۋايلارغا چۈشەنچە بېرىپ:

— كەچۈرۈڭلار، ئوتتۇرىدا ئۇقۇشماسلىق يۈز بېرىپتۇ، بۇ ئىككى نەپەر جەڭچى موڭغۇل، موڭغۇللار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. بىزنىڭ مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىدا مۇسۇلمان مىللەتلەردىن باشقا موڭغۇل، شىبە، داغۇر، رۇس قاتارلىق ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغان مىللەتلەرمۇ بار. ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسىنىڭ ئۆز ئالدىغا مىللىي سىياسىتى بار، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىدۇ، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسى ھەر مىللەتتىن تەركىب تاپقانلىقى ئۈچۈن مىللىي ئارمىيە دەيدۇ، دەپ بوۋايلارغا چۈشەنچە بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بوۋايلار ئەخمەت تۇردىيېف بىلەن خوشلىشىپ قايتىپ كېتىدۇ. غۇلجىدىكى موڭغۇللار ئۇيغۇر - چىنى راۋان سۆزلىيەلىگەچكە، ئۇنىڭ ئۈستىگە جەڭچىلەرنىڭ كىيىملىرى ئوخشاش بولغاچقا، يۇقىرىقى ئىككى نەپەر موڭغۇل جەڭچىنىڭ خەنزۇ ئاشخانىسىدا ئۆز ئارا ئۇيغۇرچە پاراڭلىشىپ تاماق يەۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بوۋايلار بۇ ئىشتىن ئەجەبلىنىپ تۇرۇپلا قالغانىكەن.

7 - روتا مەكتەپ قورۇسىدا تۇرغاچقا، كوماندىر - جەڭچىلەر مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار بىلەن خۇددى ئاكا - ئۇكىلاردەك يېقىن بولۇپ كەتكەن، بولۇپمۇ 7 - روتىنىڭ كوماندىرى ئەخمەت تۇردىيېف ئۆزىنىڭ ئېسىل ئەخلاق - پەزىلىتى، چىقىشقاقلىقى، راستچىل، سەممىيلىكى بىلەن مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى پاتەمخان توختى ۋە ئۇنىڭ 1 - باشلانغۇچ مەك-

تەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىغان يولدىشى ئابدۇۋەلى سىدىقلار بىلەن خۇددى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك يېقىن دوست بولۇپ كېتىدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئەخمەت تۇردىيېفنىڭ يېشى 24 تىن ئاشقان بولۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى باشلىنىش بىلەنلا خەلقنىڭ ئازادلىقى، ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ، ئۇدا ئالدىنقى سەپتە بولۇپ، ئۆزىنىڭ تۇرمۇش ئىشىنى ئويلاشقا ۋاقىت چىقىرالمىغانىدى. ئاشۇ دەۋرگە نىسبەتەن يىگىتلەرنىڭ يېشى 24 تىن ئاشقۇچە ئۆيلەنمەسلىك توي قىلىش يېشى ئۆتۈپ كەتكەنلىك بولۇپ ھېسابلىناتتى. ئەخمەت تۇردىيېف قومۇلغا كەلگەندىن كېيىن، ئابدۇۋەلى سىدىق بىلەن پاتەمخان توختىلارنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق باتالىيون كوماندىرى مۇھەممەت ئىسمائىلوفنىڭ ئەلچى بولۇشى بىلەن قومۇلدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان نىغمەتۇللا ئەپەندىنىڭ قىزى بۇۋىھەجەرنى[1] ئەخمەت تۇردىيېفقا تونۇشتۇرۇپ، ئۇنى ئۆي ـ ئوچاقلىق قىلىپ قويىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا قومۇلنىڭ ۋەزىيىتى جىددىي بولغاچقا، توي بولغان كۈنى ۋە كېچىسى ئەتراپقا پوستلار قويۇلغانىدى، لېكىن توي ئۆز تەرتىپى بىلەن داۋاملىشىۋېرىدۇ. بۇ ھەقتە ئەخمەت تۇردىيېف ئاكا مۇنداق ئەسلەيدۇ:

«قومۇل ياشلىرى، سازەندىلىرى توينى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈۋەتتى، ‹توي دېسە قۇرۇق كاللا دومىلايتۇ› دېگەندەك، ئاجايىپ قىزىپ كەتتى.

ھاي ـ ھاي ئۆلەن ھاي ئۆلەن،
ئىنز كېلىدۇ يار سەنەم.
قىزىل تونغا پۈركىنىپ،
قىز كېلىدۇ يار سەنەم.

---

[1] بۇۋىھەجەر نىغمەتۇللا 1971 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى 35 يېشىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن توققۇزتارا ناھىيەسىدە ۋاپات بولغان.

پۇركەنمە قىز پۇركەنمە،
كىم كۆرىدۇ؟
قارا ساچنى سەن تاراپ،
كىم كۆيىدۇ؟

قىزىل ـ قىزىل پىيازنىڭ،
پوستى تولا يار سەنەم.
ئۆيلەنمىگەن يىگىتنىڭ،
دوستى تولا يار سەنەم.

ئاپئاق ـ ئاپئاق توشقانلار،
سايدا بولۇر يار سەنەم.
ئۆيلەنمىگەن يىگىتلەر،
تويدا تولا يار سەنەم.

دېگەنىدەك توي ناخشىلىرىغا تەڭكەش قىلىغان ھەرخىل ساز ـ چالغۇلارنىڭ ياڭراق ئاۋازى، ئۇششاق بالىلارنىڭ چۇرقىراشقان زىل، ئىنچىكە ئاۋازلىرى قومۇل شەھىرىنى چاڭ كەلتۈرۈۋەتتى».

ئابدۇۋەلى سىدىق بىلەن پاتەمخان توختىلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆيىدىن بىر ئېغىزنى بوشىتىپ، ئەخمەت تۇردىيېفقا ھۇجرا ئۆي قىلىپ بېرىدۇ. بۇ ھال كوماندىر ـ جەڭچىلەرنىڭ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش روھىنى يۇقىرى كۆتۈردى، ئىرادىسىنى تېخىمۇ چىڭىتتى. كوماندىر ـ جەڭچىلەر ئارىسىدا قومۇل خەلقى نېمىدېگەن ئېسىل! خەلق ئارمىيەسىنى ئۆز پەرزەنتىدەك كۆرىدىكەن، بىزنى ياقا يۇرتتىن كەلدى دېمەي ئۆز قىزلىرىنى توي قىلىپ بەردى، قومۇل خەلقى ئالىيجاناب خىسلەتكە ئىگە ئىكەن. بىز خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلساق، خەلق بىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىكەن، دېگەنگە ئوخشاش ئىنكاسلار بولدى. ئەخمەت تۇردىيېف ئاكا مۇنداق دەيدۇ: «باندىتلارنى تازىلاشتا

قولىغا كەلگەن غەلىبىنى قوموۇل خەلقىنىڭ ئارمىيەنى ئۆز پەرزەنتلىرىدەك كۆرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى دەپ قاراش كېرەك. قوموۇل دىيارىدا ئاتاقلىق يازغۇچى، شائىر ۋە ئەلنەغمىچىلەر بارلىققا كەلگەن، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىگە، نەغمىلىرىگە قارىساق، مۇھەببەت بىلەن نەپرەتنىڭ ناھايىتى روشەن ئىپادىلىنىشى قوموۇل خەلقىنىڭ مىجەز ـ خۇلقى، پىسخىك خاراكتېرىگە سىڭىپ كەتكەن. تارىختا بىر قانچە قېتىم ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتكە، قوموۇل ۋاڭلىق تۈزۈمىنىڭ زۇلمىغا قارشى قوزغىلاڭلار بولغان، بۇ قوزغىلاڭلارنى ئەكسىيەتچىلەر قورال كۈچىگە تايىنىپ باستۇرالمىغان. ئاق كۆڭۈل، توغرا نىيەتلىك قوموۇل خەلقى ئالدامچىلىقنىڭ تورىغا چۈشۈپ قېلىپ يېڭىلىشلار بولغان».

ئەمدى قوموۇلنىڭ ۋەزىيىتىگە كەلسەك، قوموۇلدا كومپارتىيەگە قارشى، تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشقا قارشى گومىنداڭنىڭ جاھىل كۈچلىرى ۋە قوراللىق باندىتلار تېخى تازىلىنىپ بولمىغانىدى، شۇڭا ۋەزىيەت جىددىي ئىدى. بىر كۈنى قوموۇلدا تۇرۇشلۇق خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى 16 ـ دىۋىزىيەسىنىڭ سىياسىي كومىسسارى گۇەن شىڭجى مۇھەممەت ئىسمائىلوفنى ئىشخانىسىغا چاقىرتىپ:

— سىلەر يەرلىك ئەھۋاللاردىن ئوبدان خەۋەر ئالالايسىلەر، كەڭ خەلق ئاممىسىغا تەشۋىقات خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەڭلەر، مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق قوموۇلنىڭ ۋەزىيىتىنى ئوڭشاڭلار، يولۋاسقا ئوبدان خىزمەت ئىشلەپ، ئۇنىڭ ئەندىشىسىنى تۈگىتىڭلار، — دەپ يولىيورۇق بېرىدۇ.

مۇھەممەت ئىسمائىلوف شۇنىڭدىن كېيىن يولۋاس بىلەن بىر قانچە قېتىم سۆھبەتلىشىدۇ، ئۇنىڭغا پارتىيەنىڭ سىياسەتلىرىنى چۈشەندۈرىدۇ، پارتىيەنىڭ ئۇنىڭغا ئىشىنىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭمۇ پارتىيەگە ئىشىنىشى لازىملىقىنى، ئەندىشە قىلماسلىقىنى ئېيتىپ، ياخشى خىزمەت ئىشلىشى لازىملىقى توغرىسىدا

چۈشەنچە بېرىدۇ. بىراق، يولۋاس ئىسمائىلوفنىڭ سۆزىنى ئەستايىدىل ئاڭلاۋاتقاندەك قىلسىمۇ، ئۇنىڭ كاللىسىدا يەنىلا باشقا بىر نەرسىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقى سېزىلىپ تۇراتتى.

3 ـ ئاينىڭ بېشىدا يولۋاس مۇھەممەت ئىسمائىلوفقا تېلېفون بېرىپ، ئۇنىڭ كېلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. مۇھەممەت ئىسمائىلوف يولۋاسنىڭ مېھمانخانىسىغا بارسا، ئۆيدە ياقۇپبەگ، لياۋ يۈچيۇ ۋە يەنە بىر خەنزۇ بار بولۇپ، ئۇلار بىلەن تىنچلىق سوراشقاندىن كېيىن، يولۋاس:

ـ تۈنۈگۈن ئۈرۈمچىدىن ماڭا تېلېفون كەلدى، مېنىڭ ئۈرۈمچىگە كېلىشىمنى ئېيتتى. ھازىر سالامەتلىكىم ياخشى ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوسمان ئىسلام دېگەننىڭ ئادەملىرى يول توسۇپ بۇلاڭچىلىق قىلىۋاتقان ئوخشايدۇ، ئۈرۈمچىگە بارمىسام بولماس، سىز بىلەن مەسلىھەت قىلىپ بىر ئىش قىلاي دەپ سىزنى چاقىرتتىم، ــ دەيدۇ. مۇھەممەت ئىسمائىلوف:

ــ ياخشى خەۋەر ئىكەن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت سىزنى چاقىرغان بولسا، ئەلۋەتتە بېرىپ كەلسىڭىز بولىدۇ. ئەگەر يولدىن ئەنسىرىسىڭىز، ئايروپىلان بىلەن بېرىڭ، ــ دەيدۇ. يولۋاسنىڭ ئايالى لياۋ يۈچيۇ دەرھال:

ــ ياق! ئايروپىلان بولمايدۇ، ئۇنىڭ قان بېسىمى بار، ــ دەيدۇ. ئىسمائىلوف:

ــ ئۇنداق بولسا ماشىنا بىلەن چىقىڭ، مەن بىر قانچە مۇھاپىزەتچى قوشۇپ بېرەي، ــ دەيدۇ. يولۋاس ئۈرۈمچىگە بارماسلىققا تۈرلۈك باھانىلەرنى ئىزدىگەن بولسىمۇ، ئاخىر ئامالسىز قوشۇلىدۇ.

مۇھەممەت ئىسمائىلوف قايتىپ كېلىپ، يولۋاسنىڭ ئۈرۈمچىگە چىقىشتىن ئەندىشە قىلىۋاتقانلىقىنى 16 ـ دىۋىزىيە كوماندىرى ۋۇ زۈڭشيەنگە دوكلات قىلىدۇ.

يولۋاس يەنىلا خاتىرجەم بولالماي، جىگدىگە بېرىپ تېرىق-

چىلىق ئىشلىرىنى تەكشۈرۈپ كېلىمەن، دەپ يالغان سۆزلەپ، 1950 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى سەھەر سائەت بەشتە، ئايالى لياۋ يۈڭچيۇ ، ئوغۇللىرىدىن ياقۇپبەگ[1]، ئەمەتبەگ[2] كاتىپى چېن جۈڭپىڭ، ئاديۇتانت (فۇگۇەن) ىدىن كىلەر ئىسما ـ ئىل (1904 ــ 1980)، ئىبراھىم، يۇنۇس قاتارلىق 11 ئادەم ئىككى ماشىنىغا ئولتۇرۇپ[3]، قومۇلدىن ئايرىلىدۇ. يول بويى ئىزىنى يوقىتىش ئۈچۈن ماشىنىنىڭ كەينىگە شاخ ـ شۇمبىلارنى باغلاپ سۆرىتىپ مېڭىپ جىگدىگە بارىدۇ. ئۇ يەردە ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان ئاتلارغا مىنىپ باركۆل، ئاراتۇرۇك ناھىيەلىرىگە ۋە يېزا ـ كەنتلەرگە بارىدۇ، بارغانلا يەردە خەلققە كومپارتىيەگە قارشى تەتۈر تەشۋىقات قىلىدۇ. يولۋاس قومۇل ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى ۋە قومۇل گارنىزون قوماندانى بولۇشتەك مەنسەپلىرىنى دەستەك قىلىپ، تاغ خەلقىنى قايمۇقتۇرىدۇ. بىر قىسىم ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمىگەن ئىرادىسى ئاجىز كىشىلەر ئۇنىڭغا قارىغۇلارچە ئەگىشىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇ قوراللىق باندىتلارنى تەشكىللەيدۇ. ئاراتۇرۇك ناھىيەسىنىڭ قورچاق ھاكىمى ئەبەيدۇللا ناسىر (1914 ــ 2000) قاتارلىق باندىتلار ئاراتۇرۇك ناھىيەسىنى قورشىۋالىدۇ، ئۇ يەردە تۇرۇشلۇق خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ 6 ـ كورپۇس 16 ـ دىۋىزىيە 46 ـ پولك 1 ـ باتالىيون 2 ـ روتىسىنى تالاپەتكە ئۇچرىتىدۇ. بەيتىككىتىكى ئوسمان باندىت بىلەن مۇناسىۋەت باغلايدۇ. يولۋاسنى قوغلاپ كەلگەن خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى ۋە 3 ـ باتالىيوننىڭ ئالدىنى توسۇپ مالىمانچىلىق تۇغدۇرۇشقا ئۇرۇنـ ـغان باندىتلارنى ئۇرۇشقا سېلىپ قويۇپ، ئۆزلىرى بەخىرامان

[1] ياقۇپبەگ يولۋاسنىڭ 2 ـ ئوغلى، 1991 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى 78 يېشىدا تەيۋەندە ۋاپات بولغان.

[2] ئەمەتبەگ يولۋاسنىڭ 3 ـ ئوغلى، 2004 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى 86 يېشىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن تەيۋەندە ۋاپات بولغان.

[3] بىر ماشىنىنى نامان نۇرشا ( 1917 ــ 2004)، يەنە بىر ماشىنىنى لاۋ ۋۇ ھەيدىگەن.

هالدا گەنسۇ، شىزاڭ ئارقىلىق ھىندىستانغا، ئاندىن تەيۋەنگە قېچىپ بېرىۋالىدۇ. بۇ يەردىكى باندىتلار مەغلۇپ بولۇپ قولغا چۈشكەندىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ يولۋاسنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشكەنلىكىنى بىلىدۇ. دېمەك، بۇ يولۋاسنىڭ «ئات ئايلىخانغا، يول سارىخانغا» ئويۇننى ئوينىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا يولۋاس تاغ ئىچىدىلا تۇتۇلغان بولاتتى. 1933 ـ يىل 5 ـ ئايدا ئۇ ئىككىنچى قېتىم گەنسۇدىن مىلىتارىست ما جۇڭيىڭنى شىنجاڭغا باشلاپ چىقىپ، ھەممە بالانى ئۆزى تېرىپ قويۇپ، ئۆزى ئۇرۇشنىڭ كەينىدە تۇرۇپ، ئاخىرىدا ئىچكىرىگە قېچىپ كەتكەنىدى. بۇ قېتىممۇ 1950 ـ يىلى يەنە ئۇنى 3 ـ باتالىيون قوغلاپ كەلگەندە، ئۇ ئۇستا يول باشلىغۇچىنىڭ ياردىمىدە باشقا يەردىن قاچىدىغان يول تېپىپ قېچىپ كېتىدۇ.

يولۋاس توپىلاڭ كۆتۈرۈپ قومۇلدىن قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، ۋەزىيەت بىردىنلا جىددىيلىشىپ كېتىدۇ. دەسلەپتە ئوسمان، يولۋاس، جانىمقانلارنىڭ تىل بىرىكتۈرۈپ قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرگەنلىكى، ئازادلىق ئارمىيەگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغانلىقى، كادىرلارنى ئۆلتۈرۈپ، مال ـ مۈلكىنى بۇلاپ، ئادەم ئۆلتۈرۈپ، ئوت قويغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر تارقى-لىدۇ. 1950 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قومۇلدا تۇرۇشلۇق خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى 16 ـ دىۋىزىيەنىڭ مۇئاۋىن كوماند-دىرى لو شاۋۋېي كاتىپى لى يۈچىڭ، ئىشتاب ئوفىتسېرى ما يۇجاڭ، رادىست سۇڭ ۋەنچېڭ، مۇھاپىزەتچى ياڭ جۇاڭيۇلەرنى ئېلىپ، ماشىنىلىق يەتتە قۇدۇقنىڭ شەرقىدىكى بەلقۇ-دۇق(چېگولوچۈەن)قا بارغاندا باندىتلارنىڭ بۆكتۈرمىسىگە ئۇچراپ، يۇقىرىقى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى قۇربان بولىدۇ، پەقەت شوپۇرلا باندىتلارغا ئەسىرگە چۈشۈپ قالىدۇ.

# باركۆلگە يۈرۈش

يولۋاس توپىلاڭ كۆتۈرۈپ قومۇلدىن قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك بىر قاتار قانلىق ۋەقەلەر يۈز بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن 3 ـ باتالىيون باركۆلگە يۆتكىلىش توغرىلىق يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالىدۇ. 3 ـ باتالىيون باركۆلگە يۆتكىلىشتىن ئىلگىرى تۆۋەندىكىدەك ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بارىدۇ، ھەربىر روتىدىن بىر ئىزۋوت قومۇلدا قېلىپ، شەھەرنى قوغداش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ، 7 ـ روتىدىن بىر ئىزۋوت قېلىپ، بۇ ئىزۋوتقا زاپاس ئىزۋوت كوماندىرى زاھىر باقى قوماندانلىق قىلىدۇ. 8 ـ روتىدىن بىر ئىزۋوت قېلىپ، بۇ ئىزۋوتقا 4 ـ ئىزۋوتنىڭ كوماندىرى تۇرغان ھەمرايېۋ قوماندانلىق قىلىدۇ. بۇ ئىككى ئىزۋوتقا 7 ـ روتىنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى مۇھەممەت ئەخمەتوف بىلەن 8 ـ روتىنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى ياسىنجان يارمۇھەممەت قوماندانلىق قىلىپ قومۇل شەھىرىدە قالدۇرۇلىدۇ. 1950 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى[1] قالغان ئالتە ئىزۋوتتىكى خىللانغان 200 نەپەردىن ئارتۇق كوماندىر ـ جەڭچى ئاتلىق باتالىيونغا ئۆزگەرتىلىپ، باركۆلگە يۆتكىلىدۇ ۋە سېيىت باتۇر بىلەن ئونانباي باتۇرمۇ 3 ـ باتالىيون بىلەن بىللە ماڭىدۇ. 3 ـ باتالىيوندىكى كوماندىر ـ جەڭچىلەرگە قومۇل خەلقى خالىسانە ئېگەر ـ توقۇمى بىلەن ئات (بىر ئادەمگە بىر ئات) ئىئانە قىلغانىدى. مۇشۇنىڭدىنلا قومۇل خەلقىنىڭ ئۆزىنىڭ پەرزەنت

[1] ئەخمەت تۇردىيېفنىڭ بايان قىلىشىچە، بۇ 4 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى يۈز بەرگەن ۋەقە.

قىسمىنى قانچىلىك ياخشى كۆرگەنلىكى ۋە قوللىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. 3 ـ باتالىيونغا ئىلگىرى قومۇلغا ھارۋىكەشلىك قىلىپ كېلىپ تۇرۇپ قالغان، قومۇلدا سودىگەرلىك قىلىپ، قومۇل بەش شەھەر 12 تاغقا كۆپ قېتىملاپ بارغان، تاغ يوللىرىنى پىششىق بىلىدىغان غۇلجا قورغاس ناھىيە چىلپەڭزىلىك مەسۇم تاران[①] بىلەن غۇلجا چاپچال ناھىيە قاينۇق يېزىلىق ھاشىر تاران[②] قاتارلىق ئىككى كىشى يول باشلايدۇ. قىسىم باركۆلگە چىقىپ ئۈچ ـ تۆت كۈن دەم ئالغاندىن كېيىن، ئوق ـ دورا، ئوزۇق ـ تۈلۈك ۋە ئاتلارغا يەم ـ خەشەك قاتارلىق نەرسىلەرنى تولۇقلىۋېلىپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى 16 ـ دىۋىزىيەنىڭ باركۆلدە تۇرۇشلۇق 46 ـ پولكىنىڭ 2 ـ ، 3 ـ باتالىيونلىرى بىلەن بىرلىكتە باركۆلنىڭ شىمالىي تاغلىرىغا يۈرۈش قىلىدۇ. بىر كۈنى تۇيۇقسىزلا ھاۋا بۇزۇلۇپ شىۋىرغان چىقىپ، يامغۇر يېغىپ، ئارقىدىن قارغا ئايلىنىدۇ، ئەتراپتىكى ھېچ نەرسىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. شۇ كۈنى قىسىمدىكى جەڭچىلەر تىك تاغ، قىرلىق تاشلار ئۈستىدە ئاتلىرىنى يېتىلەپ ئۆتۈۋاتقاندا، جەڭچى ياقۇپ تاغدىن سىيرىلىپ ئازگالغا چۈشۈپ كېتىدۇ، ئەتىسى ئۇ قىسىمنىڭ ئىزى بىلەن مېڭىپ قايتىپ كېلىدۇ. ئۇ ھېچقانداق زەخىملەنمىگەن بولۇپ، كېچىدە قىسىمنى ئىزدەپ تېپىشقا كۆزى يەتمەي، بىر ئازگالغا كىرىپ قانغۇدەك ئۇخلاپ، ئەتىسى تاڭ يورۇغاندا قىسىمنىڭ كەينىدىن ئىز بېسىپ كېلىپ، قىسىمغا قوشۇلۇۋالىدۇ. قىسىم تۆت ئەتراپى تاغ چوققىلىرى بىلەن ئورالغان قازاندەك بىر چوڭقۇرلۇققا يېتىپ كېلىدۇ ۋە ئوزۇق ـ تۈلۈك، نەرسە ـ كېرەكلەر ئارتىلغان تۆگىلەرنى تاغ ئېتەكلى-

---

[①] مەسۇم تاران قومۇل غەربىي ئۆستەڭ رايونىدا ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، كېيىن يۇرتىغا قايتىپ كەتكەن ۋە يۇرتىدا ۋاپات بولغان.

[②] ھاشىر تاران قومۇل يۇقىرى ئاقيەردە ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، كېيىن يۇرتىغا قايتىپ كەتكەن ۋە يۇرتىدا ۋاپات بولغان.

رىدە قالدۇرۇپ، قىسىم سەپەرنى داۋاملاشتۇرىدۇ. 46 ـ پولكنىڭ 2 ـ ، 3 ـ باتالىيونىدىكى جەڭچىلەرنىڭ پۇتلىرىغا كىيگىنى خەي بولغاچقا، 150 تىن ئارتۇق جەڭچىنىڭ پۇتلىرى ئۇششۇپ قېلىپ ماڭالماي قالىدۇ. بۇ جەڭچىلەردىن ئەڭ ئاۋۋال پۇتى مۇزلىغان جەڭچىلەرنى 3 ـ باتالىيوندىكى جەڭچىلەر كۆتۈرۈپ، 46 ـ پولكنىڭ كوماندىرى رېن شۇتيەنلەر تىكىپ تەييارلىغان چېدىرغا ئېلىپ كېتىدۇ. مۇشۇ قېتىم 3 ـ باتالىيون 7 ـ روتىنىڭ زاپاس ئىزۋوت كوماندىرى يەھيا ئىمىن مۇزلاپ تاغدىن يىقىلىپ چۈشۈپ كېتىپ مېيىپ بولۇپ قالىدۇ. ئەخمەت تۇردىيېف، ئەبەيدۇللا نامانوف ، ئىدرىس سەيدۇللايېف قاتارلىق كوماندىرلار جەڭچىلەرنى باشلاپ ئالدىدا ماڭىدۇ، مۇھەممەت ئىسمائىلوف، ئىبلاخۇن ئىمىنوف ۋە باشقا كوماندىرلار 46 ـ پولك ئىشتابىدىكى كوماندىرلار بىللە بىللە كەينىدە ماڭىدۇ، خۇسەيزى مومزوف خۇيزۇ بولغاچقا 3 ـ باتالىيون بىلەن 46 ـ پولك ئوتتۇرىسىدا تەرجىمانلىق قىلىدۇ. قىسىم قار ـ شىۋىرغان چىققان كۈنىنىڭ ئەتىسى قازاندەك چوڭقۇرلۇققا چۈشكەندە، جەڭچىلەر قارلارنى پۇتلىرى بىلەن ئېرى ـ بېرى ئىتتىرىپ، چېدىر تىكىشنىڭ ئالدىدا ئالدىنقى سەپتە تۇرۇپ، ئىككى روتا (7 ـ ، 8 ـ روتا) نىڭ قوماندانلىقىنى ئۈستىگە ئالغان ئەخمەت تۇردىيېف 7 ـ روتا 2 ـ ئىزۋوتنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى قوشۇمچە 7 ـ روتىنىڭ سانىتارى تاھىر ئىسكەندىروفنى بىر ئودلىنىيە جەڭچى بىلەن تاغقا باندىتلارنى رازۋېدكا قىلىشقا ئەۋەتىدۇ. ئەتىسى رېن شۇتيەن، مۇھەممەت ئىسمائىلوف، ئەخمەت تۇردىيېف ۋە ئابلىمىت راخمانوفلار بىللە باندىتلارنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىش ئۈچۈن تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىدۇ، رېن شۇتيەن دۇربۇن بىلەن بىر ھازا قاراپ: «ھېچنېمىنى كۆرەلمىدىم» دەپ دۇربۇننى مۇھەممەت ئىسمائىلوفقا بېرىدۇ. مۇھەممەت ئىسمائىلوف دۇربۇننى ئېلىپ ئەمدىلا كۆزىگە توغرىلىشىغا سول تەرەپتىن باندىتلار ئاتقان بىر

پاي ئۇق كېلىپ دۈربۈننى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ، 200 مېتىرغا
يەتمىگەن دۆڭلۈكنىڭ كەينىدىن باندىتلار «جاقاباي» دېيىشىپ
ھۆجۈمغا ئۆتىدۇ، باندىتلار 100 دەك ئادەم ئىدى. يۇقىرىدا
ئېيتقىنىمىزدەك تاھىر ئىسكەندىروف يېتەكلىگەن ئودلىنىيە
باندىتلارغا قارشى ئوت ئېچىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسىدۇ،
باندىتلار يېقىنلاپ كېلىپ قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن 46 ـ
پولكنىڭ 2 ـ ، 3 ـ باتالىيونلىرى بىلەن 3 ـ باتالىيون
خەتەر ئىچىدە قالىدۇ. ئەخمەت تۇردىيېف 7 ـ روتا 2 ـ
ئىزۋوتنىڭ كوماندىرى ئابلىمىت راخمانوفنى تۆۋەندە قالغان
قىسىملارنى باشلاپ چىقىشقا ئەۋەتىدۇ. ئەخمەت تۇردىيېف ئوڭ
تەرەپتىن سول تەرەپكە ئوقتەك يېتىپ كېلىدۇ، چۈنكى پىلە-
موتچى پىلىموتنى ئىشلىتەلمەي قالغاچقا باندىتلار يېقىنلاپ
قالغانىدى. ئەخمەت تۇردىيېف پىلىموتنى قولىغا ئېلىپ زاتورد-
نى قايرىپ كۆرۈپ، دىسكىنىڭ جايىغا چۈشمىگەنلىكىنى بايقاي-
دۇ، شۇ سەۋەبتىن پىلىموت پىستان چاقمىغانىكەن. «بىلگە-
چىسكى» تىپلىق بۇ پىلىموت، ئۈستىدىن ئوق يەيتتى. ئەخمەت
تۇردىيېف دىسكىنىڭ ئۈستىگە بىرنى ئۇرغاندىن كېيىن، دىسكا
«چاس» قىلىپ جايىغا چۈشىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆرە تۇرۇپ
پىلىموتنى سايرىتىۋېتىدۇ، باندىتلاردىن بىرمۇنچىسى ئۆلىدۇ ۋە
يارىدار بولىدۇ، قالغانلىرى چېكىنىدۇ، شۇ ئارىدا تۆۋەندە قالغان
قىسىملار يېتىپ چىقىدۇ. مانا شۇنداق جىددىي پەيتتە ئەخمەت
تۇردىيېف باتۇرلۇق كۆرسىتىپ، قىسىملارنى تالاپەتتىن ساقلاپ
قالغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەخمەت تۇردىيېف 46 ـ پولكنىڭ
كوماندىرى رېن شۈتيەننىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ. بۇ يەر باركۆل
ناھىيەسىگە قاراشلىق چوڭ قۇلۇنچەر بولۇپ، قىسىم باندىتلارنى
ئىز بېسىپ قوغلاپ كىچىك قۇلۇنچەرگە كەلگەندە، يۇقىرىدىن:
«تېزدىن ئاراتۇرۇك ناھىيەسىگە يۈرۈش قىلىڭلار» دەپ بۇيرۇق
كېلىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قىسىم باركۆل بازار ئىچىگە
قايتىپ كېلىدۇ. بۇ قېتىمقى جەڭدە 3 ـ باتالىيون سارقو-

مۇشنىڭ شىمالىدا باندىتلارنىڭ كاتتىبېشى جانىمقاننى تىرىك تۇتۇپ، يۇقىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. بۇ ھەقتە 3 ـ باتالىيون 7 ـ روتا 3 ـ ئىزۋوتنىڭ كوماندىرى ئەخمەتجان ياقۇپوف بىلەن 7 ـ روتا 1 ـ ئىزۋوت 2 ـ ئودلىنىيەنىڭ كوماندىرى ئابلەت نىياز[①] قاتارلىقلار مۇنداق دەپ ئەسلەيدۇ:

«بىز كىچىك قۇلۇنچەردىن باركۆل ناھىيە بازىرىغا قايتىپ كېلىۋېتىپ قوشيار دېگەن يەرگە كەلگەندە تۇرسۇن مۇسا[②]، قالى ئەكبەر[③]، مۇڭكى[④] قاتارلىق ئۈچ جەڭچى ئات تۇتۇپ كېلىمىز، دەپ قوشۇندىن ئايرىلىپ قالغان بولۇپ، باندىتلار ئۇلارنى تۇتۇۋېلىپ قارىغايغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈۋېتىپ، كىيىملەرىنى سالدۇرۇپ ئېلىپ كەتكەنىكەن. كېيىن بىزگە ئەسىرگە چۈشكەن باندىتلارنىڭ ئۈچىسىدا بىزنىڭ مىللىي ئارمىيەنىڭ ئىچ كۆڭلىكىنى كۆرۈپ ئۇلارنى سوراق قىلغاندا، باندىتلار بىزنىڭ بۇ ئۈچ جەڭچىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، كىيىملىرىنى كىيىۋالغانلىقىنى ئىقرار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىز بۇ باندىتلارنى نەق مەيداندا ئېتىپ تاشلاپ، ئۈچ نەپەر جەڭچىنىڭ جەسىتىنى قارىغاينىڭ تۈۋىگە دەپنە قىلىپ قويدۇق».

جانىمقان تۇتۇلغاندىن كېيىن باندىتلار تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشتىن توختاپ چېكىنىپ قاچىدۇ. بۇ ھەقتە ئەخمەت تۇردىيېۋ ئاكا مۇنداق دەپ ئەسلەيدۇ:

«بۇ ئىش خۇددى قايناۋاتقان قازاننىڭ ئوتىنى تارتىۋەتكەندەكلا بىر ئىش بولدى. ھېرىپ ـ چارچاشنى، تاماقلىنىشنى ئۇنتۇپ قاپتىكەنمىز. ‹ئۇنىغاننى يونىغان›، دېگەندەك دەم ئېلىپ تاماقلىنىشقا پۇرسەت تۇغۇلدى، ئاتلارنى قويۇۋېتىپ، ئودلىنى-

---

[①] ئابلەت نىياز 2005 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى كېسەل سەۋەبى بىلەن 73 يېشىدا ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولغان.

[②] تۇرسۇن مۇسا غۇلجا شەھىرىنىڭ ئازاد يېزىسىدىن.

[③] قالى ئەكبەر (قازاق)، غۇلجا تېكەس ناھىيەسىدىن.

[④] مۇڭكى (موڭغۇل، توختاسىن دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، ئىلى موڭغۇلكۈرە ناھىيەسى بەش قارىغايلىق (موڭغۇلچە تۇغۇچۇن بۇلاق دەپ ئاتىلىدۇ) مەھەللىسىدىن.

يەنى بىرلىك قىلىپ باندىتلاردىن قولغا چۈشۈرۈۋالغان قويلارنى سويۇپ، كاۋاپ قىلىپ يېيىشنى ئورۇنلاشتۇردۇق. ئىلاخۇن ئىمىنوف سېمىز قىزىل پاقلاندىن بىرنى سۆرەپ كەپتۇ. مۇھەممەت ئىسمائىلوف بىلەن ئىلاخۇن ئىمىنوف ئىككىسى قوينى سويۇپ پارچىلاشقا باشلىدى. مەن ئوتۇن تېرىپ كېلىپ، كاۋاپدان ئورنىدا بەل گۈرجەك بىلەن يەرنى كولاپ، ئوت قالاپ چوغ چۈشۈردۈم ۋە تېۋىلغىنى زىخ قىلىپ، گۆشنى كاۋاپ قىلىپ پىشۇردۇم. شۇنداق قىلىپ ئۈچىمىز بىر گۇرۇپپا بولۇپ قالدۇق. مەن 15 زىخ كاۋاپنى پىشۇرۇپ، تاماق يەيدىغان كاتو-لوكلىرىمىزغا قاتار تىزىپ، كاۋاپنى شۇنىڭ ئۈستىگە قويدۇم - دە، خۇددى ئاشپەزلەردەك:

— تاماق تەييار بولدى، — دەپ ئۇلارنى چاقىردىم. ئۇ ئىككىسى يەڭلىرىنى شىمايلاپ، كاۋاپنى چۆرىدەپ چىملىق ئۈستىدە باداشقاننى قۇرۇپ ئولتۇردى. مەن:

— قېنى، ئوخشىمىسىمۇ ئىلىڭلار، — دەپ تاماققا تەكلىپ قىلدىم، ئەمما ئىلاخۇن ئىمىنوف مېنىڭ تەكلىپىمدىن بۇرۇنلا بىر زىخ كاۋاپنى ئاغزىغا سېلىپ بولغانىدى. مۇھەممەت ئىسما-ئىلوف كاۋاپنى بىر چىشلەپ كۆرۈپ:

— پاھ - پاھ! ئەجەب مەززىلىك بوپتۇ، ئەسكەرلىككە كىرىشتىن بۇرۇن كاۋاپچىلىق قىلغانمىدىڭىز؟ — دېدى. مەن ئۇنىڭغا:

— مەن دېھقان، سىزمۇ بىلىسىز، كەتمەننىڭ سېپىنى تۇتقان، مانا ئەمدى مىلتىق تۇتۇۋاتىمەن. مەن پىدائىي بولۇپ كىرگەندە قولۇمدىن ھېچ ئىش كەلمەيتتى، كېيىنچە ئاستا - ئاستا ئۆگەندىم. ئازراقلا ئىدراكى بار كىشىلەر باشقىلار قىلغاند-نى قىلالايدۇ، قىلالمىغاننىمۇ ئوخشاشلا قىلالايدۇ، مۆھتەرەم باتالىيون كوماندىرى، — دېدىم. باتالىيون كوماندىرى مۇھەممەت ئىسمائىلوف ماڭا قاراپ باشقىچە تۇس ئېلىپ:

— تۇردىيېف ئۆمرىڭىزدە تۇنجى تويىڭىز بولۇپ، ئەمدىلا

ياغلانغان مۇھەببەتنىڭ يىپىنى توي قىلىپ بىر كېچە ياتقاندىن كېيىن خۇددى كۆڭلەكنىڭ يىپىنى ئۈزگەندەك ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇھەببەتنىڭ يىپىنى ئۈزۈۋەتتىم، مېنى كەچۈرۈڭ، ــ دېدى ماڭا ئىچ ئاغرىتقان ھالەتتە تۇرۇپ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئايالىمنىڭ سىيماسى دەررۇ كۆز ئالدىمغا كېلىۋالدى. مەن بىر تەرەپتىن ئىسمائىلوفنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئايالىمغا قىلغان گەپلىرىمنى قايتا ئويلاشقا باشلىدىم. كۆزىمىز ئەمدىلا ئۇيقۇغا كەتكەنىكەن، ئىشىكنى بىرى چەكتى، كۆڭلۈم ئەنسىزلىككە چۆمدى ـ دە، ئالدىراپ كىيىملىرىمنى يېرىم كىيىپ، ئىشىكنى قىيا ئاچتىم. تاڭ ئېتىپتۇ، سىرتتىن بىرى قەغەزنى سۇندى، قولنى كۆردۈم، بىراق ئۈزىنى كۆرەلمىدىم. قەغەزگە قارىسام، باتالىيون كوماندىرى تېزدىن باندىت تازىلاش ئالدىنقى سېپىگە قىسىم بىلەن بىرگە بېرىشىمنى بۇيرۇپتۇ. ئايالىم قولۇمدىكى قەغەزنى ئېلىپ كۆرۈپ، ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالدى، مەن:

ــ ماڭا ياردەملىشەمسىز؟ ــ دېدىم. ئۇ نېمە قىلارىنى بىلمەي تېنەپ تەمتىرەپ كەتتى. مەن يۇيۇندۇم ـ دە، كىيىملىرىمنى كىيىپ، ھەربىي فورمىلىرىمنى تۈزەشتۈرۈپ بولۇپ، ئايالىمغا قاراپ:

ــ بۇ ئۇرۇش يىللىرى ۋەيران بولغان سوۋېت پەنەركىسىدە بىر جەڭچى ئاددىي ئەگمە قىلىپ ياسىغان چامادان، كۆرۈمسىز بولغان بىلەن تارىخى مەندىن قېلىشمايدۇ. مەن ناۋادا قۇربان بولۇپ كەتسەم، ئىلىدىن مېنى ئىزدەپ كەلگۈچىلەر بولسا، بېرىپ قويۇڭ. ئانا يوللۇق ئاچام بار ئىدى، مېنى كۆرگەندەك كۆرۈپ تۇتار. چامادانىنىڭ ئىچىدە مېنىڭ بىر قۇر كىيىمىم بار، بۇنىڭدىن باشقا يەنە قول يازمىلار بار، ــ دېدىم. ئايالىم بوينۇمغا گىرە سېلىپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى، مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالمىغان بولسام، ھەسرەت يىغىسى مېنىڭ كۆزۈمدىنمۇ دەريا بولۇپ ئاقىدىغاندەك تۇراتتى. بۇنداقلىقىنى بىلگەن بولسام

بۇ تويىنى قىلمىغان بولاتتىم، خەير! ھەر قانداق ئىشنى چىدىغانغا چىقارغان، قەتئىي چىدىشىم كېرەك، بۇنى يېڭىشىم كېرەك، دېگەن ئىرادىگە كەلدىم. ئايالىم بوۋۇھەجەرنىڭ ئىككى قولىنى بويىنۇمدىن ئېلىپ، ئۇنىڭ ئىككى مۇرىسىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ:

— مەن ھەربىي، بىزدە پولاتتەك ئىنتىزام بار، ھەربىيلەر ئىنتىزامغا ئەقىدە باغلىغان. ھازىرقى ۋەزىيەتتە باندىتلارنى يوقىتىپ، خەلقنى خاتىرجەم قىلىش كېرەك، مەن چوقۇم قايتىپ كېلىمەن، خاتىرجەم مېنى ساقلاڭ، — دېدىم ـ دە، ئۇنىڭ ياشقا تولغان مەڭزىگە بىرنەچچىنى سۆيۈپ قويدۇم. ئايالىمنىڭ ئۇزىتىپ قويۇشىغا يول قويماي دەرۋازىدىن چىقتىم. سىرتتا بۇغداي ئۆڭ، كەڭ غوللۇق، ئېگىز بوي فېلدفېبېل (上士) قاسىم ئىككى ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتۇپ، مېنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ، ئۇ ئوڭ قولىنى چېكىسىگە ئېلىپ ماڭا ھەربىيچە سالام بېرىپ، ئېگىز، ئىنچىكە جەرەن قاشقىنى ماڭا تۇتقۇزدى. مەن ئاتنىڭ بېشىنى سىلىدىم، تۆشىنى قايتا چىڭىتىپ، قورساق تەرەپتىكى تاسمىنى شۇنداق تارتىشىمغا، ئات بويىنىنى ئېگىپ ماڭا ئالىيىپ قارىدى. جانىۋار، خاپا بولما، سەل چىڭ تارتىپ قويۇپتىمەن، دەپ ئازراق بوشىتىپ قويدۇم. مەن ئۈزەڭگىنى دەسسىمەيلا ئېگەرنىڭ بېشىنى تۇتۇپ لىككىدە قىلىپ ئاتقا مىندىم:

— خوش فېلدفېبېل، مېنى قاياققا باشلايسىز؟— دېدىم. ئاتنىڭ ئۈستىگە جايلىشىپ ئالغاندىن كېيىن:

— سېپىلنىڭ شەرقىي جەنۇب دەرۋازىسىدىن چىقايلى، قىسىممۇ يىراققا كەتمىدى، بىردەمدە يېتىشۋالىمىز، — دېدى فېلدفېبېل قاسىم. مەن:

— ياق! بولمايدۇ، سېپىلنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدە قېيىنئاتامنىڭ ئۆيى بار، ئۇلاردىن بىرەرى كۆرۈپ قالسا سەت ئەمەسمۇ؟ مەن تېخى ئۇلارغا كۆرۈنۈش قىلمىسام، يا

خوشلاشمىسام، بۇ قانداق بولغىنى؟ كېيىن ئېيتارمەن، شىمالىي دەرۋازىدىن چىقىپ بازار بىلەن كېتەيلى، — دېدىم. ئۇ:

— سىز تېخى ناشتا قىلمىدىڭىز، گازارمىغا كىرىپ ناشتا قىلىۋېلىڭ، — دېدى. مەن:

— ياق، قاسىم، بىر سوتكىغا چىدايمەن، — دېدىم. شۇنداق قىلىپ مېڭىپ كەتتۇق، مېنىڭ ئېتىم تېز تاپان ئىكەن ئەمەسمۇ! يولنى يولۋاستەك باسىدىكەن، بىردەمدىلا قىسىمغا يېتىشىۋالدۇق...

— بولدى قىلىڭلار ئېلاخۇن، تۇردىيېۋ ھېچنېمە يېمىدى، تەڭ يەيلى، — دەپ ئىسمائىلوف ماڭا ئۈچ زىخ كاۋاپنى تۇتقۇزغاندا خىيال يىپىم ئۈزۈلدى. ئېلاخۇن زىختىكى گۆشنى ئاغزى بىلەنلا سىيرىپ يەۋەتاتتى، جاۋغايلىرىدىن ئېقىپ چۈشكەن ماي بىلەنمۇ كارى بولمايتتى، ئۇ:

— پىشۇرىمەن دېسە گۆش بارغۇ، — دەيتتى. مەن:

— مۆھتەرەم باتالىيون كوماندىرى، ۋەزىيەت شۇنداق، سىزدە گۇناھ يوق. بىزدىكى پولاتتەك ئىنتىزام مېنى ئايالىمنىڭ ئىسسىق قويىنىدىن سۇغۇرۇپ چىقتى، — دېدىم بىر لوقما گۆشنى يۇتۇۋېتىپ.

— بارىكاللا! تۇردىيېۋ، مەن سېنى تاللاپ ياخشى قىلىپتىكەنمەن، — دېدى ئىسمائىلوفنىڭ چىرايى باشقىچە ئېچىلىپ. مەن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، دىققىتىم ئىسمائىلوفقا مەركەزلەشتى. ئۇ يەنە:

— رەھبەرلىك سىزنى ئۆزىڭىزنىڭ 5 ـ روتىسى بىلەن تۇرپانغا مۇستەقىل روتا قىلىپ ئەۋەتىشنى قارار قىلغانىكەن، مەن سىزنى ئۇرۇش تەجرىبىسى مول ھەم ئىنتىزامچان كوماندىر، 7 ـ روتىنىڭ كوماندىرى بولۇپ، مەن بىلەن بىللە قومۇلغا بارسا دەپ تۇرۇۋالغانلىقىمدىن سىزنى ماڭا قوشقان. شۇ ۋاقىتتا يېنىمدا ئېلاخۇنمۇ بار ئىدى، شۇنداقمۇ ئېلاخۇن؟ — دېدى ئىسمائىلوف ئېلاخۇنغا قاراپ. ئېلاخۇن كاۋاپ يەپ تۇرۇپ

بۇ گەپنى تەستىقلىدى.
— بۇ قېتىم ھەقىقەتەنمۇ ئۇرۇشقا ماھىر، تاكتىكىچىل ئىكەنلىكىڭىزنى نامايان قىلدىڭىز. ئۆتمۈشتىكى ئۇرۇشلاردا ئىككى قېتىم «باھادىرلىق» مېدالى بىلەن مۇكاپاتلىنىشىڭىز ئەقىل ـ پاراسىتىڭىز ۋە جىسمىڭىزغا نەقەدەر ياراشقان، — دېدى ئىسمائىلوف مەستلىكى كەلگەن ھالدا. مەن ئېلاخۇن ئىمىنوفقا بىر قاراپ قويۇپ:
— بۇ گەپلەرنى كېيىن قىلىشايلى مۆھتەرەم باتالىيون كوماندىرى، ئالدىمىزدا نى ئىشلار بار،دەك قىلىدۇ. بىراق، بىر ھەربىي: ئۇرۇشتىن كېيىن قەھرىمان كۆپ چىقىدۇ، دەپتىكەن، بۇ ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەستەك تۇرىدۇ، — دېدىم ـ دە، ئورنۇمدىن تۇردۇم. ئورنۇمدىن تۇرۇۋېتىپ ئىسمائىلوفقا:
— باركۆلدە يەرلىك خەنزۇدىن يول باشلاشقا ئىككى نەپەرنى قوشقانىدى. ئۇلار كۆرۈنمەيدىغۇ؟ — دېدىم. ئىسمائىلوف:
— ئۇلار ھەققىدە رېن شۈتيەندىن سوراپ باقاي، — دېدى. مەن:
ـ مېنىڭچە ئۇلار غەيرىي نىيەتتىكى ئادەملەر، بىزنى يول بولمىغان ئاجايىپ تۇيۇق يوللار بىلەن باشلاپ ماڭدى، بىز ھېلىقى چوڭقۇرلۇققا كەلگەندە، باندىتلارغا خەۋەر يەتكۈزدىمىكىن دېگەن گۇمانىم كۈچلۈك، — دېدىم.
قىسىم ناچار ھاۋا كىلىماتى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، قىيىنچىلىقلارنى يەڭگەنىدى. 3 ـ باتالىيوندىكى كوماندىر ـ جەڭچىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۆتۈك، پىيمىلىرىنى خەنزۇ جەڭچىلەرگە بېرىپ، جۇۋىلىرىنى ئۇلارغا كىيگۈزۈپ، نانلارنى تەڭ يېيىشىپ يول يۈرىدۇ. پۇت ـ قوللىرى ئۈششۈپ قالغان 150 تىن ئارتۇق جەڭچىنىڭ مىلتىق، ئاپتومات، ماۋزۇر قاتارلىق قوراللىرىنى 3 ـ باتالىيوندىكى كوماندىر ـ جەڭچىلەر يىغىپ كۆتۈرۈپ ماڭغانلىقتىن، رېن شۈتيەن 3 ـ باتالىيوندىكى كوماندىر ـ جەڭچىلەرنىڭ بۇ خىل ئىنسانپەرۋەر، ئالىيجاناب روھىـ

دىن قاتتىق تەسىرلىنىدۇ. باندىتلار دەككىسىنى يەپ قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، 3 ـ باتالىيون يول بويى باندىتلارنى توسۇپ زەربە بېرىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالىدۇ، باندىتلارنى قوغلاش جەريانىدا ئۇلار تاشلاپ كەتكەن ئاپتومات، مىلتىق، ماۋزۇردىن يەتتە ـ سەككىزنى تېپىۋالىدۇ. 3 ـ باتالىيوندىكى كوماندىر ـ جەڭچىلەر 150 تىن ئارتۇق پۇتى ئۇششۇگەن خەنزۇ جەڭچىنى مۇھاپىزەت قىلىپ باركۆلگە قايتۇرۇپ كېلىدۇ، بۇ جەريانىدا 3 ـ باتالىيوندىكى جەڭچى ئايلىكىمنىڭ چىشى ئاغرىپ قالىدۇ، يەنە بىر جەڭچى مۇھەممەد سايا كېسەل بولۇپ، قاتتىق ئاغرىپ باركۆلدىكى 46 ـ پولك دوختۇرخانىسىدا يېتىپ قالىدۇ، كېيىن ئۇلارنى قومۇلدىكى 16 ـ دىۋىزىيە دوختۇرخانىسىغا يۆتكەپ كېلىپ داۋالاتقان بولسىمۇ، داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي، قومۇلدا ۋاپات بولىدۇ.

# قورشاۋدا قالغان ناھىيە بازىرى

1950 - يىلى 3 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئاراتۈرۈك ناھىيەسىدە كومپارتىيەگە قارشى ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ يۈز بەرگەنىدى. بۇ توپىلاڭ ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ بەش ئايدەك داۋام قىلغان، كۆلىمى چوڭ، تەسىرى ناچار بولغان، شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن يۈز بەرگەن زور ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 6 - كورپۇسنىڭ قومۇلدىكى 16 - دىۋىزىيەسىنىڭ باركۆلدىكى 46 - پولك 1 - باتالىيونىنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى خۇ چىڭسەن (1923 — 2002)نىڭ قوماندانلىقىدا 2 - روتا ئاراتۈرۈك ناھىيەسىگە چىقىپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، نوم، باي يېزىلىرىغا 13 نەپەردىن جەڭچىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، چېگرانى قوغداشقا ئورۇنلاشقانىدى.

شىنجاڭنىڭ باشقا شەھەر، ناھىيەلىرىگە ئوخشاش ئاراتۈرۈك ناھىيەسىمۇ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ناھىيەدىكى مەمۇرىي ئورگانلار يەنىلا گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ قولىدا ئىدى. ناھىيەنىڭ ھاكىمى ئەبەيدۇللا ناسىر، مۇئاۋىن ھاكىمى لى فۇشيەن، ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئەمەت ئىمىن (1915 — 1950، ئىلگىرى تاشكەنتتە ئوقۇغان)، مۇئاۋىن باشلىقى مامۇت، بازار باشلىقى بەردى ھاشىم، كېڭەش پالاتاسىنىڭ باشلىقى ناسىر قاتارلىق كىشىلەر ئىدى. يېزىلاردىمۇ تۈتۈن بېگى (بوجاڭ) ھوقۇق تۇتۇۋاتقانىدى. خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى جەڭچىلىرى ئاشلىق بىلەن ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەش ئۈچۈن، يېزىلاردا ئەتىيازلىق تېرىلغۇ بىلەن شۇغۇللىنىۋاتاتتى.

ئەكسىيەتچىلەرنىڭ قورالىلىق توپىلاڭ كۆتۈرۈشىنى خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ كوماندىر - جەڭچىلىرى ئويلاپ كۆرمىگەنىدى. ئەكسىيەتچىلەر تىنچ ياتماي يۇقىرى - تۆۋەن چېپىپ، خۇپىيانە قۇتراتقۇلۇق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەييارلىق قىلغانىدى.

1950 - يىلى 3 - ئاينىڭ 5 - ، 6 - كۈنلىرى ئاراتۈرۈك ناھىيەسىنىڭ ھاكىمى ئەبەيدۇللا ناسىر قومۇلغا كېلىپ، قومۇلنىڭ ۋالىيسى يولۋاس بىلەن كۆرۈشكەن، ئۇ يولۋاسنىڭ كومپارتىيەگە، خەلق ھاكىمىيىتىگە قارشى قوراللىق توپىلاڭ قوزغاش توغرىسىدىكى يوليورۇقىنى ئېلىپ، 3 - ئاينىڭ 8 -، 9 - كۈنلىرى ئاراتۈرۈك ناھىيەسىگە قايتىپ چىقىپ، يولۋاسنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە تېخى ئومۇمىي ۋەزىيەتتىن خەۋەرسىز تاغ خەلقىگە: «كوممۇنىستلار يولۋاس بېگىمگە 200 نەپەر ئۇيغۇر قىزى بېرىسەن، دەپ ئالۋان سېلىپتۇ، يولۋاس بېگىم بۇنىڭغا چىدىماي تاغقا چىقىپ غازات قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ، كوممۇنىستلار خەلقنى بۇلايدىكەن، مەسچىتلەرنى بۇزۇپ، دىننى يوق قىلىدىكەن»، دېگەندەك بىرقاتار پىتنە - پاساتلارنى تارقىتىپ، خەلقنى قورقىتىپ ئادەم توپلاشقا باشلايدۇ ۋە گومىنداڭ دەۋرىدىكى ھەربىي پونكىتقا يوشۇرۇپ قويغان نۇرغۇن قورال - ياراغ، ئوق - دورا، گىراناتلارنى تارقىتىپ، 3 - ئاينىڭ ئاخىرى ئاراتۈرۈك ناھىيەسىگە ئەمدىلا كېلىپ ئورۇنلاشقان خۇ چىڭسەن قوماندانلىقىدىكى 2 - روتىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى قورشىۋالىدۇ. باندىتلار ئاراتۈرۈك ناھىيەسىدىن قومۇل، باركۆللەرگە تۇتىشىدىغان تېلېفون سىملىرىنى كېسىۋېتىش بىلەن بىرگە، سىم تاناب ياغاچلىرىنىمۇ قويماي ئېلىپ كەتكەنىدى. شۇنىڭ بىلەن 2 - روتىنىڭ سىرت بىلەن بولغان ئالاقىسى پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ قالغان بولۇپ، 40 كۈن قورشاۋدا قېلىپ، ئاراتۈرۈك ناھىيەسىدىن باشقا قالغان جايلارنىڭ ھەممىسى قولدىن كەتكەن.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، 1950 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرى خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ 2 ـ روتىسى ئاراتۇرۇك ناھىيەسىگە ئەمدىلا كېلىپ ئورۇنلاشقان بولۇپ، ئۇلار تېخى كومپارتىيەنىڭ سىياسەتلىرىنى خەلق ئاممىسىغا تەشۋىق قىلىشقا ئۈلگۈرمىگەنىدى. ئاراتۇرۇك خەلقى تېخى جۇڭگو كومپارتىيەسىنى، خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنى چۈشىنىپ يەتمىگەنىدى، شۇڭا خەلق باندىتلارنىڭ يۇقىرىقىدەك پىتنە ـ پاساتلىرىغا ئىشىنىپ، باندىتلارغا ئەگىشىپ كەتكەنىدى. 3 ـ باتالىيون 2 ـ روتىنى مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدۇرغاندىن كېيىن، خۇ چىڭسەن پولك كوماندىرى رېن شۇتيەنگە قىلغان دوكلاتىدا، ئاممىۋى خىزمەتنى ياخشى ئىشلىيەلمىدۇق، رەھبەرلىككە جاۋاب بېرەلمەيمىز[1]، دېگەنىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئاراتۇرۇك ناھىيە بازىرى قورشاۋدا قالغانىدى.

[1] سىياسىي كېڭەش قومۇل ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «قومۇل تارىخ ماتېرىياللىرى» 4 ـ قىسىم (خەنزۇچە)، 71 ـ بەت.

# ئاراتۇرۇككە ئاتلىنىش

باركۆلدىكى 3 - باتالىيون باندىتلارنى قوغلاپ كىچىك قۇلۇنچەرگە كەلگەندە، تېزدىن ئاراتۇرۇك ناھىيەسىگە يۈرۈش قىلىش توغرۇلۇق يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقى كېلىپ قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن 3 - باتالىيوندىكى كوماندىر - جەڭچىلەر 46 - پولكتىن يارىلانغان جەڭچىلەرنى باركۆل ناھىيەسىگە قوغداپ ئەكىلىپ قويىدۇ. 46 - پولكتىن خىللانغان ئىككى باتالىيون، 3 - باتالىيوننىڭ ئىككى ئاتلىق روتىسى مەسۇم تاران بىلەن ھاشىر تارانىنىڭ يول باشلىشىدا يولغا چىقىدۇ. 7 - روتىنىڭ كوماندىرى ئەخمەت تۇردىيېۋ 3 - باتالىيوننىڭ 7 - ، 8 - روتىلىرىغا قوماندانلىق قىلىپ قىسىمنىڭ ئەڭ ئالدىدا ماڭىدۇ. قىسىم نېرىنكىر داۋىنىغا بارغاندا، ئۇ يەردە ئوسمان ئىسلام، يولۋاس، ئەبەيدۇللا ناسىر، تۇرغۇن پالۋان( 1914 — 2002)نىڭ ئادەملىرى ئاراتۇرۇككە يۈرۈش قىلغان قىسىملارنىڭ ئالدىنى توسۇش ئۈچۈن مۇداپىئە ئاكوپلىرىنى قۇرۇپ ياتقانىدى. ئىلگىرى باندىتلار مۇشۇ يەردە يەر شارائىتى بىلەن تونۇشلۇقى بولمىغان خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ بىر باتالىيونىنى يالغان چېكىنگەن بولۇپ ئالداپ يولنىڭ جەنۇبىدىكى سايغا باشلاپ كىرىپ، تۆت تەرەپتىن قورشاپ ھۇجۇم قىلىپ تالاپەتكە ئۇچراتقانىدى. باندىتلارنىڭ ئوقىدا قۇربان بولغان ئاشۇ جەڭچىلەرنىڭ جەسەتلىرىنى ئەخمەت تۇردىيېۋ باشلىق كوماندىر - جەڭچىلەر ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنىدى، بىر سېستىرا — ھەمشىرە قىز سومكىسىنى قۇچاقلاپ ياتقانىدى. بۇ باتالىيون ئەسلىدە ئاراتۇرۇك ناھىيەسىنى باندىتلارنىڭ قولىدىن ئازاد

قىلىش ئۈچۈن ماڭغان بولۇپ، تالاپەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، باركۆلدە باندىت تازىلاۋاتقان 3 - باتالىيونغا تېلېگرامما ئارقىلىق ئاراتۇرۇككە يۈرۈش قىلىش بۇيرۇقىنى بەرگەنىدى. ئازادلىق ئارمىيەنىڭ قومۇلدىكى 16 - دىۋىزىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى ئاراتۇرۇكتىكى 2 - روتىنىڭ ئۈچۈرىنى ئېلىش ئۈچۈن، 48 - پولكنىڭ 3 -، 8 - روتىلىرىنى (169 كىشى) تايانچ قىلىپ، مىناميوت، ئېغىر - يېنىك پىلىموت قاتارلىق قوراللار بىلەن قوراللانغان 48 - پولكنىڭ ئىشتاب باشلىقى ۋاڭ سۇلونىڭ باشچىلىقىدا تاشۋىلىق، شوپۇل، سۆجە، باي ئارقىلىق ئاراتۇرۇككە ماڭغۇزىدۇ. ئەبەيدۇللا ناسىر قاتارلىق باندىتلار بۇ ئىشتىن ئالدىن خەۋەر تېپىپ، ئارمىيەمىز ئاراتۇرۇككە ئون كىلومېتىر قالغاندا ئەپلىك يەر شارائىتىدىن پايدىلىنىپ توسۇپ ھۇجۇم قىلىدۇ. تۆت تەرەپتىن ئوق يېغىپ، ئەتراپتىكى ئېگىزلىكلەر دۈشمەن تەرىپىدىن ئىگىلىنىدۇ. بىر مەيدان قاتتىق ئۇرۇشتىن كېيىن، گەرچە بىرنەچچە چوققىلار قايتۇرۇۋېلىنغان بولسىمۇ، قىسىم يەنىلا پايدىسىز ئورۇندا قالىدۇ، ئۆلۈش - يارىلىنىش ئېغىر بولىدۇ. دەل شۇ چاغدا قوماندان ۋاڭ سۇلو، 2 - روتا باندىتلار تەرىپىدىن قىرىلىپ تۈگەپتۇ، دېگەن ئىغۋاغا ئىشىنىپ، داۋاملىق ئىلگىرىلەشتىن تەۋرىنىپ، دەرھال قومۇلغا قايتىش توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە يول باشلىغۇچى پومېشچىك (خەنزۇ) پۈتۈنلەي دۈشمەن تەرەپ بەلگىلەپ بەرگەن يولغا باشلايدۇ. يول بويى دۈشمەننىڭ توسۇپ زەربە بېرىشىگە ئۇچراپ، تۆت كېچە - كۈندۈز چېكىنىش داۋامىدا توققۇز قېتىم ئۇرۇشىدۇ. قىسىم يول بويى تاماق، سۇدىن قىينىلىپ، ھېرىش - چارچاش بىلەن جەڭگىۋارلىقى ئاجىزلاپ كېتىدۇ. بۇ جەرياندا 73 كىشى قۇربان بولىدۇ، 105 كىشى قىسىمدىن ئايرىلىپ تارقاپ كېتىدۇ[1].

[1] خوجا سالى: «ئۆتكەن ئىشلاردىن ئۆرنەكلەر»، «قومۇل ئەدەبىياتى» 2004 - يىللىق 4 - سان، 75 - بەت.

ئەخمەت تۇردىيېۋ ئاكا مۇنداق دەپ ئەسلەيدۇ:

«ئاراتۇرۇككە ماڭغان خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ئىككى باتالىيونى باندىتلارنىڭ قولىدا قىرىلىپ كېتىدۇ، بۇ ئېنىق، بۇنىڭ ئۆزى ئاراتۇرۇكنى باندىتلارنىڭ قولىدىن ئازاد قىلىش مەغلۇبىيەتتىن دېرەك بېرىدۇ، ئەمما 3 ـ باتالىيوننىڭ ئەخمەت تۇردىيېۋ قوماندانلىق قىلغان 7 ـ ، 8 ـ روتىسى باندىتلارنىڭ مۇداپىئەسىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئاراتۇرۇكنى ۋە تاغ ئۈستىدە قامىلىپ قالغان ئازادلىق ئارمىيە قىسمىنى چىقىمسىز مۇھاسىرىدىن قۇتقۇلدۇردى[1]. 3 ـ باتالىيوننىڭ ئىككى روتىسىنى نېمىدەپ ئاتاش كېرەك؟ مانا بۇ مۇھىم مەسىلە. تارىخ ئۆزىنىڭ ھەقىقىي چىنلىقى بىلەن تارىخ بولالايدۇ، سەللا بىپەرۋالىق قىلسا، ئۇ تارىخ ئەمەس، قۇراشتۇرۇلغان بىر دۆۋە ھېكايە بولۇپ قالىدۇ».

يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، ئەخمەت تۇردىيېۋ داۋانىڭ يەر شارائىتىنى تەكشۈرگەندىن كېيىن، رىن شۈتيەن، ئىسمائىلوف، ئېلاخۇن، ئەلئەكبەروفلارغا:

— پىيادە قىسىملار ئىككى يان تەرەپتىن پىلىموت، مىنامىيوتلار بىلەن ئوت ئاچسۇن، ئاتلىق قىسىملار (3 ـ باتالىيون) تېزلىكتە ئۇدۇل ھۇجۇمغا ئۆتەيلى. بىز ئىگىلىگەن مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، باندىتلاردا پىلىموت، ئاپتومات، گىراناتقا ئوخشاش قوراللار يوق ئىكەن. ئۇلار قارا مىلتىق بىلەن بىر پاي ئوقنى ئېتىپ، يەنە بىر پايىنى ئاتقۇچە بىز داۋانغا يېقىن يەرگە بېرىۋالىمىز. بىزنىڭ «ھۇررا!» سادالىرىمىز باندىتلارغا قورقۇنچ، تەھدىت سالالايدۇ، ئۇلارنى سۈر باسىدۇ، — دەپ ئۆز پىلانىنى دوكلات قىلىدۇ. خۇسەيزى مومۇزوۋ تۇردىيېفنىڭ پىلانىنى رىن شۈتيەنگە تەرجىمە قىلىپ بېرىدۇ ۋە رەھبەرلىك مۇزاكىرىلىشىپ، تۇردىيېفنىڭ پىلانىغا قوشۇلىدۇ. 3 ـ باتال ـ

[1] بۇ مۇھىم تۆھپىنى رىن شۈتيەن ئېتىراپ قىلغان.

يونىنىڭ ئىككى روتىسىدىن خىللانغان جەڭچىلەرنى ئالدىغا ئۆتكۈزۈپ، تۇردىيېۋ ئوتتۇرىدا، ئوڭ تەرىپىگە ئىزۋوت كوماندىرى ئابلىمىت راخمانوفنى، سول تەرىپىگە 7 ـ روتىنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى ئەبەيدۇللا نامانوفنى ئېلىپ ھۇجۇمغا ئۆتۈش بۇيرۇقىنى بېرىدۇ، ئىدرىس سەيدۇللايېۋ كەينىدە تۇرۇپ قالغان جەڭچىلەرگە قوماندانلىق قىلىدۇ، مۇشۇنداق ئۇسۇل ئارقىلىق بىرلا ھۇجۇم بىلەن داۋاننى ئىگىلەپ، باندىتلارنىڭ مۇداپىئەسىنى بىتچىت قىلىپ تاشلايدۇ. بۇ قېتىمقى ھۇجۇمدا بىر ئاتنىڭ بۇرنىغا ئوق تېگىپ ئۆلىدۇ، ئات ئۈستىدىكى جەڭچى يەرگە يىقىلىپ چۈشىدۇ، بىراق، ھېچ نەرسە بولمايدۇ. رېن شۈتيەن، ئىسمائىلوف، ئېلاخۇن، ئەلىئەكبەروف ۋە بايقەدەم خۇسەيىنلار تۇردىيېفنىڭ قەھرىمانلىق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش ۋە ئۇرۇش قىلىش پىلانىنىڭ ئەمەلىي غەلىبىسىنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كېتىدۇ. رېن شۈتيەن خۇسەيزى موموزوفنىڭ تەرجىمىسىگە قارىمايلا «ياخشى، 7 ـ روتا كوماندىرىنىڭ قولىدىن ئىش كېلىدىكەن» دەپ ئۇنى قۇچاقلاپ كېتىدۇ.

ئەخمەت تۇردىيېۋ ئەبەيدۇللا نامانوف، ئىدرىس سەيدۇللايېۋ، ئابلىمىت راخمانوفلار بىلەن بىرلىكتە خىللانغان جەڭچىلەرنى باشلاپ باندىتلارنى قوغلاپ، ئاتلىق سەپنىڭ ئالدىدا يول ئېچىپ ماڭىدۇ، خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ كوماندىر ـ جەڭچىلىرى ماشىنىلىق كەينىدە ماڭىدۇ. رېن شۈتيەن، ئىسمائىلوف، ئېلاخۇن، ئەلى ئەكبەروفلار ئۇلار بىلەن بىللە ماڭىدۇ. تۇردىيېۋ باشلاپ ماڭغان قىسىم 5 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى كەچ سائەت توققۇز بىلەن داۋان ئېغىزىدىن يولغا چىقىپ، ئەتىسى شياۋچۈەن، كۆڭگىرەكنى ئىشغال قىلىدۇ. نەچچە يۈزلىگەن باندىت تام جىلغىغا قېچىپ كېتىدۇ. تۇردىيېۋ قوماندانلىقىدىكى ئالدىن ماڭغان قىسىملار تام جىلغا كەنتىگە 500 مېتىرچە قالغاندا، باندىتلار قىسىمنى ئوققا تۇتىدۇ، جەڭچىلەر

تۇردىيېفنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ كەتتىنى ئىشغال قىلىدۇ، بىراق تۆت ئەتراپتىكى تاغ ئۈستىنى باندىتلار ئىگىلىۋالغاچقا، قىسىم باندىتلارنىڭ قورشاۋىدا قالىدۇ. قاراڭغۇ چۈشكۈچە تىركىشىپ، ئاخىر تەشەببۇسكارلىق بىلەن چېكىنىپ چىقىدۇ. 5 ـ چېسلا قىسىملار تاغنىڭ جەنۇبىدىكى چوڭ يول بىلەن نېرىنكىرغا قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ، باندىتلار يەنە قىسىمنىڭ ئالدىنى توسىدۇ. بۇ يەردە باتالىيونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئالاقە ئودلىنىيەسىنىڭ كوماندىرى بېيىسىنبېك ئەكبجان 8 ـ روتا 3 ـ ئىزۋوتنىڭ جەڭچىسى تۇرداخۇن مامۇتوف[1] ئىككىسى قىسىمدىن 50 مېتىر ئالدىدا كېتىۋاتقان بولۇپ، ئۇلار بىر سايلىقتا بارغاندا ئاتلىرىدىن چۈشۈپ، ئالدىدىكى ئانچە ئېگىز بولمىغان تاقتا يامىشىپ تاغ چوققىسىغا چىقىشىغا ئالدى تەرەپتە مۆداپىئەدە تۇرغان باندىتلار ئاتقان ئوق ئۇلارنىڭ يېنىغا چۈشىدۇ، تۇرداخۇن مامۇتوف دەرھال يان تەرەپكە دومىلاپ بىر ئويماندا يېتىۋالىدۇ، بېيىسىنبېك ئەكبجان ئورنىدا قالىدۇ. ئازدىن كېيىن ئەكبجان: «تۇرداخۇن، ماڭا ئوق تەگدى تېز كەل»، دەپ چاقىرىدۇ. تۇرداخۇن مامۇتوف ئۇنىڭ يېنىغا بارغاندا ئەكبجان گەپ قىلالماي قالىدۇ، ئوق ئۇنىڭ كۆكسىنىڭ سول تۇگمىسىگە تەگكەندى. ئازدىن كېيىن ئەكبجان جان ئۈزىدۇ. كوماندىر ـ جەڭچىلەر باتالىيون ئىمامى ئابدۇۋەلى ئىبراھىموفنىڭ باشچىلىقىدا بېيىسىنبېك ئەكبجاننىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ تاغ ئۈستىگە دەپنە قىلىپ، تاشلار بىلەن قەبرە ياساپ قويۇپ، قىسىم يەنە يولغا چىقىدۇ. بۇ يەردە سېيىت باتۇر بىلەن ئونانباي باتۇرمۇ بار ئىدى. قىسىم داۋاملىق ئىلگىرىلەپ، بىر كىگىز ئۆي بار يەرگە بارغاندا، يەرلىك بىر ئادەم تۇردىيېفنى بىلىكىدىن تارتىپ كىگىز ئۆيگە ئەكىرىپ كېتىدۇ، شۇ ئارىدا تۇردىيېف تۇرغان جايغا بىر پاي ئوق چۈشىدۇ. بۇ ۋاقىتتا

[1] تۇرداخۇن مامۇتوف ھازىر شىخو شەھىرىدە دەم ئېلىشتا.

قىسىم تېخى يېتىپ كەلمىگەن بولۇپ، تۇردىيېف تۆت - بەش جەڭچى بىلەن ئالدىدا ماڭغانىدى. تۇردىيېف سەللا كېچىككەن بولسا، ئۇنىڭغا ئوق تەگكەن بولار ئىدى، چۈنكى، تاغ ئۈستىگە چىقىۋالغان باندىتلار ئۇنى كۆرۈپ قالغانىكەن. بۇ يەردە تۇرغانوفقا[1] ئوق تېگىپ قوربان بولىدۇ. توختى رېھىمغا[2] ئوق تېگىپ يېنىك يارىلىنىدۇ. كوماندىر - جەڭچىلەر باتالىيون ئىمامى ئابدۇۋەلى ئىبراھىموفنىڭ باشچىلىقىدا تۇرغانوفنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ تۆركۆلدىكى قەبرىستانلىققا دەپنە قىلىدۇ. قىسىم تۆركۆلگە بېرىپ بىر كېچە قونۇپ، ئەتىسى ئاراتۈرۈككە قاراپ يۈرۈش قىلىدۇ.

[1] تۇرغانوف 7 - روتا 3 - ئىززۋوتنىڭ جەڭچىسى، چاپچال ناھىيە جاغىستاي يېزىسىدىن.

[2] توختى رېھىم 7 - روتا 2 - ئىززۋوتنىڭ جەڭچىسى، غۇلجا ناھىيە ئارا ئۆستەڭلىك.

## 40 كۆنلۈك جەڭ

6 ـ چېسلا تۆردىيېف قوماندانلىقىدىكى مىللىي قىسىم تۆركۆلدىن يولغا چىقىپ، تۆركۆل بىلەن ئاراتۈرۈك ئارىلىقىدىكى قارا سىڭىرغا كەلگەندە، ئۇ يەردىكى باندىتلار قىسمىنىڭ ئالدىنى توسىدۇ، مىللىي قىسىمنىڭ شىددەتلىك زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمىگەن باندىتلار مەغلۇپ بولۇپ قېچىپ كېتىدۇ، بىر قىسىم باندىتلار تەسلىم بولىدۇ.

تۆردىيېف قوماندانلىق قىلغان مىللىي قىسىم 5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئاراتۈرۈك ناھىيەسىگە يېتىپ بارىدۇ، بۇ ۋاقىتتا 46 ـ پولك 1 ـ باتالىيونىنىڭ ئاراتۈرۈكتىكى 2 ـ روتىسىنىڭ مۇھاسىرىدە تۇرۇۋاتقىنىغا 40 كۈن بولغانىدى. 3 ـ باتالىيوننىڭ تۆردىيېف قوماندانلىق قىلغان ئىككى روتىسى يول بويى ئاۋانگارتلىق رول ئويناپ، ئۆرگەينىڭ غەربىگە يېتىپ بارىدۇ. 3 ـ باتالىيوندىكى كوماندىر ـ جەڭچىلەرنىڭ كىيىملىرى مىللىي ئارمىيەنىڭ فورمىسى بولغاچقا، 2 ـ روتىدىكىلەر تۆردىيېف قوماندانلىقىدىكى قىسىملارنى باندىتلار ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، خۇ چىڭسەن كوماندىر ـ جەڭچىلەرگە ئېتىش بۇيرۇقى بېرىدۇ. ئۇلار مىللىي قىسىمغا قارىتىپ ئىككى پاي ئوق ئاتىدۇ، جەڭچىلەر ئېھتىيات قىلغاچقا ھېچكىمگە ئوق تەگمەيدۇ. تۆردىيېف ئۇقۇشماسلىق بولغانلىقىنى بىلىپ، ئازادلىق ئارمىيەدىن ئالاقىلىشىش ئۈچۈن 3 ـ باتالىيونغا قوشۇپ بەرگەن ئىككى نەپەر جەڭچىگە[①] ئېگىز چوققىغا چىقىپ كاناي چېلىپ،

[①] ئۇلارنىڭ بىرى كاناىچى، يەنە بىرى بايراقچى ئىدى.

بايراق چىقىرىش ھەققىدە بۇيرۇق بېرىدۇ. ئۇلار ئېگىز چوققىغا چىقىپ كاناي چېلىپ، قىزىل بايراقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ لەپىلدەتكەندىن كېيىن، قارشى تەرەپ ئۆز ئادەملىرى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، خۇشال بولۇپ كېتىدۇ ۋە ماڭماسلىق ھەققىدە ئىشارەت قىلىدۇ ھەمدە بىر ئادەمنى تۇردىيېفلارنىڭ ئالدىغا ئەۋەتىدۇ. ئاكوپتىن چۈشكەن ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىسى تۇردىيېف قوماندانلىقىدىكى كوماندىر - جەڭچىلەرنى كۆرۈپ خاتا چۈشىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن مىللىي ئارمىيەنىڭ كوماندىر - جەڭچىلىرىدىن كەچۈرۈم سورايدۇ. 2 - روتا باندىتلاردىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن يوللارغا مىنا كۆمۈۋەتكەنىدى. ئاكوپتىن چۈشكەن جەڭچى تۇردىيېف قوماندانلىقىدىكى قىسىملارنى مىنا كۆمۈلمىگەن يوللار بىلەن باشلاپ ئۆتكۈزۈپ قويىدۇ.

باندىتلارنىڭ ئۆزلىرى مۇستەھكەم دەپ ھېسابلىغان نېرىنكىر داۋىنىدىكى مۇداپىئەسىنى تۇردىيېف قوماندانلىقىدىكى مىللىي قىسىمنىڭ بىرلا ھۇجۇم بىلەن بۆسۈپ ئۆتكەنلىكىنى ئاڭلىغان باندىتلار ناھىيە بازىرىدىكى بارلىق خەلقنى ئەگەشتۈرۈپ تاغقا چىقىپ كەتكەنىدى. تۇردىيېف قوماندانلىقىدىكى قىسىملار ئاراتۈرۈك ناھىيە بازىرىنى ئىگىلەپ تۆت سائەتتىن كېيىن رېن شۈتيەن، ئىسمائىلوف، ئېلاخۇن، ئەلىئەكبەروف، خۇسەيزى مومۇزوف قاتارلىق كوماندىرلار ۋە باشقا قىسىملار يېتىپ كېلىدۇ. چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدە خۇ چىڭسەن قوماندانلىقىدىكى گازارمىدىن چىققان كوماندىر - جەڭچىلەر ۋە ياردەمگە كەلگەن قىسىملار ئاراتۈرۈك ناھىيە بازىرىنىڭ ئۆرگەي يول ئاغزىدا ئۇچرىشىدۇ. خۇ چىڭسەن ئىسمائىلوفنى قۇچاقلاپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئۈن سېلىپ يىغلىۋېتىدۇ[1]. ئاراتۈرۈك ناھىيەسىنى 40 كۈن ساقلىغان 2 - روتىدىكى كوماندىر -

① سىياسىي كېڭەش قومۇل ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «قومۇل تارىخ ماتېرىياللىرى» (خەنزۇچە)، 3 - قىسىم، 120 - بەت.

جەڭچىلەر ياردەمگە كەلگەن سەپداشلىرىنى كۆرۈپ ھەممىسى ىىغلاپ كېتىدۇ. خۇ چىڭسەن پولك كوماندىرى رېن شۇتيەنگە:

— بۇ قېتىم 2 ـ روتىدا ئۆلۈش ـ يارىلىنىش ناھايىتى كۆپ، ئاممىۋى خىزمەتنى ياخشى ئىشلىيەلمىدۇق، رەھبەرلىككە جاۋاب بېرەلمەيمىز، — دەيدۇ. رېن شۇتيەن جاۋابەن:

— سىلەر ئارمىيەمىزنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، دۈشمەن بىلەن قەيسەرانە جەڭ قىلىپ، ئارمىيەمىز ئۈچۈن ئۆلگە تىكلەپ بەردىڭلەر. بۇ قېتىم ئەقلىڭلارنى ئىشلەت- تىڭلار، جاپا چەكتىڭلار، — دەيدۇ[1].

تۇردىيېۋ قوماندانلىقىدىكى ئاراتۇرۇك ناھىيە بازىرىغا ئالدىن كىرگەن قىسىملار ناھىيە بازىرىدىن بىرمۇ يەرلىك خەلقنى تاپالمايدۇ، ئۇلار پەقەت 60 ياشلار ئەتراپىدىكى بىر ئۇيغۇر كىشىنىڭ جەسىتىنى ئۇچرىتىدۇ. شۇ كۈنى (7 ـ چېسلا) تۇردىيېۋ باندىتلارغا ئەگىشىپ تاغقا چىقىپ كەتكەن خەلقنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن ئابلىمىت راخمانوف قوماندان- لىقىدىكى بىر ئىزۋوت جەڭچىنى تاغقا چىقىشقا بۇيرۇيدۇ. ئۇلار تاغقا چىقىپ شەرقىي تۆگە دۆڭگە[2] دېگەن جايغا بارغاندا تۇرغۇن پالۋان ۋە يەھياغا ئۇچرىشىپ قالىدۇ. بىز بۇ يەردە تۇرغۇن پالۋان توغرۇلۇق ئازراق توختىلىپ ئۆتەيلى:

تۇرغۇن پالۋان ئاراتۇرۇك ناھىيە توخولو يېزىسى بۇلاقبېشى كەنتىدىن بولۇپ، نەۋقىران چاغلىرىدىن تارتىپلا ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، كېيىنچە ئۇستا مەرگەن بولۇپ يېتىشىپ چىققان ۋە ئەل ئارىسىدا «تۇرغۇن پالۋان» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىشقا باشلىغان. 40 كۈنلۈك قوغدىنىش ئۇرۇشى باشلانغاندا، يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك شوپۇل تەرەپتىن ئاراتۇ- رۇككە ياردەمگە بارغان خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ قىسمىدىن

[1] سىياسىي كېڭەش قومۇل ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «قومۇل تارىخ ماتېرىياللىرى» 4 ـ قىسىم (خەنزۇچە) 70 ـ، 71 ـ بەتلەر.
[2] بۇ جاينىڭ ئۇ يەر بۇ يېرى چوققا، ئارىسى تۈزلەڭلىك ئىدى.

ئايرىلىپ قالغان بەش نەپەر جەڭچىسىنى ئاراتۇرۇكتىكى يۇرت چوڭلىرى بېقىۋالغان بولۇپ، ئۇلاردىن بىر نەپىرىنى تۇرغۇن پالۋان بېقىۋالغان(ئودلىنىيە كوماندىرى ئىدى). باشقىلار بېقىۋالغان ئەسكەرلەرنى ئوسمان باندىتىنىڭ شايكىسى ھەيدارنىڭ ئادەملىرى بايقاپ قېلىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن، پەقەت تۇرغۇن پالۋان بېقىۋالغان ئودلىنىيە كوماندىرىلا ئامان قالغان. مۇشۇ ۋاقىتتا ناھىيەلىك ھۆكۈمەتتىن تۇرغۇن پالۋاننىڭ ئۆيىگە ئادەم كەلگەندە، تۇرغۇن پالۋان ئۆزى بېقىۋالغان ئودلىنىيە كوماندىرىنى ئۇلارغا تاپشۇرۇپ بەرگەن. ناھىيەلىك ھۆكۈمەتتىن چىققان كادىرلار تۇرغۇن پالۋانغا:

— يۇر، ناھىيە بازىرىغا كىرىپ كېتەيلى، — دېگەندە، ئۇ:

— سىلەر قايتىپ تۇرۇڭلار، مېنىڭ بالىلىرىم بار، كەينىڭلاردىن بالىلارنى ئېلىپ باراي، — دەيدۇ. شۇ كېچىسى تۇرغۇن پالۋاننىڭ ئات، قېچىرلىرىنى ھەيدەرنىڭ ئادەملىرى بۇلاپ كەتكەن. ئەتىسى يامان نىيەتتىكى بىر قىسىم ئادەملەر: كومپارتىيە كېلىپتۇ، ئۇلار قىزلارنى بۇلايدىكەن، مەسچىتلەرنى چېقىپ، دىننى يوقىتىدىكەن، ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلايلى، تېز بولۇڭلار، دېگەن. شۇنىڭ بىلەن تۇرغۇن پالۋان بىلەن يەھيا ئۇلارنىڭ يالغان گەپ - سۆزلىرىگە ئىشىنىپ تاغقا چىقىپ باندىتلارغا قوشۇلۇپ كەتكەن.

يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، تۇردىيېف ئەۋەتكەن ئابلىمىت راخمانوف قوماندانلىقىدىكى مىللىي قىسىم تۇرغۇن پالۋان بىلەن يەھيانى قوغلاپ ئاتنىڭ يايلىسىدەك كەتكەن ئېگىز تاغ باغرىغا كەلگەندە، ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئىككىلا تەرەپ ئېگىزلىكنى تالىشىپ قالىدۇ. تۇرغۇن پالۋانلار ئاۋۋال تاغنىڭ شەرقىي تەرىپىدىن تاغ چوققىسىغا قاراپ يامىشىدۇ. بۇ ئىستراتېگىيەلىك مۇھىم جاي بولۇپ، ئېگىزلىكنى ئىگىلەش ئۇرۇشتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. ئابلىمىت راخمانوف دەرھال قاۋۇل جەڭچىلەردىن تەشكىللەنگەن بىر ئودلىنىيەنى

ئەڭ ئالدى بىلەن تاغ چوققىسىنى ئىگىلەشكە بۇيرۇيدۇ ۋە ئۆزىمۇ بىللە ماڭىدۇ، بۇ ۋاقىتتا تۇرغۇن پالۋانلار خېلى يۇقىرى ئۆرلەپ كەتكەنىدى. ئابلىمىت راخمانوف باشلاپ ماڭغان ئودلىـنىيە ناھايىتى تېزلا تاغقا يامىشىپ، ھەش ـ پەش دېگۈچە تاغنىڭ يېرىمىغا يېتىپ بارىدۇ، باشقا كوماندىر ـ جەڭچىلەرمۇ ئۇلارنىڭ كەينىدىن تاغقا يامىشىدۇ. تۇرغۇن پالۋانلار تاغ چوققىسىغا 20 مېتىر قالغاندا، ئابلىمىت راخمانوف يېتەكلەپ ماڭغان ئودلىنىيە تاغ چوققىسىنى ئىگىلەيدۇ. ئابلىمىت راخمانوفلارغا ئەگىشىپ ماڭغان كوماندىر ـ جەڭچىلەرمۇ تاغ چوققىسىغا يېتىپ چىقىدۇ، چۈنكى، مىللىي ئارمىيەنىڭ كوماندىر ـ جەڭچىلىرى دائىم تاغقا چىقىپ مەشىق قىلىپ تۇرغاچقا، گەرچە تۇرغۇن پالۋانلار تاغقا مىللىي ئارمىيە قىسىمىدىن بۇرۇن ياماشقان بولسىمۇ كەينىدە قالىدۇ. تۇرغۇن پالۋان بىلەن ئۇنىڭ ياردەمچىسى يەھيا تەسلىم بولۇشنى رەت قىلىپ بىر ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە كىرىۋالىدۇ، بۇ ئەھۋالنى جەڭچىلەر ئابلىمىتكە دوكلات قىلىدۇ. ئابلىمىت ئۆڭكۈرنى كۆرۈپ، ئۆڭكۈرنىڭ ئالدى تەرىپىدىن ئادەم بارسا خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۆڭكۈرنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ تۇرغۇن پالۋان بىلەن يەھياغا كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىپ:

— بىز ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسىنىڭ كوماندىر ـ جەڭچىلىرى، بىز بىلەن قارشىلاشماي سىرتقا چىقىڭلار، بىز سىلەرگە چىقىش يولى بېرىمىز، — دەپ ئۇلارنى سىرتقا چىقىشقا ئۈندەيدۇ. ئۇلار يەنىلا ئۆڭكۈردىن چىقىشقا ئۇنىمايدۇ. جەڭچىلەر ئابلىمىتكە:

— كوماندىر! ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە بىر گىرانات تاشلىساق بولدى ئەمەسمۇ؟ نېمە قىلىمىز ئاۋارە بولۇپ، — دېگەندە، ئابلىمىت جەڭچىلەرگە:

— بولمايدۇ، تۇرغۇن پالۋان مۇھىم ئادەم، باندىتلارنىڭ

مۇئاۋىن پولك كوماندىرى، ئۇلارنى چوقۇم تىرىك تۇتۇش كېرەك، قايسىڭلار ئۆڭكۈرگە كىرىپ بۇ ئىككى بانىدىتنى تۇتۇپ چىقىسىلەر، — دېگەندە، سۇيدۇڭلۇك ئامان ئىسىملىك بىر جەڭچى كېلىپ ئابلىمىتكە سالام بېرىپ:

— كوماندىر! جەڭچىلەر مېنى قورقۇنچاق، دائىم كەينىدە يۈرىدۇ، ئالدىغا ئۆتمەيدۇ دەپ مازاق قىلىدۇ. بۈگۈن مەن مۇشۇ ئاھانەتنى يۇمىسام بولمايدۇ. رۇخسەت قىلسىڭىز، ئۆڭكۈرگە مەن چۈشسەم، — دەپ ئىلتىماس قىلىدۇ. ئابلىمىت ئاماننىڭ ئىلتىماسىغا قوشۇلۇپ ئۇنىڭغا:

— سەن پەسكە سىيرىلىپ چۈشۈپ تاشنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ مۆكۈنگىن. مەن ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىغا گىراناتا تاشلايمەن، گىرانات پارتلاپ ئىس - تۈتەك كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئاندىن ئۆڭكۈرگە كىرگىن. ئەگەر ئۆڭكۈرگە ئۇدۇللا كىرسەڭ، ئۇلار مەرگەن، سېنى ئېتىپ قويىدۇ. سەن ئۆڭكۈرگە كىرگەندە، ئۇلار يەنە قارشىلىق قىلسا ئۆز جازاسى ئۆزىگە، ئېتىۋەت، — دەپ بۇيرۇق بېرىدۇ. ئامان «خوپ!» دەپ ئاپتوماتنى كۆتۈرۈپ تۆۋەنگە سىيرىلىپ چۈشۈپ، تاشنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ ئابلىمىتقا ئىشارەت قىلىدۇ. ئابلىمىت ئېڭىشىپ تۇرۇپ ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىغا بىر گىراناتنى تاشلايدۇ، تۇرغۇن پالۋان گىراناتنى ئويمانغا تېپىپ چۈشۈرۈۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئابلىمىت 2 - گىراناتنى تاشلايدۇ، يەھيا گىراناتنى ئويمانغا چۈشۈرۈۋېتىش ئۈچۈن ئەمدىلا گىراناتقا پۇتىنى سۇنۇشىغا گىرانات پارتلاپ يەھيانىڭ پۇتى، تۇرغۇن پالۋاننىڭ بېشى يارىلىنىدۇ. ئامان ئۆڭكۈر ئاغزىدىكى قاننى كۆرۈپ: «ئۇلار ئۆلۈپتۇ» دېيىشىگە، تۇرغۇن پالۋان بىلەن يەھيا: «سىرتتىكىلەر مىللىي ئەسكەرلەر ئىكەنغۇ» دەپ، «بىز ئۆلمىدۇق، هايات» دەيدۇ. ئامان تۇرغۇن پالۋانلارغا يۇقىرى ئاۋاز بىلەن: «قوراللىرىڭلارنى سىرتقا تاشلاڭلار!» دېگەندە، تۇرغۇن پالۋان بىلەن يەھيا قوراللىرىنى سىرتقا تاشلايدۇ، ئامان يەنە: «پىلىموتنىمۇ تاشلاڭلار» دېگەندە،

تۇرغۇن پالۋان: «بىزدە پىلىموت يوق، پەقەت ئىككى دانە قارا مىلتىقلا بار» دەيدۇ. ئامان تۇرغۇن پالۋانلارغا: «ئۆكتەكۇردىن چىقىڭلار!»[1] دېگەندە، تۇرغۇن پالۋان: «ھەمرايىمنىڭ پۇتى يارىلاندى، ماڭالمايدۇ، سىلەر كىرىپ ئېلىپ چىقىڭلار» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئامان ئۆكتەكۇرگە كىرىپ يەھيانى كۆتۈرۈپ سىرتقا ئېلىپ چىقىدۇ.

تۇردىيېف قوماندانلىقىدىكى ئىككى روتا كوماندىر ـ جەڭچى قالدۇق باندىتلارنى ئىز بېسىپ قوغلاپ، ئاراتۇرۇك ناھىيەسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى تاغلارغا يۈرۈش قىلىدۇ ۋە تاغ بېشىغا چىقىۋالغان باندىتلارغا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى تىرىپىرەن قىلىۋېتىدۇ. باندىتلار شەرق تەرەپكە قاچىدۇ، نۇرغۇن باندىت قول كۆتۈرۈپ تەسلىم بولىدۇ. بۇ جەڭدە توختارنىڭ ئۇچ يېرىگە ئوق تېگىپ يارىدار بولىدۇ. ئۇرۇش جىددىي بولۇۋاتقاچقا توختارنى ناھىيە بازىرىغا مەخسۇس ئادەم ئېلىپ بېرىشقا ئىمكانىيەت يوق ئىدى، شۇڭا تۇردىيېفنىڭ بۇيرۇقى بىلەن جەڭچىلەر توختارنى ئاتقا مىندۈرۈپ مەھكەم باغلاپ، ئاتنى قامچىلاپ چاپتۇرۇۋېتىدۇ، ئۇنىڭغا باندىتلارنىڭ ئاتقان ئوقى تەگمەيدۇ، ئات ئۇنى سالامەت ئاراتۇرۇك ناھىيە بازىرىغا ئېلىپ بارىدۇ. ئۇ خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ قومۇلدىكى 16 ـ دىۋىزىيە دوختۇرخانىسىدا داۋالىنىپ ساقىيىدۇ[2]. ئاراتۇرۇكنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا ئۇرۇش بولۇۋاتقاندا، ئۇدلىنىيە كوماندىرى ماموت ئابدوروسۇلوف، ئابلىمىت ۋە ئارا[3] قاتارلىق ئىككى جەڭچى بىلەن بىر بۇلاقتا يۈز ـ كۆزلىرىنى يۇيۇپ قىسمىدىن ئايرىلىپ قېلىپ باندىتلارنىڭ قورشاۋىدا

---

[1] ئۆكتەكۇر يەر يۈزىدىن ئىككى مېتىر ئېگىزلىكتە ئىدى.

[2] توختار 1955 ـ يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كېتىدۇ.

[3] ئارا بورتالا شەھىرىنىڭ يالقۇن ئۇچقۇن يېزىسىدىن بولۇپ، كېيىن يەرلىككە ئالمىشىپ، بورتالا ئوبلاستى ئارشاڭ ناھىيەلىك تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپىدا ئىشلەپ دەم ئېلىشقا چىققان. ۋاپات بولۇپ كەتتى.

قالىدۇ. ئۇلار چېكىنىپ تاغ چوققىسىغا چىقىۋېلىپ باندىتلارنىڭ كۆپ قېتىملىق ھۇجۇمىنى چېكىندۇرىدۇ ۋە ئابلىمىتنىڭ قوۋۇرغىسىغا، ئارانىڭ كاسىسىغا ئوق تېگىپ يارىدار بولىدۇ، چوڭ قىسىم كەلگەندىن كېيىن باندىتلار قاچىدۇ. ئۈچ كۈندىن كېيىن ئودلىنىيە كوماندىرى مامۇت ئابدۇروسۇلوف يارىدار بولغان ئىككى سەپدىشىنى يۆلەپ تاغدىن چۈشىدۇ، جەڭچىلەر ئۇلارنى كۆرۈپ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ يۆلەپ ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ ئىككى جەڭچىمۇ خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ قومۇلدىكى 16 ـ دىۋىزىيە دوختۇرخانىسىدا داۋالىنىپ ساقىيىدۇ. مامۇت ئابدۇروسۇلوف مۇشۇ قېتىم كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۈچۈن 1952 ـ يىلى 5 ـ كورپۇس بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن كۈرەش قەھرىمانلىرىنى تەقدىرلەش يىغىنىدا «كۈرەش قەھرىمانى» بولۇپ تەقدىرلەنگەنىدى. كورلا بۇگۈرلۈك مەخسۇت ئىدرىس ئىسىملىك بىر جەڭچى ئېغىر يارىدار بولىدۇ. ئۇ خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ قومۇلدىكى 16 ـ دىۋىزىيە دوختۇرخانىسىدا داۋالانغان بولسىمۇ داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي قومۇلدا ۋاپات بولىدۇ. رېن شۈتيەن مامۇت ئابدۇروسۇلوف قاتارلىق ئۈچ جەڭچى قايتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى ئەنسىرەپ تۇردىيىۋىقا:

— مامۇت ئابدۇروسۇلوف قاتارلىق ئۈچ جەڭچى باندىتلارغا قوشۇلۇپ كەتكەنمىدۇ؟ — دەيدۇ. تۇردىيىۋ رېن شۈتيەنگە:

— خاتىرجەم بولۇڭ. خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولغان ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسىدىكى كوماندىر ـ جەڭچىلەرنىڭ ئىرادىسى چىڭ، مەيدانى مۇستەھكەم، ئارىمىزدا سىز دېگەندەك باندىتلارغا قوشۇلۇپ كېتىدىغان كوماندىر ـ جەڭچىلەر مەۋجۇت ئەمەس، — دەپ تاغدىن چۈشۈۋاتقان مامۇت ئابدۇروسۇلوف، ئابلىمىت، ئارا قاتارلىق ئۈچ جەڭچىنى كۆرسىتىپ:

— ئەنە سىز باندىتلارغا قوشۇلۇپ كەتكەنمىدۇ دەپ ئەنسىرىگەن جەڭچىلەر كېلىۋاتىدۇ، دېگەندە، رېن شۈتيەن مامۇت

ئابدۇروسۇلوفلارنى كۆرۈپ ئۆپكىدەك قىزىرىپ كېتىدۇ.

3 ـ باتالىيوندىكى كوماندىر ـ جەڭچىلەر 46 ـ پولكنىڭ ئىككى باتالىيونى بىلەن بىللە قالدۇق باندىتلارنى داۋاملىق ئىز بېسىپ قوغلاپ چۆلتاغ، ئۆمۈر تاغلىرىغا بارىدۇ. قىسىم داۋاملىق شەرققە قاراپ ئىلگىرىلىگەندىن كېيىن ئىككىگە بۆلۈ-نۈپ، ئىسمائىلوف، تۇردىيېف، نامانوف، ئابلىمىت، مۇھەممەت نامىتوف ، ھاسىلبايلار ئېدىر، قوراي، ئاراتام، تاشار تەرەپلەرگە يۈرۈش قىلىدۇ، ئېلاخۇن، خۇسەيزى مومۇزوف، ئىدرىس، مۇ-ھەممەتجان شاۋۇدۇنوف، ھاجى سالى نىياز، يىس قوجايېف، تا-ھىر موردىنوف ، تاھىر ئىسكەندىروفلار شوپۇل، خوتۇنتام تە-رەپلەرگە يۈرۈش قىلىدۇ.

ئىسمائىلوف، تۇردىيېفلار قوماندانلىقىدىكى كوماندىر ـ جەڭچىلەر باندىتلارنى قوغلاپ قومۇل شەھىرىنىڭ تەڭرىتاغ يې-زىسى ئېدىر كەنتىنىڭ شىمالىدىكى قىزىل تۇمشۇق دېگەن جايغا كەلگەندە تۇيۇقسىز ئوق ئاۋازى ئاڭلىنىپ، 8 ـ روتىنىڭ جەڭچىسى مجىت ئىبراھىمنىڭ بېشىغا ئوق تېگىپ يارىدار بولىدۇ. تۇردىيېف جەڭچىلەرگە «تارقىلىڭلار» دەپ بۇيرۇق بې-رىدۇ، جەڭچىلەر دەرھال ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىپ مۇداپىئەگە ئۆتىدۇ. تۇردىيېف ئوق چىققان تەرەپنى كۆزىتىپ، ئوق چىقار-غانلار خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى قىسمى ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ. تۇردىيېف ئۇلارنىڭ كوماندىرىدىن: «نېمىشقا بىزگە ئوق چىقى-رىسىلەر؟» دەپ سورايدۇ، ئۇلارنىڭ كوماندىرى: «مەن سىلەرنى باندىتلار ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ ئېتىشقا بۇيرۇق قىپتىمەن» دەپ ئىسمائىلوف، تۇردىيېف قوماندانلىقىدىكى كوماندىر ـ جەڭچى-لەردىن ئەپۇ سورايدۇ. جەڭچى مجىت ئىبراھىم[①] ئۈچ كۈندىن كېيىن جان ئۈزىدۇ، ئۇنى ئېدىردىكى ئاممىۋى قەبرىستانلىققا دەپنە قىلىدۇ.

---

[①] مجىت ئىبراھىم غۇلجا ناھىيەسىدىن.

قىسىم باندىتلارنى ئىز بېسىپ قوغلاپ قوراي تاغلىرىغا بېرىپ تاغقا يامىشىپ چىقىۋاتقاندا، جەڭچى ئەكبەر[1] قورالى بىلەن تاغدىن غۇلاپ چۈشۈپ كېتىدۇ. ئەكبەرنى جەڭچىلەر قورايدىكى بىر بوۋاينىڭ ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ، بوۋايغا تاپشۇرۇپ: «سىز بۇ جەڭچىگە ئوبدان قاراپ، ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ قويۇڭ، ئەگەر جان ئۈزۈپ قالسا يۇيۇپ - تاراپ نامىزىنى چۈشۈرۈپ يەرلىككە قويۇپ قويۇڭ» دەپ تاپىلاپ قويۇپ، يەنە يولىغا راۋان بولىدۇ. ئەكبەر بىرنەچچە كۈندىن كېيىن جان ئۈزىدۇ، ھېلىقى بوۋاي باشلىق جامائەت ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ قورايدىكى ئاممىۋى قەبرىستانلىققا دەپنە قىلىدۇ[2].

ئېلاخۇن، موموزوفلار قوماندانلىقىدىكى كوماندىر - جەڭچىلەر گومىنداڭنىڭ ھەقىقەتكە قايتىشقا قارشى قاچاق ئەسكەرلىرى ۋە قالدۇق باندىتلارنى قوغلاپ خوتۇنتامغا كېلىپ، ئۇ يەردە گومىنداڭنىڭ 70 — 80 دەك قاچاق ئەسكىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىدۇ. دەل مۇشۇ پەيتتە قومۇل تەرەپتىن بەش بىرونېۋىك چىقىپ مىللىي قىسىمغا ياردەم قىلىدۇ، ئاخىر گومىنداڭ قاچاقلىرى تارمار كەلتۈرۈلۈپ، ئاتمىشتەك قاچاق ئەسكەر ئەسىر ئېلىنىدۇ. مىللىي قىسىم خوتۇنتامدىن شوپۇلغا قاراپ يولغا چىقىپ كەچ بولۇپ كەتكەچكە بىر قوتاندا قونۇپ، ئەتىسى گومىنداڭنىڭ قاچاق ئەسكەرلىرى ۋە باندىتلارنى قوغلاپ شوپۇل تاغلىرىغا يۈرۈش قىلىدۇ. قىسىم دۈشمەننى قوغلاپ بىر ساي ئاغزىغا بارغاندا توختايدۇ. خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى دۈشمەنلەرنى قوغلاپ تاغ ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ، ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن تاغ ئىچىدە ئوق ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ. مىللىي قىسىم ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە تەييارلىنىپ، تاغ چوققىلىرىغا ئۇچ - تۆتتىن

[1] ئەكبەر غۇلجا ناھىيە نوغايتۇ يېزىسىدىن.

[2] تاھىر موردىنوف: «ئەكبەرگە ئاراتۇرۇكتە ئوق تەگدى، ئۇنىڭغا ئوق تەگكەن يەردە بىر موڭغۇل جەڭچىگىمۇ ئوق تەگدى، بۇ يەردە ھاسىلبايمۇ بار ئىدى» دەيدۇ.

چىقىپ تەييارلىنىپ تۇرىدۇ. دۈشمەنلەر يېقىنلاپ كەلگەندە مىللىي قىسىمنىڭ بىر ئودلىنىيە كوماندىرى 18 دۈشمەننى ئېتىپ ئۆلتۈرىدۇ. ئىدرىس سەيدۇللايېف بىلەن تاھىر ئىسكەندىروف تاغ چوققىسىدا بولۇپ، باندىتلار ھۇجۇم قىلىپ كەلگەندە ئۇلارنىڭ ئوقى تۈگەي دەپ قالغانىدى، ئۇلار ئاخىرقى گىراناتنى تاشلاپ بولۇپ ئاتلىرىغا مىنىپ چېكىنىدۇ. تاھىر ئىسكەندىروفنىڭ ئېتى مۇدۇرۇپ يىقىلىپ كېتىدۇ، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە ئېتىغا مىنىپ چېكىنىۋاتقاندا باندىتلار ئاتقان ئىككى پاي ئوقنىڭ بىرى ئۇنىڭ مۈرىسىنى، يەنە بىرى پۇتىنى سۇرۇپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە قومۇل تەرەپتىن ئۈچ تانكا چىقىپ دۈشمەننىڭ ئالدىنى توسىدۇ، مىللىي قىسىم ئۇلارغا ماسلىشىپ دۈشمەنلەرنى تارمار قىلىدۇ ۋە ئوتتۇزدەك گومىنداڭ قاچاق ئەسكىرىنى ئەسىر ئالىدۇ. شوپۇلنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇرۇشتا مۇھەممەتجان شاۋۇدۇنوفنىڭ قورسىقىغا①، تۇرغان پەيزۇللايېفنىڭ ئوڭ پۇتىغا ئوق تېگىدۇ②، ئۇلارمۇ كېيىن خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ قومۇلدىكى 16 - دىۋىزىيە دوختۇرخانىسىدا داۋالىنىپ ساقىيىپ كېتىدۇ. باندىتلار تازىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، 3 - باتالىيون ساقىغا، ئاندىن قومۇلغا قايتىپ كېلىدۇ. قومۇل تاغلىرىدىكى باندىت تازىلاش ئۇرۇشى تاكى 1950 - يىلى 8 - ئايغىچە داۋاملىشىدۇ.

دېمەك، 1950 - يىلى 4 - ئايدىن 8 - ئايغىچە قومۇل تاغلىرى ۋە باركۆل، ئاراتۇرۇك قاتارلىق جايلاردا ئېلىپ بېرىلغان بىر قاتار باندىت تازىلاش ئۇرۇشىدا 3 - باتالىيون 7 - روتىنىڭ كوماندىرى ئەخمەت تۇردىيېف ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرۇپ، كوماندىر - جەڭچىلەرگە قوماندانلىق قىلىپ باندىت تازىلاش ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتە

---

① ئوق مۇھەممەتجان شاۋۇدۇنوفنىڭ قورسىقىنى جىراپ ئۆتۈپ كەتكەنىدى.

② ئوق تۇرغان پەيزۇللايېفنىڭ تاپىنىدىن كىرىپ پۇتىنىڭ ئۈستىدىن چىقىپ كەتكەنىدى.

ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. ئۇنىڭ قومۇلدىكى باندىت تازىلاش ئۇرۇشىدا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۇچۇن شىنجاڭ ھەربىي رايونى تەرىپىدىن 407 ـ نومۇرلۇق شەرەپ گۇۋاھنامىسى بېرىلىپ «ئازادلىق» مېدالى بىلەن مۇكاپاتلىنىدۇ.

1950 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن 8 ـ ئايغا قەدەر قومۇل، باركۆل، ئاراتۇرۇك قاتارلىق جايلاردا ئېلىپ بېرىلغان باندىت تازىلاش ئۇرۇشىدا يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك تۇرسۇن نىياز، قالى ئەكبەر، توختاسىن، مىجىت ئىبراھىم، بېيىسنىبېك ئەكىجان، تۇرغانوف، ئەكبەر، مەخسۇت ئىدرىس، ئابلىكىم، مۇھىنۇر ساپا قاتارلىق 10 نەپەر جەڭچى قۇربان بولىدۇ. توختى رېھىم، توختار، ئابلىمىت، ئارا، مۇھەممەتجان شاۋۇدۇنوف، تۇرغان پەيزۇللايېف قاتارلىق ئالتە كوماندىر ـ جەڭچى ياردار بولىدۇ.

ئاراتۇرۇكتە تۇرۇشلۇق 2 ـ روتىدا جەمئىي 141 نەپەر كوماندىر ـ جەڭچى بولۇپ، خۇ چىڭسەن ۋە باتالىيون ئىشتابىدىكى ئوفىتسېرلارنى قوشقاندا 144 ئادەم ئىدى. 40 كۈنلۈك كۆرەشتە 42 ئادەم قۇربان بولغان. ئىككى قېتىم ياردەمگە كەلگەن قىسىملاردىن 13 ئادەم چىقىم بولغان بولۇپ، 46 ـ، 48 ـ پولكتىن 11 ئادەم، 40 ـ پولكتىن ئىككى ئادەم قۇربان بولغان[①].

① سىياسىي كېڭەش قومۇل ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «قومۇل تارىخ ماتېرىياللىرى» 4 ـ قىسىم (خەنزۇچە) 72 ـ بەت.

# قوشۇندىكى تەڭشىلىش

1950 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن 8 ـ ئايغىچە ئېلىپ بېرىلغان باندىت تازىلاش ئۇرۇشى ئاساسىي جەھەتتىن ئاياغلاشقاندىن كېيىن، 3 ـ باتالىيوننىڭ ھەر دەرىجىلىك كوماندىرلىرىدا قىسمەن ئۆزگىرىش بولىدۇ:

1. 1950 ـ يىلى 10 ـ ئايدا 8 ـ روتىنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى ياسىنجان يارمۇھەممەت 40 ـ پولك تەلىم ـ تەربىيە روتىسىنىڭ سىياسىي يېتەكچىلىكىگە يۆتكەلگەندىن كېيىن، تۇرپاندا تۇرۇشلۇق 9 ـ روتىنىڭ كاتىپى ئىبراھىم رازىيېۋ 8 ـ روتىنىڭ سىياسىي يېتەكچىلىكىگە تەيىنلىنىپ، 1951 ـ يىلى 1 ـ ئايدا 40 ـ پولك سىياسىي باشقارمىسىنىڭ تەشۋىقات تەربىيەچىسى بولۇپ يۆتكەلگەندىن كېيىن، 8 ـ روتىنىڭ زاپخوزى نۇرجان كەڭرىبەرگىن 8 ـ روتىنىڭ سىياسىي يېتەكچىلىكىگە ئۆستۈرۈلىدۇ.

2. 1950 ـ يىلى 10 ـ ئايدا 3 ـ باتالىيوننىڭ دوختۇرى ئەسمەتۇللا نىغمەتوف (ئەسمەتۇللا ساۋۇتوف) 40 ـ پولك دوختۇرخانىسىغا يۆتكەلگەندىن كېيىن، 40 ـ پولك دوختۇرخانىسىدىن ئابدۇللا نىيازوف 3 ـ باتالىيوننىڭ دوختۇرلۇقىغا تەيىنلىنىپ قومۇلغا كېلىدۇ.

3. 1950 ـ يىلى 12 ـ ئايدا 7 ـ روتىنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى ئەبەيدۇللا نامانوف 40 ـ پولك جامائەت خەۋپسىزلىكى باتالىيونىنىڭ ئىشتاب باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەندىن كېيىن، 7 ـ روتا 2 ـ ئىزۋوتىنىڭ كوماندىرى ئابلىمىت راخمانوف 7 ـ روتىنىڭ سىياسىي يېتەكچىلىكىگە ئۆستۈرۈ-

لىدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا زاپاس ئىزۋوت كوماندىرى يەھيا ئىمىن 2 ـ ئىزۋوتنىڭ كوماندىرلىقىغا تەيىنلىنىدۇ.

4. 1950 ـ يىل 12 ـ ئايدا 8 ـ روتىنىڭ كوماندىرى خۇسەيزى مومىزوۋ 14 ـ دىۋىزىيە سىياسىي بۆلۈمى تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا يۆتكەلگەندىن كېيىن، تۇرپاندا تۇرۇشلۇق 9 ـ روتىنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى ئابدۇ رېھىم خوجامنىياز 8 ـ روتىنىڭ كوماندىرلىقىغا ئۆستۈرۈلىدۇ.

5. 1951 ـ يىل 2 ـ ئايدا 3 ـ باتالىيوننىڭ كوماندىرى مۇھەممەت ئىسمائىلوف 40 ـ پولك ئىشتاب باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلىدۇ. 40 ـ پولك 1 ـ باتالىيوننىڭ سىياسىي تەربىيەچىسى ئەخمەتباي قابدۇللايېف ئىسمائىلوفنىڭ ئورنىغا 3 ـ باتالىيوننىڭ كوماندىرلىقىغا تەيىنلىنىدۇ.

6. 1951 ـ يىل 2 ـ ئايدا 3 ـ باتالىيوننىڭ سىياسىي تەربىيەچىسى ئىبلاخۇن ئىمىنوف 5 ـ كورپۇس زەمبىرەكچىلەر مۇستەقىل باتالىيونىنىڭ سىياسىي تەربىيەچىلىكىگە يۆتكەلگەندىن كېيىن، قومۇلدا تۇرۇشلۇق خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ 16 ـ دىۋىزىيەسى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ خۇ داشى، فەن چۇشى قاتارلىق كىشىلەرنى 3 ـ باتالىيوننىڭ سىياسىي تەربىيەچىلىكىگە ئەۋەتىدۇ.

7. 1951 ـ يىل 4 ـ ئايدا 3 ـ باتالىيوننىڭ كاتىپى تاھىر موردىنوف 40 ـ پولك ئىشتاب ئوفىتسېرلىقىغا ئۆستۈرۈلگەندىن كېيىن، 7 ـ روتىنىڭ كاتىپى مۇقامەتجان ئابدى 3 ـ باتالىيوننىڭ كاتىپلىقىغا ئۆستۈرۈلىدۇ، كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا 7 ـ روتىنىڭ جەڭچىسى چىڭگە تۇياقباييېف 7 ـ روتىنىڭ كاتىپلىقىغا تەيىنلىنىدۇ.

8. 1951 ـ يىل 9 ـ ئايدا 7 ـ روتىنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى ئابلىمىت راخمانوف 40 ـ پولكقا بىۋاسىتە قاراشلىق رازۋېدكا روتىسىنىڭ سىياسىي يېتەكچىلىكىگە يۆتكەلگەندىن كېيىن، 7 ـ روتا 1 ـ ئىزۋوتىنىڭ كوماندىرى مۇھەممەتجان

شاۋۇدۇنوف 7 ـ روتىنىڭ سىياسىي يېتەكچىلىكىگە ئۆستۈرۈ-
لىدۇ، ئۇنىڭ ئورنىغا زاپاس ئىزۋوت كوماندىرى زاھىر باقى 1 ـ
ئىزۋوتنىڭ كوماندىرلىقىغا تەيىنلىنىدۇ.

## يېڭى ئەسكەرلەر

3 ـ باتالىيون تەركىبىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ سانىنى تولۇقلاپ، باتالىيوننىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇپ، نۆۋەتتىكى تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ياخشى ئورۇنلاش ئۈچۈن يۇقىرىنىڭ قارارىغا ئاساسەن قومۇل دىيارىدىن 3 ـ باتالىيونغا يېڭى ئەسكەر قوبۇل قىلىندى. قومۇلنىڭ يېزا ـ قىشلاقلىرىدىن ياشلار بەس ـ بەستە ئۆزىنى تىزىمغا ئالدۇردى. تىزىمغا ئالدۇرغان 130 نەپەر ياشتىن 93 نەپىرى لاياقەتلىك بولۇپ، 1951 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى سالامەتلىك ۋە سىياسىي تەكشۈرۈشتىن ئۆتۈپ، 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى 3 ـ باتالىيونغا 84 نەپەر، قومۇلدىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى قىسىملىرىغا توققۇز نەپەر ئەسكەر قوبۇل قىلىندى. 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان ئەسكەرلەر 5 ـ كورپۇسنىڭ فورمىسىنى كىيدى. بۇ قېتىم يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى 8 ـ روتىغا تەقسىم قىلىندى. ئۇلارنىڭ ئىسىملىكى تۆۋەندىكىچە:

**قومۇل شەھىرى**

پالۋانتۇر يېزىسىدىن:

ئابدۇرېشىت باقى (كادىر، قومۇلدا ۋاپات بولغان).

ئەرشىدىن زىكرىيا (كادىر، ھازىر قومۇلدا پېنسىيەدە).

ئابدۇللا ھاشىم (كادىر، ھازىر قومۇلدا پېنسىيەدە).

ئايۇپ بوسۇق (كادىر، قومۇلدا ۋاپات بولغان).

سېيىت تۆلەندى (دېھقان، قومۇلدا ۋاپات بولغان).

يۈسۈپ ئىسمائىل (دېھقان، قومۇلدا ۋاپات بولغان).
ياقۇپ قۇربان (دېھقان، قومۇلدا ۋاپات بولغان).
تاھىر سۇبۇر ( دېھقان، قومۇلدا ۋاپات بولغان).
يۈسۈپ ئەزىمەت (كادىر، ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولغان).
ئابدۇسەمەت تۇرسۇن (كادىر، قومۇلدا ۋاپات بولغان).
سۇبۇر يارى (دېھقان، قومۇلدا ۋاپات بولغان).

**تاشبۇلاق يېزىسىدىن:**

باسىت يادى (دېھقان، ھازىر قومۇلدا).
ھەسەن باقى (دېھقان، قومۇلدا ۋاپات بولغان).

**شەرقىي ئۆستەڭ رايونىدىن:**

ئابلىتىپ ھىمىت (كادىر، ھازىر قومۇلدا پېنسىيەدە).
مۇھەممەت توختى (دېھقان، قومۇلدا ۋاپات بولغان).
قاسىم سالى (دېھقان، قومۇلدا ۋاپات بولغان).
مۇھەممەت خېلىل (ئىشسىز، قومۇلدا ۋاپات بولغان).

**غەربىي ئۆستەڭ رايونىدىن:**

سۇلايمان نىياز (دېھقان، ھازىر قومۇلدا).
ئەخمەت بوسۇق (كادىر، ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولغان).

**بوغاز يېزىسىدىن:**

موسا ئىبراھىم (دېھقان، قومۇلدا ۋاپات بولغان).
يوغان ئىسمائىل (كادىر، ھازىر توقسۇندا پېنسىيەدە).
ئىمىر زاھىر (دېھقان، قومۇلدا ۋاپات بولغان).

**راھەتباغ يېزىسىدىن:**

ئىبراھىم روزى (دېھقان، قومۇلدا ۋاپات بولغان).
ئابدۇرېھىم قۇربان (دېھقان، قومۇلدا ۋاپات بولغان).
ياقۇپ رەمنىياز (دېھقان، قومۇلدا ۋاپات بولغان).

ئېلى جەڭچى (دېھقان، قومۇلدا ۋاپات بولغان).
ئەسەت جەڭچى (دېھقان، قومۇلدا ۋاپات بولغان).
ئىسمائىل يارى (دېھقان، قومۇلدا ۋاپات بولغان).
يۇنۇس جەڭچى (كادىر، ھازىر قومۇلدا پېنسىيەدە).
نەمەت ئەمەت (كادىر، ھازىر قومۇلدا پېنسىيەدە).
ئوسمان روزى (دېھقان، قومۇلدا ۋاپات بولغان).
يۇسۇپ توقسۇن (كادىر، قومۇلدا ۋاپات بولغان).
ئەخمەتجان (كادىر، ھازىر غۇلجىدا پېنسىيىدە).
ساۋۇر تۇرشا (كادىر، كۆكدالادا ۋاپات بولغان).
ئىسمائىل روزى (دېھقان، قومۇلدا ۋاپات بولغان).
ئابدۇراخمان گالى (دېھقان، قومۇلدا ۋاپات بولغان).

**شەھەر ئىچى يېزىسىدىن:**
ئويۇپ ياقۇپ (دېھقان، قومۇلدا ۋاپات بولغان).
يۇسۇپ گالى (دېھقان، قومۇلدا ۋاپات بولغان).
ھىمىت بوسۇق (دېھقان، قومۇلدا ۋاپات بولغان).
ئەفرىدىن ياچى (دېھقان، قومۇلدا ۋاپات بولغان).
ئىسمائىل يۇنۇس (دېھقان، قومۇلدا ۋاپات بولغان).
ئابلىز ئىسمائىل (كادىر، قومۇلدا ۋاپات بولغان).
ئابدۇرېھىم گۇلى (كادىر، ھازىر گۇچۇڭدا پېنسىيەدە).
ئابدۇللا ھوشۇر (دېھقان، قومۇلدا ۋاپات بولغان).
يۇسۇپ غەنى (دېھقان، قومۇلدا ۋاپات بولغان).
ئىسمائىل روزى (كادىر، غۇلجىدا ۋاپات بولغان).
ئابدۇۋاھىت سوپى (دېھقان، قومۇلدا ۋاپات بولغان).
ئابدۇۋاھىت ھاشىم (دېھقان، قومۇلدا ۋاپات بولغان).
ئابدۇۋاھىت گالى (دېھقان، قومۇلدا ۋاپات بولغان).

**قارادۆۋە يېزىسىدىن:**
ئابدۇراخمان ھەسەن (كادىر، قومۇلدا ۋاپات بولغان).

باسىت خالىق (كادىر، ھازىر ئۈرۈمچىدە پېنسىيەدە).
يۇنۇس خالىق (كادىر، غۇلجىدا ۋاپات بولغان).
ئىسمائىل ئابدۇللا (دېھقان، قومۇلدا ۋاپات بولغان).
تۇرسۇن ياسىن (كادىر، ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولغان).

**غەربىي تاغ يېزىسىدىن:**

يۇسۇپ ئابدۇللا (دېھقان، قومۇلدا ۋاپات بولغان).
ساۋۇت ئابدۇللا (دېھقان، قومۇلدا ۋاپات بولغان).
ساۋۇت يارى (كادىر، ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولغان).

**ئاستانە يېزىسىدىن:**

ئىبراھىم رەمنىياز (دېھقان، قومۇلدا ۋاپات بولغان).
توختى روزى (دېھقان، قومۇلدا ۋاپات بولغان).
مەتنىياز تاھىر (كادىر، پىچان لەمجىندە ۋاپات بولغان).
ئەسمىتۇللا توختى (كادىر، قومۇلدا ۋاپات بولغان).
زاھىر راخمان (ئىشچى، ھازىر ئۈرۈمچىدە پېنسىيەدە).
خاكىر يۇنۇس (ئىشچى، ھازىر غۇلجىدا پېنسىيەدە).
ھادى ئابدۇرېقىپ (دېھقان، قومۇلدا ۋاپات بولغان).
ئابدۇللا (دېھقان، قومۇلدا ۋاپات بولغان).

**تەگرىتاغ يېزىسىدىن:**

ئابدۇكېرىم نىياز (دېھقان، قومۇلدا ۋاپات بولغان).
ئىبراھىم خوجامنىياز (دېھقان، قومۇلدا ۋاپات بولغان).
ئىمىرھەمزى داۋۇت (دېھقان، ھازىر قومۇلدا).
ئابدۇرېھىم ئىمىن (ئىشچى، قومۇلدا ۋاپات بولغان).
ناسىر توقسۇن (دېھقان، قومۇلدا ۋاپات بولغان).
ئىبراھىم داۋۇت (دېھقان، قومۇلدا ۋاپات بولغان).

ساقا دېھقانچىلىق مەيدانىدىن:
ياقۇپ ئەيسا (كادىر، كورلىدا ۋاپات بولغان).
ئەمەت كېۋەكنىياز (دېھقان، ھازىر قومۇلدا).
ھاشىم رەمنىياز (كادىر، ھازىر قومۇلدا).
ئەنگارۇل گۈلى (جىلغا ناھىيەسىدە ۋاپات بولغان).
باسىت ئاببىاس (دېھقان، قومۇلدا ۋاپات بولغان).

توغۇچى دېھقانچىلىق مەيدانىدىن:
ئىمىن رەجەب (دېھقان، كۇچادا ۋاپات بولغان)،
تۇرسۇن تۇردى (دېھقان، پىچاندا ۋاپات بولغان)،
قادىر ئەمەت (دېھقان، قومۇلدا ۋاپات بولغان)،
ئابدۇراخمان گالى (1950 ـ يىللاردا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكەن).

راكېتا دېھقانچىلىق مەيدانىدىن:
روزى ئىسمائىل (دېھقان، پىچاندا ۋاپات بولغان).
روزى يۈسۈپ (دېھقان، قومۇلدا ۋاپات بولغان).
ئاققارى (ناۋاي، قومۇلدا ۋاپات بولغان).

ئاراتۇرۇك ناھىيەسىنىڭ نوم يېزىسىدىن:
ئىبراھىم بەرەم (دېھقان، نومدا ۋاپات بولغان).
بارات (دېھقان، پىچاننىڭ لەمجىن يېزىسىدا ۋاپات بولغان).

# قالدۇق باندىتلار

قومۇل ۋىلايىتىنىڭ قومۇل، باركۆل، ئاراتۈرۈك قاتارلىق جايلىرىدىكى قوراللىق باندىتلار ئاساسىي جەھەتتىن تازىلىنىپ بولغان بولسىمۇ، يەنە بىر قىسىم توردىن چۈشۈپ قالغان، يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن باندىتلار ۋە گومىنداڭنىڭ ھەقىقەتكە قايتىشقا قارشى جاھىل كۈچلىرى ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈپ قۇتراپ تىنچ ياتمايۋاتقانىدى. ئۇلار ھە دېگەندە ئادەم ئۆلتۈرۈپ، ئوت قويۇپ، بۇلاڭچىلىق قىلىپ ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ خاتىرجەم تۇرمۇشىغا، نورمال ئىشلەپچىقىرىشىغا تەھدىت سېلىۋاتقانىدى. قومۇلدا تۇرۇشلۇق 3 ـ باتالىيون 8 ـ روتىنىڭ كوماندىرى ئابدۇرېھىم خوجامنىياز ئاكا مۇنداق دەپ ئەسلەيدۇ:

«مەن 1950 ـ يىل 7 ـ ئايدا ئائىلەمنى يوقلاپ قومۇلغا بېرىپ، 8 ـ ئايدا ئۈرۈمچىگە قايتىپ تۇرپانغا بارغاندا، 40 ـ پولك رەھبەرلىكى مېنى قومۇلدىكى 3 ـ باتالىيوننىڭ تۇرپاندا تۇرۇشلۇق 9 ـ روتىسىنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرلىقىغا تەيىنلەنگەنلىك توغرىسىدىكى بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالدىم. مەن 12 ـ ئايغىچە تۇرپاندا ۋەزىپە ئۆتىدىم. 12 ـ ئايدا پولك رەھبەرلىكى چاقىرتتى، ئۈرۈمچىگە چىقىشىمغا رەھبەرلىك مېنى قومۇلدىكى 3 ـ باتالىيون 8 ـ روتىسىنىڭ كوماندىرى، خۇسەيزى مومو ـ زوفنىڭ ئورنىغا كوماندىرلىققا تەيىنلىگەنلىك بۇيرۇقنى ئېلان قىلدى. مەن 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرى قومۇلغا باردىم. ئىلگىرى 7 ـ ئايدا قومۇلغا بارغىنىمدا قومۇلنىڭ ۋەزىيىتى دېگەندەك ياخشى ئەمەس ئىدى. مەن بۇ قېتىم قومۇلغا بارسام، قومۇلدا تۇرۇشلۇق خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ 16 ـ دىۋىزىيەسى بىلەن

بىرىنىڭ 3 ـ باتالىيون قومۇلدىكى باندىت تازىلاش ئەھۋالىدىن خۇلاسە چىقىرىۋاتقانىكەن. مەن قومۇلغا كەلگەن ۋاقىتتا قومۇل ۋىلايىتىنىڭ ۋەزىيىتى ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىملاشقان بولسىمۇ، توردىن چۈشۈپ قالغان، يوشۇرۇنۇۋالغان بىر قىسىم قالدۇق باندىتلار ۋە گومىنداڭ قوشۇنى ئىچىدىكى ھەقىقەتكە قايتىشقا قارشى بىر قىسىم جاھىللار يەنىلا تىنچ ياتمايۋاتقانىدى.

قومۇل ئازاد بولۇش ھارپىسىدا قومۇلدا گومىنداڭ ئۈچۈن كەتمەن چاپقان بىر ئۈچۈم ئىشپىيونلار ئۆزلىرىنىڭ ئىلگىرىكى جىنايى قىلمىشلىرىدىن قورقۇپ بەزىلىرى باشقا جايلارغا قېچىپ كەتكەنىدى. قومۇلدىكى گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ مۇئاۋىن پولك دەرىجىلىك ئىمتىيازىدىن بەھرىمەن بولۇپ، گومىنداڭ ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىگەن گاۋ ليۇلىيۇ (خۇيزۇ)، خەن جيەنيىڭ (خۇيزۇ، خەن لوسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، تيې يۈگسەي[①](خۇيزۇ) قاتارلىق ئىشپىيونلار ئۆزلىرىنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىدىن قورقۇپ لەنجۇغا قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، لەنجۇدا تۇرۇشلۇق جامائەت خەۋپسىزلىك قىسىملىرى تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ قاماپ قويۇلغانىكەن. ئۇلار قاماقتا ياتقاندا پۇرسەت كۈتۈپ پوستىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ قېچىپ كەتكەن. 1951 ـ يىل 2 ـ ئايدا ئۇلار قومۇلنىڭ جەنۇبىدىكى بوغاز قورۇلغا يېقىن جايغا كەلگەن. بوغازنىڭ جەنۇبىدىكى قاش قورۇلنىڭ باشلىقى ھادى نەمەت، راخمان[②]، روزى قاتارلىق بوغاز يېزىسى قوغدىنىش ئەترىتىنىڭ ئەزالىرىنى كېيىك ئېتىپ كېلىشكە ئەۋەتىدۇ. نەمەت قونالغۇغا قاراپ قالغان، روزى بىلەن راخمان مەرگەن بولۇپ، چۆلگە كېيىك ئاتقىلى كەتكەن. ئۇلار ئوۋ ئوۋلاۋېتىپ يوقىرىقى ئۈچ ئىشپىيونغا

[①] تيې يۈگسەينىڭ مۇسۇلمانچە ئىسمى داۋۇت، 1933 ـ يىلى ما جۇڭيىڭ قىسمى بىلەن شىنجاڭغا چىققان، ئۇ ماجۇڭيىڭ قىسمىدا خوجىلىق باشلىقى بولغاچقا كىشىلەر ئادەتتە ئۇنى «سىۋۇجاڭ» دەپلا ئاتايتتى. ئۇ ئادەتتە ئۇششاق سودا ـ سېتىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىناتتى.

[②] قومۇل شەھەرلىك چارۋىچىلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلەپ پېنسىيەگە چىققان ئەمەت راخماننىڭ دادىسى.

ئۇچراپ قالىدۇ. باندىتلار روزى بىلەن راخماننى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئۆيلىرىگە بېرىپ يوشۇرۇنۇۋالغان. راخمان بىلەن روزى قايتىپ كەلمىگەندىن كېيىن، نەمەت قايتىپ كېلىپ بوغاز يېزىلىق قوغدىنىش ئەترىتى رەھبەرلىكىگە ئەھۋالنى مەلۇم قىلغان. قوغدىنىش ئەترىتى ئادەم ئەۋەتىپ 11 كۈندە راخمان بىلەن روزىنىڭ جەسىتىنى تېپىپ كېلىپ، يۇيۇپ - تاراپ نامىزىنى چۈشۈرۈپ يەرلىككە قويغان.

يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، يۇقىرىقى ئۈچ باندىت لەنجۇدا پوستىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، لەنجۇدا تۇرۇشلۇق جامائەت خەۋپسىزلىك قىسىملىرى ئۇلارنى ئىزدەپ تاپالماي قومۇل ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىك چوڭ ئەترىتىگە تېلېگراممىا يوللاپ، يۇقىرىقى ئۈچ باندىتنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىپ بېقىشنى تاپىلىغان. قومۇل ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىك چوڭ ئەترىتى تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، دەرھال 3 - باتالىيون ئىشتابىغا ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىك چوڭ ئەترىتى رازۋېدكا بۆلۈمىنىڭ باشلىقى نىياز قۇربان[1]نى ئەۋەتىپ 3 - باتالىيون رەھبەرلىكىنى تېلېگراممىا مەزمۇنىدىن خەۋەردار قىلىدۇ. 3 - باتالىيون رەھبەرلىكى جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرىغا ماسلىشىپ گاۋ لىيۇلىيۇ قاتارلىق ئۈچ باندىتنى تۇتۇش ۋەزىپىسىنى بىزنىڭ 8 - روتىغا تاپشۇرىدۇ. بۇ دەل 1951 - يىل 4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى بولۇپ، مەن 13 نەپەر جەڭچىنى باشلاپ، شۇ ۋاقىتتىكى قومۇل ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ باشلىقى سوپاخۇن ئىسھاقنىڭ[2] ھەمراھلىقىدا گاۋ لىيۇلىيۇ قاتارلىق باندىتلارنى تۇتۇش ئۈچۈن ئاتلاندۇق. سوپاخۇن ئىسھاق ئىككى نەپەر ئۇيغۇر ساقچى (بىرى نىياز قۇربان) نى باشلاپ ماڭدى. بىز ئالدى بىلەن

---

[1] نىياز قۇربان 1998 - يىل 9 - ئاينىڭ 21 - كۈنى 85 يېشىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن قومۇلدا ۋاپات بولغان.

[2] سوپاخۇن ئىسھاق (ئالتۇن سوپاخۇن دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، 1980 - يىل 12 - ئاينىڭ 24 - كۈنى 76 يېشىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن قومۇلدا ۋاپات بولغان.

گاۋ ليۇليۇنى تۇتۇش ئۇچۇن لەيفاڭغا[1] بېرىپ گاۋ ليۇليۇنىڭ ئۆيىنى قورشىدۇق. باشقىچە ئەھۋال بولمىغاندىن كېيىن گاۋ ليۇليۇنى تۇتۇش ئۇچۇن ئۈچ نەپەر جەڭچى (ئىككى ئۇيغۇر، بىر قازاق) نى قالدۇرۇپ، تيې يۇڭسەينى تۇتۇش ئۇچۇن يۇقىرى تۇرغا[2] قاراپ ماڭدۇق. لەيفاڭدا قالغان ئۈچ جەڭچى گاۋ ليۇليۇ-نىڭ ئۆيىنى ئاختۇرۇپ، تامدىكى ھوگازغا تىزىپ قويغان يوتقانلارنىڭ قېتىدىن بىر شازا ئوقنى تېپىۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن جەڭچىلەر تېخىمۇ ھوشيارلىشىپ، يەنىمۇ ئىنچىكىلەپ ئاختۇ-رۇپ ھوگازغا تىزىپ قويغان يوتقانلارنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇ-نۇۋالغان گاۋ ليۇليۇنى ياتقان يېرىدىن تۇتۇۋاپتۇ. گاۋ ليۇليۇ ئېگىز بويلۇق، قارىمۇتۇق خۇيزۇ ئىكەن.

مەن ئون جەڭچىنى، سوپاخۇن ئىسھاق ئىككى ساقچىنى باشلاپ يۇقىرى تۇرغا قاراپ كېلىۋاتقىنىمىزنى كۆرگەن تيې يۇڭسەي ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىدە تۇرۇپ بىزنى كۆرۈپ، قېچىپ كېتىشكە ئۈلگۈرەلمەي، ئۆگزىدىن ئۆيگە كىرىۋالغانىكەن. بىز يۇقىرى تۇرغا چىقىپ تيې يۇڭسەينىڭ ئۆيى دەپ مۇختار ئاخۇ-نۇمنىڭ[3] ئۆيىنى قورشىۋالغان ئىكەنمىز، كېچىدە ئۆيدىن نىياز تۇرسۇن[4] سىرتقا ھاجەتكە چىققانىكەن، سوپاخۇن ئىسھاق نىياز تۇرسۇن بىلەن تونۇش بولۇپ، سوپاخۇن ئىسھاق نىياز تۇرسۇن-دىن تيې يۇڭسەينىڭ ئۆيىنى سورىغان. نىياز تۇرسۇن ئالتۇن سوپاخۇنغا خاتا كېلىپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ تيې يۇڭسەينىڭ ئۆيىنى كۆرسىتىپ بېرىپتۇ. ئالتۇن سوپاخۇن تيې يۇڭسەينىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇنىڭ ئايالى گۇلسۇمدىن(خۇيزۇ) تيې يۇڭسەينىڭ

---

[1] لەيفاڭ: قومۇل شەھىرى پالۋانتۇر يېزا بۇلاق سۇلۇق كەنتى تەۋەسى.

[2] يۇقىرى تۇر: ھازىرقى قومۇل شەھىرى پالۋانتۇر يېزا دۆربەجىن يۇقىرى مەھەللە كەنتى.

[3] قومۇلدىكى دۆلەت دەرىجىلىك ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام ۋارىسى ئەسەت مۇختار ئاكىنىڭ دادىسى، 1963 - يىل 2 - ئاينىڭ 21 - كۈنى 73 يېشىدا قومۇلدا ۋاپات بولغان.

[4] نىياز تۇرسۇن (1915 — 1952)، مۇختار ئاخۇنۇمنىڭ ئىككىنچى ئاكىسى دورغا تۇرسۇن (1880 — 1955)نىڭ ئوغلى.

ئۆيدە بار ـ يوقلۇقنى سورايدۇ. گۇلسۇم: «ئۇ ئۆيگە كەلمىدى» دەپ يالغان جاۋاب بېرىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، تىيې يۇڭسەي ئۆيىدە بار بولۇپ، بىزنى كۆرۈپلا ئۆگزىدىن چۈشۈپ هويلىدىكى ئۇزۇنچاق ئېغىلنىڭ ئىچىدىكى ئىسكىلاتقا كىرىۋالغان بولۇپ، ئۇنىڭ يېنىدا قىزى ئايتىللا بار ئىكەن، ئالتۇن سوپاخۇن بىرىنچى قېتىم نىياز تۇرسۇننى ئالدىغا سېلىپ تىيې يۇڭسەينىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئۇنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى بىلەلمەي قايتىپ چىقىدۇ. ئالتۇن سوپاخۇن ئىككىنچى قېتىم يۇقىرى تۇر مەھەللە قوغدىنىش ئەترىتىنىڭ باشلىقى سوپاخۇن سوبۇرنى[1] ئالدىغا سېلىپ يەنە تىيې يۇڭسەينىڭ ئۆيىگە كىرىپ يەنىلا تاپالماي قايتىپ چىقىدۇ. تىيې يۇڭسەينىڭ ئۆيىنىڭ ئەتراپىنى پۈتۈنلەي ئەسكەرلەر قورشىۋالغان بولۇپ، ئۆگزىگىمۇ ئەسكەرلەر چىقىۋالغانىدى. بۇ ۋاقىتتا تىيې يۇڭسەي ئۆيدىن ئۆگزىگە قارىتىپ بىر پاي ئوق چىقىرىدۇ، ئوق ئاۋازىنى ئاڭلىغان، ئودلىنىيە كوماندىرى ئابلىز تىيې يۇڭسەينىڭ هويلىسىغا، هويلىدىن ئېغىلغا كىرىشكە، تىيې يۇڭسەي تاپانچىسىدىن ئابلىزغا قارىتىپ بىر پاي ئوق ئۈزىدۇ. بۇ چاغدا تىيې يۇڭسەينىڭ تاپانچىسىدا پەقەت ئۈچ تاللا ئوق قالغانىكەن. ئوق ئابلىزنىڭ ئوڭ مۈرىسىگە تەگكەچكە ئۇنىڭ قولىدىكى قورال يەرگە چۈشۈپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قورالنى ئېلىۋېلىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي قايتىپ چىققاندىن كېيىن، تىيې يۇڭسەي ئابلىزنىڭ قورالىنى ئېلىۋالىدۇ. يۇقىرىقى ئىشلار يۈز بەرگەندىن كېيىن، بىز مۇختار ئاخۇنۇم بىلەن مەھەللىنىڭ ئىمامى خوجابدۇللا قارى جاپپارنى[2] ئەلچى قىلىپ تىيې يۇڭسەينى تەسلىم بولۇشقا دەۋەت قىلىپ ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرگۈزدۇق. تىيې يۇڭسەي تەسلىم بولۇشنى رەت قىلغاندىن كېيىن ئەلچىلەر قايتىپ چىقتى.

---

[1] سوپاخۇن سوبۇر 1996 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى 92 يېشىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن قومۇلدا ۋاپات بولغان.

[2] خوجابدۇللا قارى جاپپار 1977 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى كېسەل سەۋەبى بىلەن 83 يېشىدا قومۇلدا ۋاپات بولغان.

ئىككىنچى قېتىم يەنە مۇختەر ئاخۇنۇمنى يالغۇز كىرگۈزدۇق، تىپ يۇڭسەي يەنىلا تەسلىم بولۇشنى رەت قىلدى. مۇشۇ ۋاقىتتا نىياز قۇربان چوڭ گازارمىغا بېرىپ پارتلىتىش دورىسىنى ئەكىلىپ تىپ يۇڭسەينىڭ ئۆيىنى ئۆزى بىلەن قوشۇپ پارتلىتىش تەكلىپىنى بەرگەندە، بىز نىڭ 3 ـ باتالىيوننىڭ سىياسىي تەربىيەچىسى فەن چۇشى ئەتراپتىكى پۇقرالارنىڭ بىخەتەرلىكىنى ئويلىشىپ بۇ تەكلىپكە قوشۇلمىدى. بىز مۇختار ئاخۇنۇمنى ئۈچىنچى قېتىم ئەلچىلىككە كىرگۈزدۇق، تىپ يۇڭسەي يەنىلا جاھىللىق قىلىپ تەسلىم بولۇشنى رەت قىلدى. مۇختار ئاخۇنۇم قايتىپ ئىشىككە چىققاندا پاڭ قىلغان ئوق ئاۋازى ئاڭلىنىپ، تىپ يۇڭسەي ئۆزىنى ئېتىۋالىدۇ.

تىپ يۇڭسەي ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئايالى گۈلسۇم بىلەن مۇختار ئاخۇنۇمنى قومۇل ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىگە ئېلىپ باردۇق. جامائەت خەۋپسىزلىك خادىملىرى ئۇلاردىن تىپ يۇڭسەيگە ئائىت ئەھۋاللارنى سوراپ بولۇپ، ئاندىن ئۇلارنى قايتۇرۇۋېتىدۇ. يۇقىرىقى ئىككى باندىتنىڭ بىرى تۇتۇلۇپ، بىرى ئۆلگەندىن كېيىن، جامائەت خەۋپسىزلىك خادىملىرى سوپاخۇن ئىسھاقنىڭ باشچىلىقىدا قومۇل يېڭىشەھەردە (بېيگۇەن) ئولتۇرۇشلۇق خەن جيەنيىڭنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنىڭ ئۆيىنى قورشاپ، هويلىنى ئاختۇرۇپ، ئۇنى هويلىدىكى تار يەرگە تىزىپ قويۇلغان ئوتۇنلارنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇنۇۋالغان يەردىن تۇتۇۋالىدۇ. 5 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، خەلقنىڭ ئۈستىدىن زورلۇق ـ زومبۇ-لۇقلارنى يۈرگۈزۈپ قىلمىغان ئەسكىلىكلىرى قالمىغان بۇ ئىككى ئىشپىيونغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپ ئېتىپ تاشلاندى.

يۇقىرىقى باندىتلاردىن باشقا قومۇل تاغلىرىغا يوشۇرۇ-نۇۋالغان گېكىل يارى[1]، هاجى سوپىلار[2] بار بولۇپ، گېكىل

[1] گېكىل يارى قومۇل شەھىرى تاشبىلىق يېزا خوتۇنتام كەنتىدىن، قومۇل تاغلىرىدىكى باندىت ـ ئىشپىيونلارنىڭ باشلىقى.
[2] هاجى سوپى قومۇل شەھىرى شەرقىي ئۆستەڭ رايونى يۇقىرى ئاقيەر كەنتى-دىن، باندىت ـ ئىشپىيونلارنىڭ ئاخباراتچىسى.

يارى ھاجى سوپىنى بىزنىڭ 3 ـ باتالىيونىنىڭ قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورا، ئادەم سانى، ئورۇنلىشىش ئەھۋالى قاتارلىق ئەھۋاللىرىنى ئىگىلەپ كېلىشكە ئەۋەتكەن بولۇپ، كېيىن باندىتلارنىڭ سىرى ئاشكارىلىنىپ قالىدۇ. مەن قومۇلغا كەلگەندىن كېيىن، 3 ـ باتالىيون ئىشتابىدا ھاجى سوپىنى كۆرۈپ قالدىم. مەن باتالىيون رەھبەرلىرىدىن ھاجى سوپىنىڭ كىملىكىنى سورىسام، رەھبەرلىك، بىزگە ھەمكارلىشىدىغان ئادەم، دەپ جاۋاب بەردى. مەن ئۇنى تەكشۈرۈش تەكلىپىنى بەردىم. كېيىن پولك رەھبەرلىكى ھاجى سوپىنى تەكشۈرۈش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىز مەخسۇس ئادەم قويۇپ جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرى بىلەن بىرگە تەكشۈرسەك، ھاجى سوپى مەن گۇمان قىلغاندەك ئىشپىيونلارنىڭ ئاخباراتچىسى بولۇپ ئېنىقلاندى ۋە قولغا ئېلىندى. ئۇنىڭ ئۆيىنى ئاختۇرساق، ئۆيىنىڭ كېگىزىنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇپ قويغان قورال لار چىقتى.

خەلق ھۆكۈمىتى قومۇل شەھىرى ئاستانە بازىرى سۇمقاغا كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق ئابدۇللا تۇردىنى[1] تاغدىكى باندىتلارنى خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن قارشىلاشماي، قايتىپ كېلىپ ھۆكۈمەت بىلەن ھەمكارلىشىش توغرىسىدا خىزمەت ئىشلەشكە چىقارغانىكەن[2]. ئۇ تاغقا چىقىپ گېپىنى يارى باشچىلىقىدىكى باندىتلارغا خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىپىنى يەتكۈزۈپ، ھۆكۈمەت

---

[1] ئابدۇللا تۇردىنىڭ (ئابدۇللا داخەنزى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.) دادىسى دادام بىلەن نەۋرە، بىز ئەۋرە بولىمىز. ئۇ 1931 ـ يىلى ئەتىيازدا قوزغالغان قومۇل دېھقانلار ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ، خوجىنىياز ھاجىغا ئەگىشىپ جەنۇبىي شىنجاڭغىچە بارغان. 1934 ـ يىلى خوجىنىياز ھاجى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغاندا، ئۇ ھامۇتخان لۈيجاڭ بىلەن بىرگە ئۈرۈمچىگە كېلىپ خوجىنىياز ھاجىنى مۇھاپىزەت قىلىش ئەترىتىدە ئىشلىگەن. 1937 ـ يىلى 10 ـ ئايدا خوجىنىياز ھاجى جاللات شىڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن قومۇلغا قايتىپ كەلگەن.

[2] بەزى كىشىلەر ئابدۇللا تۇردى (ئابدۇللا داخەنزى) نى ھامۇتخان ۋالىي تاغقا چىقارغانىكەن دەيدۇ.

بىلەن قارشىلاشماي ھەمكارلىشىش توغرۇلۇق خىزمەت ئىشلەيدۇ. بىراق، گېكىل يارى باشچىلىقىدىكى باندىتلار ئۇنىڭ نەسىھەتىنى ئاڭلاش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئابدۇللا تۇردىنى «سەن كومپارتىيەنىڭ ئىشپىيونى، بۇ يەرگە ياخشى نىيەت بىلەن چىقمىدىڭ» دەپ گۇمانلىنىپ، ئۇنى 1951 - يىل 4 - ئايدا باغداشتا ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. ئابدۇللا تۇردى ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، تەشكىل ئۇنىڭ ئۆلۈمىدىن خەۋەر تېپىپ باغداشقا مەخسۇس ئادەم چىقىرىپ ئۇنىڭ جەسىتىنى يۇيۇپ - تاراپ، نامىزىنى چۈشۈرۈپ دەپنە قىلىدۇ ۋە تەشكىل ئۇنىڭ يۇرتى سۇمقاغىدا چوڭ نەزىر ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ.

گېكىل يارى باشچىلىقىدىكى باندىتلار تەسلىم بولۇشنى رەت قىلىپ، خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن داۋاملىق قارشىلاشقاچقا، بىزنىڭ 3 - باتالىيون جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرى بىلەن بىرلىكتە كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ باندىتلارنى تولۇق تازىلىدۇق. 1951 - يىلى كۈزدە گېكىل يارى، ھاجى سوپى، ئاخۇن سوپى (توقۇم شېرىپنىڭ ئوغلى)، شوپۇللۇق مەمەتنىياز، قۇربان ۋە گومىنداڭنىڭ جاھىل كۈچلىرى (خەنزۇ) ۋە ئوسمان ئىسلامنىڭ شايكىلىرى بولۇپ 17 باندىتقا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپ، ھازىرقى قومۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم بىلەن مەمۇرىي مەھكىمە خىزمەت بىناسىنىڭ ئورنىدا ئېتىپ تاشلاندى، شوپۇللۇق تۇردىيار[1] قاتارلىق باندىتلارغا مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلدى. ئوچۇق سوت ئاچقان كۈنى ئابدۇللا تۇردىنىڭ ئاچىسى ھەمراخان، سىڭلىسى رەناخانلارمۇ ئالاھىدە تەكلىپ بىلەن ئوچۇق سوت يىغىنىغا قاتنىشىپ، باندىتلار ئۈستىدىن شىكايەت قىلدى. قومۇل تاغلىرىدا بىرمەھەل قۇتراپ يۈرگەن باندىتلار شۇنىڭ بىلەن تولۇق تازىلاندى».

بۇ قېتىمقى قالدۇق باندىتلارنى تازىلاش ئۇرۇشىغا يېڭى قوبۇل قىلىنغان ئەسكەرلەردىن ئابدۇرېشىت باقى، ئەرشىدىن

[1] تۇردىيار قېچىپ كېتىپ كېيىن تۇتۇلغان.

زىكرىيا، ياقۇپ رەمنىياز، ئەخمەت بوسۇق، ئەسمەتۇللا توختى قاتارلىق جەڭچىلەر روتا كوماندىرى ئابدۇرېھىم خوجامنىيازنىڭ قوماندانلىقىدا كونا ئەسكەرلەر بىلەن بىللە ئاچچىقسۇ، قومۇش-بۇلاق، ياقابۇلاق قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، 48 باندىتنى تۇتۇپ كېلىپ جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بەردى. قىسىم بىلەن دۆلەتخانمۇ بىللە باردى.
گېكسىل يارى، ھاجى سوپى قاتارلىق باندىتلارغا ئۆلۈم جازاسى بەرگەن كۈنى ئوچۇق سوت يىغىنىغا قاتناشقان كوماندىر ـ جەڭچىلەر قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، 8 ـ روتىنىڭ جەڭچىسى تېزەكچى دۆلەتباي (قازاق، چۆچەكلىك) پوستقا چىقىش ئۈچۈن باتالىيون ئىشتابى تۇرۇشلۇق قورۇنىڭ چوڭ دەرۋازىسىغا بارغاندا، دەرۋازىدا پوستتا تۇرۇۋاتقان جەڭچى ھوشۇر (ئۇرۇمچىلىك) ئويۇن قىلىپ قولىدىكى قورالنى تېزەك-چى دۆلەتبايغا تەڭلەيدۇ. كۈتۈلمىگەندە ھوشۇرنىڭ قورالىدىن ئوق چىقىپ كېتىپ، تېزەكچى دۆلەتباي نەق مەيداندىلا جان ئۈزىدۇ. بۇنىڭدىن ئىلگىرى 7 ـ روتىنىڭ سانىتارى ئۆمەرجان (غۇلجا شەھىرى بايكۆللۈك) ئاغرىپ قېلىپ قورسىقى كۆپۈپ، داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي ۋاپات بولىدۇ. ئۆمەرجان بىلەن تېزەكچى دۆلەتباينى ئىلگىرى ـ كېيىن جەڭچى ئابلىكىملەرنى دەپنە قىلغان كۆتەمىدىكى ئاممىۋى قەبرىستانلىقتا دەپنە قىلىدۇ.
1951 ـ يىلى 10 ـ ئايدا 40 ـ پولكنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى خېلىل زۇنۇنوف قومۇلغا كېلىپ بىر ئايدىن كۆپرەك تۇرۇپ، 3 ـ باتالىيوننىڭ خىزمەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىپ ئاندىن ئۈرۈمچىگە قايتىدۇ.

## قومۇلدىن قايتىش

3 ـ باتالىيون ئىشتابى ۋە ئۇنىڭ 7 ـ ، 8 ـ روتىلىرى قومۇل دىيارىدا 1950 ـ يىل 1 ـ ئايدىن 1952 ـ يىل 1 ـ ئايغىچە ئىككى يىل تۇرۇپ، قومۇل تاغلىرىغا يوشۇرۇنۇۋالغان گومىنداڭ قالدۇق كۈچلىرى ۋە قوراللىق باندىتلارنى تازىلاش ـ تىن ئىبارەت بىر قاتار مۇشكۈل كۈرەشلەردە سەپنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، جاپا ـ مۇشەققەتتىن، قۇربان بېرىشتىن قورقماي ئۆچمەس تۆھپىلەرنى يارىتىپ، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيە ـ سىنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرغانىدى. 3 ـ باتا ـ لىيوندىكى كوماندىر ـ جەڭچىلەردىن 7 ـ روتىنىڭ كوماندىرى ئەخمەت تۇردىيېفنىڭ تۆھپىلىرى كۆرۈنەرلىك بولۇپ، ئۇ باركۆل ناھىيەسىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە قازاندەك چوڭقۇرلۇقتا رېن شۇتيەن باشلىغان قىسمىنى باندىتلارنىڭ يوشۇرۇنۇپ كېلىپ قىرغىن قىلىشىدىن ساقلاپ قالغان. بۇنى رېن شۇتيەن، ئىسمائىلوفلار ئېتىراپ قىلغان. نېرىنكىر داۋنىدا يۈزلىگەن باندىت قاتتىق مۇداپىئە قىلىپ قىسىملارنىڭ ئالدىنى توسقاندا، ئەخمەت تۇردىيېف ئەقىل ـ پاراسىتىنى ئىشقا سېلىپ باندىتلارنىڭ مۇداپىئەسىنى بىر يولىلا تارمار قىلىپ، قىسىملارنىڭ ئاراتۇرۇك ناھىيەسىگە يۈرۈش قىلىشى ئۈچۈن ئىمكانىيەت تۇغدۇرغان. ئەخمەت تۇردىيېف قوماندانلىقىدىكى 3 ـ باتالىيوننىڭ 7 ـ ، 8 ـ روتىسى ئاراتۇرۇك ناھىيەسىنى باندىتلارنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ ئىككىنچى قېتىم ئازاد قىلغان. 40 كۈن تاغ ئۈستىدىن چۈشەلمەي قامىلىپ قالغان 46 ـ پولك 1 ـ باتالىيوننىڭ ئاراتۇرۈكتىكى 2 ـ روتىسىنىڭ

تاغدىن چۈشۈشكە ئىمكانىيەت تۇغدۇردى. ئەخمەت تۇردىيېڧ ئابلىمىت راخمانوڧ قوماندانلىقىدىكى بىر ئىزۋوتنى ئەۋەتىپ، باندىتلارنىڭ مۇئاۋىن پولك كوماندىرى، ئاتاقلىق مەرگەن تۇرغۇن پالۋان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھى يەھيانى ئاراتۇرۇك ناھىيەسىنىڭ شەرقىي تاغ ئۈستىدىكى ئۇرۇشتا بىراقلا تەسلىم قىلدۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە تاغقا قېچىپ كەتكەن خەلقلەرگە تەشۋىق قىلىپ، ئۇلارنى ئۆي ـ ماكانلىرىغا قايتۇرۇپ كەلدى.

يۇقىرىقىدەك بىر قاتار خىزمەت ۋە قەھرىمانلىقلارنى كۆرسىتىپ نام چىقارغان ئەزىمەتلەرنى قومۇل خەلقى تاكى ھازىرغا قەدەر ياد ئېتىپ، ئۇلارنىڭ ئوبرازىنى قەلبلىرىدە مەدھىيەلەشمەكتە. ئۆزىنىڭ ھاياتىنى خەلق ئۈچۈن قۇربان قىلىشتىن ئايانمايدىغان مۇشۇنداق ئالىيجاناب روھ قومۇل خەلقىنى ھاياجانغا سالماي قالمايدۇ.

3 ـ باتالىيون يۇقىرىقى بىرقاتار تارىخىي ۋەزىپىلەرنى تولۇق ئورۇنلاپ بولغاندىن كېيىن، يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن 1952 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قومۇلدىن يۆتكىلىپ غۇلجىغا بېرىپ، سۇيدۇڭدە چوڭ ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتىگە قاتنىشىدۇ. 3 ـ باتالىيون ئىچكىرىدىن شىنجاڭ «1 ـ ئاۋغۇست» پولات ـ تۆمۈر زاۋۇتىغا تۇرۇبا توشۇپ ماڭىغان ماشىنىلارغا بۆلۈنۈپ ئولتۇرۇپ قومۇلدىن ئۇرۇمچىگە قاراپ ماڭىدۇ. ماشىنىلار يەتتە قۇدۇقتا بارغاندا بىر ماشىنا ئاغدۇرۇلۇپ كېتىپ، ماشىنىنىڭ كابىنكىسى بىلەن كوزۇپىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يەشىكنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغان 8 ـ روتىنىڭ جەڭچىسى مۇتەللىپنى(قازاق، غۇلجا شەھىرىدىن) ماشىنا بېسىپ ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ، يەنە سامساق ئىسىملىك بىر جەڭچى يارىلىنىدۇ. نەق مەيداندا 7 ـ روتىنىڭ كوماندىرى ئەخمەت تۇردىيېڧ بار بولۇپ، كوماندىرلار يەتتە قۇدۇق مەسچىتىنىڭ جامائەتلىرىنى چاقىرتىپ مېيىتنى مەسچىتكە ئېلىپ كېلىپ يۇيۇپ ـ

تاراپ، نامىزىنى چۈشۈرۈپ يەتتە قۇدۇقتىكى ئاممىۋى قەبرىستانلىقتا دەپنە قىلىندۇ. جەڭچى مۇتەللىپكە سەپداشلىرى تاشلار بىلەن قەبرە ياساپ قويۇپ قىسىم يەنە سەپەرگە ئاتلىنىدۇ.

3 ـ باتالىيون 7 ـ روتىنىڭ 1 ـ ئىنزۋوتى[1] بۇيرۇق بويىچە قېپقېلىپ قومۇلدىكى ۋەزىپىلەرنى تولۇق ئورۇنلاپ بولغاندىن كېيىن، 3 ـ ئايدا ئۇرۇمچىگە قايتىپ چىقىدۇ. 40 ـ پولك 2 ـ ئايدا سۇيدۇڭگە يۆتكىلىپ چوڭ ئىشلەپچىقىرىشقا قاتنىشىدۇ. 3 ـ باتالىيونغا قومۇلدىن قوبۇل قىلغان ئەسكەرلەر چوڭ ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتىدە ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل ـ پاراستى، كۈچ ـ قۇدرىتىنى نامايان قىلىدۇ. ئۇلاردىن ئەرشىدىن زىكرىيا بىر كۈن (سەككىز سائەت) دە 48 كۇب توپا چىقىرىشتەك رېكورت يارىتىپ، 14 ـ دىۋىزىيە بويىچە «3 ـ دەرىجىلىك»، پولك، باتالىيون بويىچە «2 ـ دەرىجىلىك» ئەمگەك نەمۇنىچىسى، سېيىت تۆلەندى بىر كۈن (سەككىز سائەت) دە 38 كۇب توپا چىقىرىپ، باتالىيون بويىچە «3 ـ دەرىجىلىك» ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالىنىدۇ. كېيىن ئەرشىدىن زىكرىيا ئىنزۋوت كوماندىرلىقىغا ئۆستۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قوماندانلىقىدىكى ئىنزۋوت ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كۈندە (سەككىز سائەتتە) 275 كۇب توپا چىقىرىپ، كوللېكتىپ «2 ـ دەرىجىلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى ئىنزۋوت» بولۇپ باھالىنىدۇ.

3 ـ باتالىيونغا قومۇلدىن قوبۇل قىلىنغان ئەسكەرلەردىن تەشكىل ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسى، ئەقىل ـ پاراستىگە قاراپ ئوقىتىپ يېتىشتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۆستۈرىدۇ. تۆۋەندە بىز بۇ كىشىلەرنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز:

ئابدۇرېشىت باقى، 1925 ـ يىلى قومۇل شەھىرىنىڭ پالۋانتۇر يېزىسى يۇقىرى مەھەللە كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنى دۆربەجىن مەكتەپتە ئوقۇغان. ئابدۇرېشىت باقى 1951 ـ يىل 1 ـ ئايدا ھەربىي

[1] بۇ ۋاقىتتا مامۇت ئابدۇرۇسۇلوف 7 ـ روتىنىڭ 1 ـ ئىنزۋوت كوماندىرى ئىدى.

سەپكە قاتنىشىپ، قىسمىدا جەڭچى، 1952 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن باشلاپ مۇئاۋىن ئىززۋوت دەرىجىلىك ئاقارتىش ئوقۇتقۇچىسى، 3 ـ باتالىيون 8 ـ روتىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي يېتەكچىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئابدۇرېشىت باقى 1955 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ھەربىي سەپتىن يەرلىككە ئالمىشىپ ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش نازارىتى قاتناش باشقۇرۇش بۆلۈمىنىڭ كادىرى بولۇپ ئىشلىگەن. 1956 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئۇ قومۇلغا يۆتكىلىپ، قومۇل ۋىلايەتلىك قاتناش باشقارمىسى، قاتناش باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋە باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۇ 1984 ـ يىلى 3 ـ ئايدا پېنسىيەگە چىققان. ئابدۇرېشىت باقى 1984 يىلى 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى كېسەل سەۋەبى بىلەن 59 يېشىدا قومۇلدا ۋاپات بولغان.

ئەرشىدىن زىكرىيا 1923 ـ يىلى 11 ـ ئايدا قومۇل شەھەرىنىڭ پالۋانتۇر يېزىسى يۇقىرى مەھەللە كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ساۋاتىنى چىقارغان. ئەرشىدىن زىكرىيا 1951 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ھەربىي سەپكە قاتنىشىپ، قىسمىدا جەڭچى، 3 ـ باتالىيون 8 ـ روتا 1 ـ ئىززۋوتنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى، كوماندىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئەرشىدىن زىكرىيا 1955 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ھەربىي سەپتىن يەرلىككە ئالمىشىپ ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتى باشقۇرۇشىدىكى ياڭخاڭ سودا سارىيىنىڭ مال ساتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. 1956 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئۇ قومۇلغا يۆتكىلىپ قومۇل ۋىلايەتلىك تۇرلۇك ماللار شىركىتى باشقۇرۇشىدىكى ماگىزىنىنىڭ مۇدىرى، 1958 ـ يىلىدىن 1962 ـ يىلىغىچە قومۇل ۋىلايەتلىك يېمەكلىكلەر شىركىتىنىڭ مال سېتىۋالغۇچىسى، 1962 ـ يىلىدىن 1980 ـ يىلىغىچە قومۇل توڭلىتىش ئىسكىلاتىنىڭ كادىرى بولۇپ ئىشلەپ، شۇ يىلى پېنسىيەگە چىققان، ھازىر قومۇلدا.

ئابدۇراخمان ھەسەن، 1926 ـ يىلى 3 ـ ئايدا قومۇل شەھەر-

رىنىڭ قارادۇۋە يېزىسى لاپچۇق كەنتىدە تۇغۇلغان. باشلانغۇچ مەكتەپنى يۇرتىدا ئوقۇغاندىن كېيىن، سودىگەرلىك بىلەن شۇغۇللانغان. ئابدۇراخمان ھەسەن 1951 ـ يىل 1 ـ ئايدا ھەربىي سەپكە قاتنىشىپ قىسىمدا جەڭچى، مۇئاۋىن ئودلىنىيە كوماندىرى، ئودلىنىيە كوماندىرى، مۇئاۋىن ئىزۋوت كوماندىرى، ئىزۋوت كوماندىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1956 ـ يىلى ئۇ ھەربىي سەپتىن يەرلىككە ئالمىشىپ، سابىق قومۇل ناھىيەلىك تېخنىكا پونكىتىنىڭ كادىرى، 1958 ـ يىلدىن 1959 ـ يىلغىچە قومۇل ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق ـ ئورمانچىلىق پونكىتىنىڭ كادىرى، 1959 ـ يىلى راكېتا دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1964 ـ يىلغىچە ئۇ راكېتا دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ كادىرى، 1964 ـ يىلدىن 1979 ـ يىلغىچە ئاراتۇرۇك ناھىيەلىك خەلق بانكىسىنىڭ كادىرى، بانكا يېزا ئىگىلىك بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، كېيىن يېزا ئىگىلىك بانكىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن مەزكۇر بانكىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۇ 1979 ـ يىلى قومۇل ۋىلايەتلىك راكېتا دېھقانچىلىق مەيدانى يېزا ئىگىلىك بانكىسىغا يۆتكىلىپ مەزكۇر بانكىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلەپ، 1987 ـ يىلى پېنسىيەگە چىققان، 2011 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى قومۇلدا ۋاپات بولغان.

ياقۇپ ئەيسا، 1923 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى باغداشتا تۇغۇلغان. باشلانغۇچ مەكتەپنى يۇرتىدا ئوقۇغان. ياقۇپ ئەيسا 1951 ـ يىل 1 ـ ئايدا ھەربىي سەپكە قاتنىشىپ قىسىمدا جەڭچى، ئاقارتىش مۇئەللىمى(مۇئاۋىن ئىزۋوت دەرىجىلىك)، مۇئاۋىن ئىزۋوت كوماندىرى، 41 ـ پولكنىڭ ئىشتاب ئوفىتسېرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ياقۇپ ئەيسا 1957 ـ يىلى ھەربىي سەپتىن يەرلىككە ئالمىشىپ، 1959 ـ يىلغىچە باركۆل، قومۇل يولۇچىلار پونكىتىنىڭ باشلىقى، 1959 ـ يىلدىن 1960 ـ يىلغىچە ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش نازارىتى

18 ـ كالون ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ كادىرى، 1960 ـ يىلى- دىن 1964 ـ يىلىغىچە قەشقەر 6 ـ ترانسپورت شىركىتى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ كادىرى، 1964 ـ يىلى6 ـ ئايدىن 1980 ـ يىلىغىچە كورلا 4 ـ ترانسپورت شىركىتى 1 ـ كالون خوجىلىق بۆلۈمى، مالىيە بۆلۈمىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. بۇ ئارىلىقتا ئۇ 1964 ـ يىلى ئېلىپ بېرىلغان سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىگە قاتنىشىپ، ئاقسۇ، بۈگۈر، كورلا قاتارلىق جايلاردا خىزمەت گۇرۇپپىسى تەركىبىدە سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىگە قاتناشقان. ئۇ 1980 ـ يىلىدىن 1982 ـ يىلىغىچە شىركەت زىيالىي ياشلار ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، شىركەت دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ، 1982 ـ يىلى پېنسىيە- يەگە چىققان. ئۇ 1996 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى كېسەل سەۋەبى بىلەن 73 يېشىدا كورلا شەھىرىدە ۋاپات بولغان.

3 ـ باتالىيوندىكى كوماندىر ـ جەڭچىلەر يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك غۇلجا سۇيدۇڭدىكى چوڭ ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتىگە قاتنىشىپ، شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشىدۇ.

1953 ـ يىلى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى قىسىملىرىدا زور كۆلەملىك ئىخچاملاش، ئىشتاتنى تەڭشەش ئېلىپ بېرىلىپ، قىسىملار دۆلەت مۇداپىئە قىسمى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش قىسمى دەپ ئىككىگە بۆلۈندى. 1954 ـ يىلى ھەربىي رايون قىسىملىرىدا بىر دۆلەت مۇداپىئە دىۋىزىيەسى ۋە توت ئاتلىق پولك قالدۇرۇلغاندىن باشقا 1 ـ بىڭتۈەننىڭ 2 ـ ، 6 ـ كورپۇسلىرى 5 ـ كورپۇسنىڭ كۆپ قىسمى ۋە 22 ـ بىڭتۈەننىڭ ھەممىسى كەسىپ ئالماشتۇرۇپ شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش ئارمىيەسى(بىڭتۈەنى)گە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، 5 ـ كورپۇس ئورگىنى ئىلى ھەربىي رايونى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى، 13 ـ دىۋىزىيە شىنجاڭ ھەربىي

رايونىغا قاراشلىق 3 ـ ئاتلىق مۇستەقىل پولك قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ قەشقەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى، 14 ـ دىۋىزىيە شىنجاڭ ھەربىي رايونىغا قاراشلىق 4 ـ ئاتلىق مۇستەقىل پولكىغا قىسقارتىلىپ دۆلەت مۇداپىئە قىسمى قىلىندى، يەنە مىڭغا يېقىن كادىر، جەڭچى جامائەت خەۋپسىزلىكى قىسىملىرىنىڭ خىزمىتىگە يۆتكەپ بېرىلدى، قالغان قىسمى كەسىپ ئالماشتۇرۇپ شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش ئارمىيەسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، بىر قىسمى ھەربىي سەپتىن بوشاپ ئائىلىسىگە قايتتى. 1954 ـ يىلى 6 ـ ئايدا 5 ـ كورپۇسنىڭ ئىشتاتى رەسمىي ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى[1].

3 ـ باتالىيوندىكى كوماندىر ـ جەڭچىلەر كېيىنكى كۈنلەردە ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق ئورۇنلاردا ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، ۋەتەن ـ خەلق، مىللەت ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن ئىشلەپ زور تۆھپىلەرنى قوشىدۇ. ئائىلىسىگە قايتقانلىرى يۇرت ـ ماكانلىرىنى قۇرۇش، گۈللەندۇرۇش ئۈچۈن تەر ئاققۇزۇپ كۆپ ئەجىرلەرنى سىڭدۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى كېيىنكى كۈنلەردە بىر قانچە قېتىم ئېلىپ بېرىلغان سىياسىي ھەرىكەتتە سول لۇشيەنىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ، ئۇلارنىڭ ئىلگىرىكى تۆھپىلىرى ئىنكار قىلىنىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەخمەت تۇردىيېۋ ئاكا ئەڭ ئېغىر زەربىگە ئۇچرىغانلارنىڭ بىرى. بۇ ھەقتە ئەخمەت تۇردىيېۋ ئاكا مۇنداق ئەسلەيدۇ:

«1952 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى قومۇلدىكى 3 ـ باتالىيون سۇيدۇڭ ناھىيەسىگە يۆتكىلىپ كېلىپ ئورۇنلىشىدۇ. سۇيدۇڭغا كېلىپ ئەتىسى مېنى نەزەربەند قىلىپ مىرزا قاماقتا ئالدى. 3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى 14 ـ دىۋىزىيە بويىچە ئېچىلغان

---

[1] زاھىر ساۋدانوف: «5 ـ كورپۇسنىڭ بېسىپ ئۆتكەن ئىنقىلابىي مۇساپىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 ـ يىلى 4 ـ ئاي نەشرى، 269 ـ 270 ـ بەتلەر.

40 - پولكنىڭ سىياسىي كومىسسارى دۆڭ شياڭسېن[1] باشچىلىقىدىكى كۆرەش يىغىنىدا تارتىپ چىقىرىلىپ كۆرەش قىلىندىم. كۆرەشنىڭ خاراكتېرى ناھايىتى ئېغىر، خۇددى ھازىرلا ئېتىپ تاشلايدىغاندەك ئەلپازدا: «تۇردىيېۋ باندىت تازىلاش ئۇرۇشىدا ئولجا ئالغان چوڭ يولۋاس، ئۇرۇشتا قاچقان بىر جەڭچىنى ئېتىۋەتكەن قاتىل، مىلىتارىست...» قاتارلىق مەندە يوق ئىللەت بىلەن قارىلاپ جىنايەت خاراكتېرىگە كۆتۈرۈپ، مېنى قولغا ئېلىپ 14 - دىۋىزىيە تۈرمىسىگە ئېلىپ بېرىپ قامىدى، ئېغىر ئەمگەكلەرگە سېلىندىم، 200 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى خاڭدا ئىشلىدىم، ھەتتا ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندىم. بىر يىل تۆت ئايدىن كېيىن غەربىي شىمال مەمۇرىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شى جۇڭشۈن[2] شىنجاڭغا كېلىپ سول لۇشيەنگە خاتىمە بەردى. مەن ھەممىدىن ئۈزۈل - كېسىل خالاس قىلىنىپ، 1953 - يىلى يازدا ئىچكى قىسىم مۇداپىئەسىگە يۆتكىلىپ غۇلجا شەھەر تىنچلىقنى ساقلاش ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ كوماندىرى بولۇپ بەلگىلەندىم. بۇ جەرياندا مەن «تازنى تاز دېسە ئۆلگۈسى كېلىدۇ، ساقنى تاز دېسە كۈلگۈسى كېلىدۇ» دېگەندەك كۈلۈپلا ئۆتتۇم. كېيىن بىلدىمكى، ئادەمنىڭ كۈلگۈسى كەلگۈدەك ئىشلار بولۇپ ئۆتۈپتۇ. ئەنە مەن شۇنى بىلىمەن، ۋاقىت ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى، ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ھەقىقەت ئۆز كۈچىنى نامايان قىلىدۇ. قاراڭلار، يېرىم ئەسىردىن كېيىن بۇ ھەقىقەتنىڭ قېزىپ چىقىلغانلىقىدىن ئىنتايىن مەمنۇن بولدۇم. ھەقىقەتنىڭ شاھىتى خەلقلا بولىدىكەن، ھەقىقەت ھەرگىز كۆمۈلۈپ قالمايدۇ. مەن يېرىم

[1] دۆڭ شياڭسېن دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىن، شىنجاڭ ھەربىي رايونى كادىرلار 7 - دەم ئېلىش ئورنىدا دەم ئېلىشتا ئىدى، ئۇ 2010 - يىل 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى 92 يېشىدا ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

[2] شى جۇڭشۈن ھازىرقى دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ دادىسى بولۇپ، ئۇ 2002 - يىل 5 - ئاينىڭ 24 - كۈنى 89 يېشىدا بېيجىڭدا ۋاپات بولغان.

ئەسىردىن كېيىن ئىككىنچى قېتىم قومۇل دىيارىغا باردىم. قومۇل خەلقى قېرى - ياش، ئەر - ئايال بولۇپ مېنى قومۇل قەھرىمانى سۈپىتىدە قارشى ئېلىپ كۈتۈۋالدى، ئۇرۇش قىلغان ئاراتۇرۇك ناھىيەسىنىڭ تاغ - يايلاقلىرىنى كۆرسەتتى، بۇنىڭدىن 50 يىل بۇرۇنقى ئۇبرازىمنى يەنە بىر قېتىم ئەسلەتتى، مەن خەلقنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالدىم».

باشتا ئېيتقىنىمىزدەك تۆھپىلىرى ئىنكار قىلىنىپ، رىيازەت چەككەنلەرنىڭ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ناملىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ۋاپات بولغانلىرى ھۆرمەت بىلەن ئەسلەندى، ھاياتلىرى خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپ خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرمەكتە.

3 - باتالىيوننىڭ 7 - ، 8 - روتىلىرىدىن قومۇلدا تۇرسۇن مۇسا، قالى ئەكبەر (قازاق)، مۆڭكى (موڭغۇل)، ئابلىكىم، مۇھەممۇر ساپا، مىجىت ئىبراھىم، بېيىسنىبېك ئەكىجان (قازاق)، تۇرغانوف، ئەكبەر، مەخسۇت ئىدرىس، ئۆمەرجان، تېزەكچى دۆلەتباي (قازاق)، مۇتەللىپ (قازاق) قاتارلىق 13 جەڭچى قۇربان بولغان. ئۇلاردىن ئەكىجان، مىجىت ئىبراھىم، ئابلىكىم، مۇھەممۇر ساپا، ئىدرىس، تېزەكچى دۆلەتباي قاتارلىقلارنىڭ قەبرىسى ئېنىقلاندى، قالغان جەڭچىلەرنىڭ قەبرىسى تېپىلمىدى. توختى رېھىم، توقتار (قازاق)، ئارا (موڭغۇل)، ئابلىمىت، مۇھەممەتجان شاۋۇدۇنوف، تۇرغان پەيزۇللايېف قاتارلىق بەش نەپەر كوماندىر - جەڭچى يارىدار بولغان.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتى تۈزگەن «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ئىنقىلابىي قۇربانلار رويخېتى» ناملىق كىتابتا قومۇلدا باندىت تازىلاش ئۇرۇشىدا قۇربان بولغان ئالتە نەپەر جەڭچىنى روىخەتكە ئالغان. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. مىجىت ئىبراھىم: ئەر، ئۇيغۇر، شىنجاڭ غۇلجا ناھىيە-

سىدىن، 1930 ـ يىلى تۇغۇلغان، 1946 ـ يىلى ئىنقىلابقا قاتناشقان، 1950 ـ يىلى قومۇلدا باندىت تازىلاش ئۇرۇشىدا قۇربان بولغان جەڭچى.

2. مۇھەممەد ساپا: ئەر، ئۇيغۇر، شىنجاڭ غۇلجا ناھىيەسىدىن، 1912 ـ يىلى تۇغۇلغان، 1948 ـ يىلى ئىنقىلابقا قاتناشقان، 1950 ـ يىلى قومۇلدا باندىت تازىلاش ئۇرۇشىدا قۇربان بولغان جەڭچى.

3. ئەخمەتقان: ئەر، قازاق، شىنجاڭ كۈنەس ناھىيەسىدىن. 1926 ـ يىلى تۇغۇلغان، 1949 ـ يىلى ئىنقىلابقا قاتناشقان، 1952 ـ يىلى قومۇلدا باندىت تازىلاش ئۇرۇشىدا قۇربان بولغان جەڭچى.

4. ئەكبەر خۇدابەرگەن: ئەر، قازاق، شىنجاڭ كۈنەس ناھىيەسىدىن. 1922 ـ يىلى تۇغۇلغان، 1947 ـ يىلى ئىنقىلابقا قاتناشقان، 1951 ـ يىلى قومۇلدا باندىت تازىلاش ئۇرۇشىدا قۇربان بولغان جەڭچى.

5. داكېبېك جۇتاباي: ئەر، قازاق، شىنجاڭ كۈنەس ناھىيەسىدىن. 1928 ـ يىلى تۇغۇلغان، 1946 ـ يىلى ئىنقىلابقا قاتناشقان، 1950 ـ يىلى قومۇلدا باندىت تازىلاش ئۇرۇشىدا قۇربان بولغان جەڭچى.

6. پاتىقان: ئەر، قازاق، شىنجاڭ شىخو ناھىيەسىدىن. 1920 ـ يىلى تۇغۇلغان، 1947 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئىنقىلابقا قاتناشقان، 1951 ـ يىلى قومۇلدا باندىت تازىلاش ئۇرۇشىدا قۇربان بولغان جەڭچى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتى تۈزگەن يۇقىرىقى كىتابتا قومۇلدا باندىت تازىلاش ئۇرۇشىدا قۇربان بولغان 3 ـ باتالىيوندىكى جەڭچىلەرنى يۇقىرىقىدەك تونۇشتۇرغان. قۇربان بولغان جەڭچىلەرنىڭ بىز ئىگىلىگەن ئىسىملىرىدا قىسمەن ئوخشاشماسلىق بار، بۇنى يەنىمۇ ئىنچىكىلىك بىلەن ئېنىقلاشقا توغرا كېلىدۇ. قومۇلدا قۇربان بولغان جەڭچىلەرنىڭ

تۆغۇلغان ۋاقتى بىلەن قۇربان بولغان ۋاقتى توغرىسىدا 3 ـ باتالىيون 7 ـ روتىنىڭ كوماندىرى ئەخمەت تۇردىيېف، 8 ـ روتىنىڭ كوماندىرى ئابدۇرېھىم خوجامنىياز، 3 ـ باتالىيوننىڭ كاتىپى تاھىرموردىنوفلار مۇنداق دەيدۇ:

«بىزنىڭ 3 ـ باتالىيون تەركىبىدە 1950 ـ يىل 1 ـ ئايدا قومۇلغا بارغاندا يېشى ئەڭ چوڭ ئوفىتسېر باتالىيون كوماندىرى مۇھەممەت ئىسمائىلوف 28 ياشتا، خوجىلىق باشلىقى ھېلىماخۇن ئەيسا بىلەن 8 ـ روتىنىڭ كوماندىرى خۇسەيزى مومۇزوفلار 27 ياشتا ئىدى. جەڭچىلەرنىڭ يېشى 25 تىن ئاشمايتتى، بىز بۇ ھەقتە يۈز پىرسەنت گۇۋاھلىق بېرىمىز. 1946 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن «11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى»دىن كېيىن يېشى چوڭ جەڭچىلەر ئۆيلىرىگە قايتۇرۇلدى، ئۇلارنىڭ ئورنىغا ياشلاردىن تولۇقلاپ قوبۇل قىلىندى. دېمەك، قومۇلغا بارغان جەڭچىلەرنىڭ يېشى 25 تىن ئاشمايدۇ. 1950 ـ يىل 8 ـ ئايدا قومۇلدىكى باندىت تازىلاش ئۇرۇشى ئاساسىي جەھەتتىن ئاخىرلاشتى. شۇنىڭدىن كېيىن بىزنىڭ 3 ـ باتالىيوندىن قۇربان بولغان جەڭچى يوق».

يۇقىرىقى كىتابتا بىر قىسىم جەڭچىلەرنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى بىلەن قۇربان بولغان ۋاقتى خاتا يېزىلىپ قالغان. ئۆمەرجان، تېزەكچى دۆلەتباي، مۇتەللىپلەر ئۇرۇشتا قۇربان بولغان ئەمەس، باشقا سەۋەبلەر بىلەن ۋاپات بولغان.

# قومۇلدا ئىززەتلەنگەن ئەر

1990 ـ يىللاردا «تارىم»، «ئىلى دەرياسى»، «قومۇل ئەدەبىياتى» قاتارلىق ژۇرناللاردا ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر ماقالىلەر ئېلان قىلىندى. بۇ ماقالىلەرنىڭ ئىچىدە «كونا چامادان»، «يەنىسخەيدىن قومۇل تاغلىرىغىچە»، «يەھيانى ئەسلەيمەن» قاتارلىق ماقالىلەر ئالاھىدە دىققىتىمنى قوزغىدى. يۇقىرىقى ماقالىلەرنىڭ ئاپتورى ئەخمەت تۇردىيېڧ بولۇپ، ئۇ چاغلاردا بۇ كىشىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلەلمىگەنىدىم. 2000 ـ يىلى 11 ـ ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن «جەڭگاھ خاتىرىلىرى» ناملىق كىتاب نەشردىن چىقتى، مەن بۇ كىتابنى قىزىقىش بىلەن ئۇدا بىر قانچە قېتىم ئوقۇپ چىقتىم. كىتابنىڭ ئاپتورى يەنە ئەخمەت تۇردىيېڧ بولۇپ، كىتابقا يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ماقالىلەردىن باشقا بىر قىسىم ماقالىلەر كىرگۈزۈلگەنىكەن. كىتابنىڭ باش قىسمىغا كىرگۈزۈلگەن ئاپتورنىڭ تەرجىمىھالىدىن ئاپتورنىڭ بورتالا شەھىرىدە ئىكەنلىكىنى بىلدىم.

2000 ـ يىل 10 ـ ئايدا ئۈرۈمچىدە پولكوۋنىك سوپاخۇن سۇۋۇروفنىڭ ئۆيىدە جىڭ ناھىيەلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ گۈزەل ـ سەنئەت ئوقۇتقۇچىسى نۇرمۇھەممەت توختى بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. ئۇنىڭدىن تۇردىيېڧ ئاكىنى سورىسام، ئۇ: «تۇردىيېڧ ئاكىنى تونۇيمەن ھەم يېقىن باردى ـ كەلدى قىلىمەن» دېدى. 2001 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن 2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىگىچە نۇرمۇھەممەت توختى قومۇلدا بولدى. بىر كۈنى كەچتە ئۆيدە نۇرمۇھەممەت توختى بىلەن سۆھبەتلە-

شىپ ئۇلتۇرۇپ ئۇنىڭغا: «سىز تۇردىيېۋ ئاكىغا تېلېفون بەر-
سىڭىز، ئالدى بىلەن تېلېفوندا بولسىمۇ سالاملاشقان بولسام»
دېدىم. ئىلگىرى نۇرمۇھەممەت تۇردىيېۋ ئاكىغا مېنى تونۇش-
تۇرغان ئىكەن. نۇرمۇھەممەت تۇردىيېۋ ئاكىغا تېلېفون بېرىپ
ئۆزىنىڭ قومۇلدا ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ مېنى ئۇنىڭغا تونۇش-
تۇرۇپ تېلېفوننى ماڭا بەردى. مەن تېلېفوننى قولۇمغا ئېلىپ
تۇردىيېۋ ئاكىغا سالام بېرىپ ئەھۋال سورىدىم ۋە: «سىز بىلەن
تېلېفوندا بولسىمۇ سالاملاشقانلىقىم ئۈچۈن بەك خۇشال بولۇۋا-
تىمەن. سىزنىڭ ‹جەڭگاھ خاتىرىلىرى› ناملىق كىتابىڭىزنى
بىر قانچە قېتىم ئوقۇپ چىقتىم، سىز قومۇل خەلقىنىڭ كۆيۈ-
ئوغلى ئىكەنسىز، سىز بىلەن بىر دىدارلىشىش ئارزۇيۇم بار»
دېدىم. تۇردىيېۋ ئاكا جاۋابەن: «ماڭا تېلېفون بەرگەنلىكىڭىز-
گە، كىتابىمنى ئوقۇغانلىقىڭىزغا كۆپ رەھمەت. بىز تەرەپلەرگە
كېلىڭ، قارشى ئالىمىز ئوغلۇم» دېدى. مەن خۇشال بولۇپ:
«بولىدۇ، مېنى تەكلىپ قىلغانلىقىڭىز ئۈچۈن رەھمەت، خۇدا
بۇيرۇسا بورتالاغا بېرىپ سىز بىلەن دىدارلىشىمەن» دەپ
خوشلاشتۇق.

2001 - يىل 3 - ئاينىڭ 29 - كۈنى مەن قومۇل دىيارى-
دىكى دوستلارنىڭ سالىمىنى ئېلىپ بورتالا شەھىرىگە قاراپ
يولغا چىقتىم. 30 - چېسلا ئەتىگەن ئۈرۈمچىگە چىقىپ ئۆدۈل
پولكوۋنىك سوپاخۇن سوۋۇروفنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇنىڭغا تۇر-
دىيېۋ ئاكا بىلەن دىدارلىشىش ئۈچۈن بورتالاغا ماڭغانلىقىمنى،
بۇ يىل يازدا تۇردىيېۋ ئاكىنى قومۇلغا تەكلىپ قىلىدىغانلى-
قىمنى ئېيتتىم. پولكوۋنىك سوپاخۇن سۆزۈمنى ئاڭلاپ: «ناھا-
يىتى ياخشى ئويلاپلا بالام، مەنمۇ تۇردىيېۋنىڭ كىتابىنى بىر
قانچە قېتىم ئوقۇپ چىقتىم، كىتاب ناھايىتى ياخشى يېزىلغان
بولۇپ، ھەقىقىي تارىخ ئەكس ئەتتۈرۈلۈپتۇ. ئۈچ ۋىلايەت ئىن-
قىلابى تېما قىلىنىپ يېزىلغان كىتابلار ئىچىدە تۇردىيېۋنىڭ
كىتابى ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. تۇردىيېۋ ئۈچ ۋىلايەت ئىن-

قىلالىغا ئەڭ دەسلەپ قاتناشقانلاردىن، بىر قاتار قانلىق جەڭلەر ـ نىڭ هايات شاهىتى ئىكەن. تۆردىيېف قومۇلغا مېڭىشىدا ياكى قايتىشىدا ئۆيۈمگە باشلاپ كەلسىلە، مەن تۆردىيېف بىلەن كۆ ـ رۈشمىسەم بولمايدۇ» دەپ ئالاهىدە تاپىلىدى. مەن: «بولىدۇ، خا ـ تىرجەم بولسىلا، مەن تۆردىيېف ئاكىنى ئۆيلىرىگە چوقۇم باشلاپ كېلىمەن» دەپ، ئۈرۈمچىدىن ئالاتاۋغا بارىدىغان پويىزغا ئولتۇرۇپ يولغا چىقتىم. ئاخشامسىرى بولغاندا بورتالا شەهىرى ـ گە تىنچ ـ ئامان يېتىپ بېرىپ، تۆردىيېف ئاكىنىڭ ئۆيىگە تې ـ لېفون بەردىم. ئازدىن كېيىن ئۇنىڭ قىزى خاتىرە ئالدىمغا كېلىپ كۈتۈۋالدى، بىز تاكسى بىلەن بىردەمدىلا تۆردىيېف ئا ـ كىنىڭ ئۆيىگە يېتىپ باردۇق. خاتىرە: «ئابىلىمىت ئاكا، ئەنە دادام بىزنى ساقلاپ تۇرىدۇ» دېدى. مەن تاكسىدىن چۈشۈشۈمگە يوغان، بەستلىك، روهىي هالىتى تېتىك بىر كىشى ئالدىمغا كېلىپ: «خۇش كەپسىز ئوغلۇم، قارشى ئالىمىز» دېدى، مەنمۇ تۆردىيېف ئاكىغا سالام بېرىپ ئەهۋال سوراپ، خۇددى كونا تو ـ نۇشلاردەك قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتۇق. ئۆيگە كىرىشىمگە تۆردى ـ يېف ئاكىنىڭ ئايالى دىلبەر خانىم هەدە مېنى قىزغىن كۈ ـ تۈۋالدى. ئەتىسىدىن باشلاپ تۆردىيېف ئاكىنىڭ بارلىق پەر ـ زەنتلىرى بىلەن دىدارلىشىپ تونۇشتۇم، ئۇلار مېنى بورتالا شەهىرىنىڭ ئاساسلىق كوچىلىرىنى ئايلاندۇردى. تۆردىيېف ئا ـ كا ۋە پەرزەنتلىرى مېنى كۈندە ئېسىل تائاملار بىلەن كۈتۈۋال ـ دى. مەن تۆردىيېف ئاكا بىلەن بىرگە تۆت كۈن كۆڭۈللۈك سۆهبەت ئېلىپ بارغاندىن كېيىن ۋاقتىم توشۇپ قايتىدىغانلى ـ قىمنى ئېيتىپ، بۇ يىل يازدا تۆردىيېف ئاكىنى دوستلارغا ۋاكالىتەن قومۇلغا تەكلىپ قىلدىم. تۆردىيېف ئاكا تەكلىپىمنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ: «بولىدۇ ئوغلۇم، قومۇللۇق دوستلارنىڭ كۆڭلىگە رەهمەت، ئەگەر سالامەتلىكىم يار بەرسىلا بۇ يىل يازدا قومۇلغا چوقۇم بارىمەن» دېدى. مەن تۆردىيېف ئا ـ كا، دىلبەر خانىم هەدە ۋە پەرزەنتلىرى بىلەن خوشلىشىپ 4 ـ

ئاينىڭ 3 ـ كۈنى قومۇلغا قايتتىم. تۇردىيوف ئاكىنىڭ كۈيئوغلى تۇرسۇنجان مېنى مەخسۇس ماشىنا بىلەن ئالاتاۋ پويىز ئىستانسىسىغا ئاچىقىپ ئۇزىتىپ قويدى.

2001 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى تۇردىيېۋ ئاكا قەلەمدىشى ھەم دوستى بورتالا شەھەرلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ پېنسىيەگە چىققان تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى، شائىر ئەخمەتجان ياسىننىڭ (ئىقبال) ھەمراھلىقىدا قومۇلغا قاراپ يولغا چىقىپ، كۈيتۇڭگە كەلگەندە، دوستۇم يۈسۈپجان سالىبېك (ئۆزبېك) نىڭ كۈتۈۋېلىشى بىلەن ئۇنىڭ ئۆيىدە بىر كېچە قونۇپتۇ. ئەتىسى يۈسۈپجان ئۇلارنى كۈيتۇڭدىن شىخەنگە باردىغان 1044 ـ قېتىملىق پويىزغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغاندىن كېيىن، پويىز خادىملىرىنىڭ ياخشى غەمخورلۇق قىلىشى بىلەن 9 ـ چېسلا كەچ قومۇلغا يېتىپ كەلگەندە قومۇل دارىلمۇئەللىمىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى يۇنۇس يۈسۈپ بىلەن ئىككىمىز تۇردىيېۋ ئاكىلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالدۇق.

10 ـ چېسلا كەچ ئۆيىمىزدە تۇردىيېۋ ئاكىلارنىڭ شەرىپىگە قومۇل مەشرىپى ئۇيۇشتۇرۇپ بەردۇق. سورۇنغا قومۇل ئەلنەغمىچىلىرىدىن ئۆمەر قارى ۋە ئايالى مارىخان، ياش ئەلنەغمىچىلەردىن ئابدۇللا راخمان، ئىسمائىل ئەخمەت قاتارلىق كىشىلەر قومۇل مۇقاملىرىنى ئورۇنلاپ مەشرەپنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈۋەتتى. تۇردىيېۋ ئاكىنىڭ قومۇلدىكى سەپداشلىرىدىن ھاجى سالى نىياز، ۋاپات بولۇپ كەتكەن سەپداشلىرىدىن مەرھۇم زاھىر باقىنىڭ ئوغلى نىجات زاھىر ۋە ئايالى گۈلسۈمخان سوپى، يەھيا ئىمىنىنىڭ ئوغلى ئەخمەت يەھيا ۋە ئايالى ئايىشەمخان تالىپ، قومۇل ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ سابىق باشلىقى خوجا سالى ۋە ئايالى ھەجەرخان تۇرسۇن ھەدە، قومۇل دارىلمۇئەللىمىنىڭ پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىلىرىدىن ئابدۇرېقىپ تۆمۈر جۇبەيرى، ئەخمەت ئىمىن ۋە ئايالى مەريەم نەسرۇللا مۇئەللىم، شىنجاڭ

مالىيە ـ ئىقتىساد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوتسېنتى ئىلىياس ئەخمەت قاتارلىق 30 ـــ 40 تەك ئادەم قاتناشتى. تۇردىيېڧ ئاكا بىلەن ئەخمەتجان ئاكا سورۇنىمىزغا ئاتاپ شېئىرلار ئوقۇدى، خوجا سالى ئاكا كۆپچىلىككە ۋاكالىتەن سۆز قىلىپ، تۇردىيېڧ ئاكىلارنىڭ ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي، ئۇزۇن مۇساپىلەرنى بېسىپ قومۇل دىيارىغا كەلگەنلىكىنى قىزغىن قارشى ئالدىغانلىقىنى بىلدۈردى. سورۇن ئىنتايىن كۆڭۈللۈك بولۇپ، ئەلنەغمىچىلەر زوق ـ شوقى بىلەن قومۇل مۇقاملىرىنى ئورۇنلاپ، سورۇننىڭ كەيپىياتىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈۋەتتى. تۇردىيېڧ ئاكا سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: «مەن 50 يىل ئىلگىرى مىللىي ئارمىيە 3 ـ باتالىيون 7 ـ روتىنىڭ كوماندىرى سالاھىيىتىم بىلەن قومۇلغا كەلگەندە قومۇلنىڭ داڭلىق ئەلنەغمىچىلىرىدىن ئاقپاشا، ئاخۇنبەگ قاتارلىقلار بىزنىڭ 3 ـ باتالىيونىمىز قارشى ئېلىپ ئورۇنلىغان قومۇل مۇقاملىرىنى ئاڭلىغاندىم، بۈگۈن مەن ئۇلارنىڭ شاگىرتلىرى ئورۇنلىغان قومۇل مۇقاملىرىنى ئاڭلاپ 50 يىل ئىلگىرىكى ياشلىق دەۋرىمگە قايتىپ قالغاندەك ھېسسىياتتا بولۇۋاتىمەن» دېدى. مەشرەپ يېرىم كېچىگىچە داۋاملاشتى.

ئەتىسىدىن باشلاپ دوستلار تۇردىيېڧ ئاكىلارنى ئۆيلىرىگە تەكلىپ قىلىپ ئېسىل تائاملار بىلەن كۈتۈۋالدى، تۇردىيېڧ ئاكىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى دوستى ھاجى ئابدۇۋەلى سىدىق ۋە ئايالى ھاجى پاتەمخان توختىلار تۇردىيېڧ ئاكىلار بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدى ھەمدە ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ ھەپتە كۈن مېھمان قىلدى. ئابدۇۋەلى ھاجىنىڭ ئوغلى ئەنۋەر ھاجى تۇردىيېڧ ئاكىلارنى مەخسۇس ماشىنا بىلەن قومۇلنىڭ ساياھەت ئورۇنلىرىغا ئېلىپ بېرىپ ساياھەت قىلدۇردى.

8 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى بىز ئۆز نامىمىزدىن 20 ئۈستەل تەييارلاپ، «ئەخمەتجان رېستورانى»دا تۇردىيېڧ ئاكىلارنىڭ شەرىپىگە زىياپەت بەردۇق. سورۇنغا قومۇل ۋىلايەتلىك خەلق

قۇرۇلتىيى خىزمەت كومىتېتىنىڭ باش كاتىپى ئابدۇراخمان مۆتىللا، قومۇل ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى باشقارمىسىنىڭ سابىق باشلىقى ئەمەت پەيزۇللا (1928 ـــ 2010)، قومۇل شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى پارتكومىنىڭ سابىق سېكرېتارى ئابدۇۋاھىت بوسۇق، قومۇل شەھەرلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ مۇتەخەسسىسى يۇسۇپ ئىبراھىم، «قومۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى بەگمەت يۇسۇپ، مۇھەررىرى ئەخمەت ھەمدۇللا، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئەسەت سۇلايمان، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرى ئابلىز ئورخۇن، قومۇل ۋىلايەتلىك تىل ـ يېزىق قەدىمىي ئەسەرلەر ئىشخانىسىدىن سەمەت ئەسرا، قومۇل دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ گۈزەل ـ سەنئەت ئوقۇتقۇچىسى پامىر تاش قاتارلىق 200 دىن ئارتۇق ئەر ـ ئايال قاتناشتى. ئابدۇراخمان مۆتىللا ئاكا كۆپچىلىككە ۋاكالىتەن سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم سورۇن ئەھلى! دانالاردىن تەۋەررۇك بولۇپ قالغان ‹كەتمەنلەنگەنلەر كەلمەيدۇ، كەتكەنلەر كېلىدۇ› دېگەن سۆز بار ئىكەن. بەرھەق، ئۇ كەلدى! ئەل ئوغلانى، ئاغىمىز ئەخمەت تۇردىيېف توپتوغرا يېرىم ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىن ئىككىنچى قېتىم دىيارىمىز قومۇلغا قەدەم تەشرىپ قىلدى.

ئاغىمىز ئەخمەت تۇردىيېف زۇلۇمغا قارشى خەلق ئىنقىلابىنىڭ جەسۇر جەڭچىسى، نۇسرەت قۇچقان قوشۇننىڭ تالانتلىق سەركەردىسى، قانلىق جەڭلەرنىڭ ھايات شاھىتى، جاپالىق ئەجرى بىلەن ئەلگە ئۆچمەس ئىز قالدۇرغان شائىر ھەم يازغۇچى! ئالاھىدە تەرىپلەشكە تېگىشلىكى ئۆزى قاتناشقان ۋە قوماندانلىق قىلغان جەڭلەرنى ئاساسىي تېما قىلىپ يازغان «جەڭگاھ خاتىرىلىرى» ناملىق كىتابى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جەڭلىرىنىڭ ئەمەلىي خاتىرىسى، ئەۋلادلىرى ئۈچۈن قالدۇرغان بىباھا تەۋەررۇكى، خەلق ئالدىدىكى ئالىي مەسئۇلىيىتىنىڭ ئۆچمەس ھېساب ـ

كىتابى.

هايات ئۆزىنىڭ سېھىر ـ كارامىتى بىلەن ئاغىمىز ئەخمەت تۇردىيېفقا يوقسۇزلۇقنىڭ جاپا ـ مۇشەققىتىنى، زوراۋانلىقنىڭ دەرد ـ ئەلىمىنى، جەڭ غەلىبىسىنىڭ خۇشاللىقىنى، سولچىلـ ـلىقنىڭ رىيازىتىنى بەخش ئەتكەن، تۇرمۇشنىڭ گۈلى ـ تىكىـ ـنى، ئاچچىق ـ چۈچۈكى، تاتلىقىدىن ئىبارەت ھەممە تەمى ئۇنى ئېگىلمەس ـ پۈكۈلمەس پولات قىلىپ تاۋلىغان. تۇردىيېف ئاكا مېھماندوست قومۇل خەلقىنىڭ ئالىي ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى كۆرسۇن، مېھرىبان قومۇل خەلقىنىڭ ئىللىق چىراي، خۇش مۇئامىلىسىنى كۆرسۇن، سەنئەتخۇمار قومۇل خەلقىنىڭ ئەلنەغمىسىنى ئاڭلاپ ئەۋرىشىم ئۇسۇللىرىنى كۆرسۇن، ياشلىق باھارىنى كۆرسۇن، قىز ـ چوكانلىرىمىزنىڭ ئالتۇن بوي، تاتلىق خۇي، خۇمار كۆزلىرىنى كۆرسۇن، پانىي دۇنيانىڭ پاراغىتىنى كۆرسۇن !

ياشارسۇن ئەل سۆيەر ئەرنىڭ يۈرىكى،
تاۋلانسۇن جەڭلەر ئارا ئەرنىڭ بىلىكى.
ياڭرىسۇن ئەلگە بېغىشلانغان ئەرنىڭ تىلىكى،
ئېچىلسۇن ئەل بىلەن كۆكەرگەن ئەرنىڭ چېچىكى».

ئابدۇراخمان مۇتىللا ئاكىنىڭ سۆزى ئاياغلاشقاندىن كېيىن تۇردىيېف ئاكا بىلەن ئەخمەتجان ياسىن ئاكىلار سورۇنىمىزغا ئاتاپ يازغان شېئىرلىرىنى ئوقۇدى.

## ئەسلەپ كەلدىم

### ئەخمەت تۇردىيېف

باغۇبوستانلىق قومۇل دىيارىنى ئەسلەپ كەلدىم،
قەلبى ئاتەش، قەلبى گۈل دوستلارنى سېغىنىپ كەلدىم.

ياش قىران چاغلىرىم خۇشال ئۆتتى بۇ دىياردا،
باسقان ئىزلارنى كۆرەي مەن ئىقبالنى باشلاپ كەلدىم.

قۇربان بولۇپ كەتكەن ھەربىر ئۇرۇش ئوتلىرىدا،
شۇ دوستلارنى سېغىنىپ ئەسلەپ كۆزۈمنى ياشلاپ كەلدىم.

ھەر ئاخشام ـ ئەتىسى قەلبىم تەلپۈنىدۇ قومۇل دىيارىغا،
تاغ ـ داۋان چۆللەرنى بىھېساب ئارقامغا تاشلاپ كەلدىم.

ئۆمۈر دەرياسى ئاقتى گاھى لاي، گاھى سۈزۈك،
دوستلارنى يوقلىيالماي خىجالەت بېشىمنى قاشلاپ كەلدىم.

ئالدىمغا چىقىپ قارشى ئالدى يۇسۇپجان ھەم ئابلىمىت،
ئەجداد سۆيگۈسى ئۇرغۇپتۇ غالىب قەدەملەر تاشلاپ كەلدىم.

يوللىرىڭىز تۈرۈپتۇ بۇندا بوستانلىرىڭىز قاتار سەپتە،
ئىسلاھات دەۋرىدە خۇشبۇي گۈللىرىڭىزنى پۇراپ كەلدىم.

ئىزلىرىم شان قۇچۇپتۇ مەغرۇر قەدەم تاشلاپ،
قەلبىم شاد نەۋرەم ـ چەۋرەمنى قۇتلاپ كەلدىم.

تۈنجى تويۇم ئۆتتى ئاقپاشا نەغمىسى بىلەن،
مېنى ئۆز قوينىغا ئالغان دوستلارنى يوقلاپ كەلدىم.

بۇگۈن كاتتا داستىخان سېپتۇ ئوغلۇم ئابلىمىت،
قىممىتى ئۆزگىچە قەلبىمدىن مىڭلارچە رەھمەت.

ياشلىقىم قايتىپ كەلدى دوستلارنىڭ ھىممىتى بىلەن،
قىلىمەن سىزلەرگە ئۆمرۈم بويى ئىززەت ۋە ھۆرمەت.

# سالام قومۇللۇق دوستلىرىم

## ئەخمەتجان ياسىن (ئىقبال)

سالام قومۇللۇق دوستلىرىم سىزگە گۈلۈم تۇتاي دەيمەن،
تۇتۇپ مەھكەم قولىڭىزنى كۆڭلىڭىزنى ئۇتاي دەيمەن.

سىزنى ئەسلەپ، سىزنى كۈيلەپ كەلدۇق تۇردىيېق ئاكام بىلەن،
سىز قۇچقان پەلەكلەرنى نەزمەمدىن قۇچاي دەيمەن.

يېقىپسىز ئەل قەلبىگە ئىجادلاردىن ئۈرلەشتە،
مىنىپ تۇلپار خۇددى سىزدەك كۆكتە كېزىپ ئۇچاي دەيمەن.

نامى ئۈچمەس مەشئەل كەبى قەلبىمىزنىڭ تۆرىدە،
ئۆتكۈر ئاكا، خوجايېفتەك مەرىپەتكە قاناي دەيمەن.

قىلدى مېنى مەھلىيا مەرىپەتلىك بوستانىڭىز،
تەڭكەش قىلىپ باغىڭىزدا ئىجاد سازى چالاي دەيمەن.

ئانام بەرگەن ئاپئاق سۈتتەك ماڭا ئاق نان بەردىڭىز،
ئەسلەپ بۈيۈك تارىختىن يېڭى بەتلەر ئاچاي دەيمەن.

تۇرۇپتۇ ئەنە ئالدىمىزدا تارىخنىڭ مەرد باتۇرلىرى،
ئۇلۇغلاپ ئۇلار شەنىنى ئاتەش كۈيلەر قاتاي دەيمەن.

بىز كەلدۇق بۈگۈن يۇرتىڭىزغا ئېلىپ سايرامنىڭ سالامىنى،
قېرىنداشلىق چىن رىشتىدىن ھۆرمەت ـ ئىززەت تاپاي دەيمەن.

بولسىمۇ گەر ئارىلىق يىراق ئۇزۇلمىگەي چىن رىشتىمىز، قېنىپ ئوتلۇق سۆيگۈڭىزگە خۇشال كۈلۈپ ياناي دەيمەن.

ئەخمەت ھەمدۇللا بىلەن ھەجەرگۈل يۇنۇس قومۇل قەلەمكەشلىرىگە ۋاكالىتەن تۇردىيېۋ ئاكا بىلەن ئەخمەتجان ياسىن ئاكىلارنىڭ قومۇل دىيارىغا كەلگەنلىكىگە ئاتاپ تۆۋەندىكى شېئىرلارنى ئوقۇدى:

## قومۇلدىلا قال

(ئەخمەت تۇردىيېۋ ئەپەندىنىڭ قومۇلغا كەلگەنلىكى خاتىرىسىگە)

### ئەخمەت ھەمدۇللا

يولۇڭغا قارىدى ئانىجان قومۇل،
دىدارىڭ سېغىنىپ ئىنتىزار بولۇپ.
سورىدى شامالدىن قايان كەتتى دەپ،
جانجىگەر بالىجان ئەخمەت تۇردىيېۋ.

تۇرنىلار سەپ تارتىپ كەلدى ئەللىك رەت،
ئەللىك رەت ياپراقلار سولدى خازان بوپ.
كەتكەندە ياش ئىدىڭ، ئاتتەك شاش ئىدىڭ،
ھە بوگۈن كەپسەن ـ دە مويسىپىت بولۇپ.

كۆرۈشمەك تەس ئىكەن دىدار غەنىيمەت،
ئېۋىرغول مېھرىگە قېنىپ ـ قېنىۋال.
كېتىمەن دەپ يۈرمە قەغىشلىك قىلىپ.
بولسىغۇ كەتمىگىن قومۇلدىلا قال.

# قەدىرلىك

## ھەجەرگۇل يۇنۇس

دۇنيادا ھەممىدىن ئىنسان قەدىرلىك،
ئىنسانغا پاك سۆيگۈ ۋىجدان قەدىرلىك.
جان پىدا ئەيلىگەن خەلقىمىز ئۈچۈن،
جانغا جان ۋاپادار ئاكىلار قەدىرلىك.

ئەمەل، نەپ قوغلىشىپ ساتما ۋىجداننى،
ئادەمگە ئەخلاقىي مىزان قەدىرلىك.
قىلمىغىن ۋاپاغا ھەرگىزمۇ جاپا،
يار ـ يۆلەك دوستلارغا مەردان قەدىرلىك.

دۇنيانى ياراتقان ئىنسان ئەمگىكى،
ھالال تەر سىڭگەن نان ـ تالقان قەدىرلىك.
ۋەتەننىڭ نېمىتى چوڭ قىلدى سېنى،
ھەر كىمگە ئانا يۇرت ـ ماكان قەدىرلىك.

يۇرت ئامان — سەن ئامان، بولمايسەن ھېچ خار،
ئەل ـ يۇرتنى قوغدىغان پالۋان قەدىرلىك.
ئېچىلغاي چىمەن سۆيگۈ ۋاپا گۈللىرى،
دىلغا ئوت ياققان شۇ ئاكىلار قەدىرلىك.

شېئىر ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ياش ناخشىچى ئىسكەندەر سەمەت ئېلېكترونلۇق چالغۇ بىلەن قومۇل مۇقاملىرىنى ئېيتىپ سورۇننىڭ كەيپىياتىنى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈ-

رۇۋەتتى. زىياپەت، كۆڭۈل ئېچىش يېرىم كېچىگىچە داۋاملاشتى.

ئەخمەتجان ياسىن ئاكىنىڭ ئائىلىسىدە مۇھىم ئىشى چىقىپ قالغاچقا 8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى بورتالاغا قايتتى. تۇردىيېۋ ئاكا قومۇلدىكى هايات سەپدىشى هاجى سالى نىيازنى يوقلىدى ۋە ئۇنىڭ ئۆيىدە بىر كۈن مېھمان بولدى. ۋاپات بولۇپ كەتكەن سەپداشلىرىدىن زاهىر باقى بىلەن يەھيا ئىمىنىنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ پەتە قىلىپ، ئۇلاردىن هال سورىدى، ئۇلار تۇردىيېۋ ئاكىنى بىر كۈندىن مېھمان قىلىشتى.

# قايتا ئۇچراشقان «رەقىبلەر»

تۇردىيېف ئاكا ئەينى يىللاردا ئۆزى قاتناشقان ۋە قوماندانلىق قىلغان جەڭ مەيدانى ئاراتۇرۇك ناھىيەسىنى كۆرۈپ زىيارەت قىلىش مەقسىتىدە قومۇل ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت كومىتېتىنىڭ باش كاتىپى ئابدۇراخمان مۇتىللا ئاكىنىڭ قوللىشى ۋە مەخسۇس ماشىنا ئاجرىتىپ بېرىشى بىلەن قومۇل ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ سابىق باشلىقى خوجا سالى ئاكا بىلەن ئىككىمىز تۇردىيېف ئاكىغا ھەمراھ بولۇپ، 8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئاراتۇرۇك ناھىيەسىگە قاراپ يولغا چىقتۇق. بىز نامداۋىنىغا بارغاندا خوجا سالى تۇردىيېف ئاكىغا: «بىز نامداۋىنىغا كەلدۇق، مۇشۇ يەردىن باركۆل بىلەن ئاراتۇرۇك ناھىيەسىگە بارىدىغان يول ئايرىلىدۇ» دېدى، تۇردىيېف ئاكا: «بىز 1950 ـ يىل 4 ـ ئايدا قومۇلدىن باركۆلگە يۆتكەلگەندە مۇشۇ يول بىلەن ئاتلىق ماڭغانىدۇق» دېدى. ماشىنا ئۇچقاندەك تېز سۈرئەتتە ئىلگىرىلەپ نېرىنكىر داۋىنىغا بارغاندا تۇردىيېف ئاكا: «بۇ نېرىنكىرمۇ؟» دەپ سورىدى، خوجا سالى: «ھەئە، نېرىنكىرغا كەلدۇق» دېدى. تۇردىيېف ئاكا بىر ئاز ئويلانغاندىن كېيىن: «1950 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ بېشىدا مۇشۇ يەردە ئوسمان ئىسلام، يولۋاس، ئەبەيدۇللا ناسىر، تۇرغۇن پالۋاننىڭ ئادەملىرى بىزگە قارشى مۇداپىئە قۇرۇپ ئالدىمىزنى توسىغانىدى، بىز بىر ھۇررا ساداسى بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ ئۇلارنىڭ مۇداپىئەسىنى يىمىرىپ تاشلىغانىدۇق» دېدى.

بىز چۈش ۋاقتى بىلەن ئاراتۇرۇك ناھىيە بازىرىغا بارغاندا تۇردىيېف ئاكا ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىدىكى ئېگىز تاغ ئۇس-

تىدىكى ئاكوپنى كۆرسىتىپ مۇنداق دېدى: «بىز 1950 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئەڭ ئالدى بىلەن ئاراتۇرۇك ناھىيە بازىرىغا كەلگەندە ئاشۇ تاغ بېشىدىكى ئاكوپنىڭ ئىچىگە قامىلىپ قالغىنىغا 40 كۈن بولغان جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى 6 ـ كورپۇس 16 ـ دىۋىزىيە 46 ـ پولك 1 ـ باتالىيوننىڭ 2 ـ روتىسى 1 ـ باتالىيوننىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى خۇ چىڭسەن[1] بىزنى باندىتلار ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ كوماندىر ـ جەڭچىلەرگە ئوق چىقىرىشقا بۇيرۇق بەرگەنىكەن. بىز ئېھتىيات قىلغاچقا ھېچقايسىمىزغا ئوق تەگمىدى» دەپ ئىزاھات بەردى.

بىز ناھىيە بازىرىغا بارغاندا ناھىيەلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى خالمۇرات ئابلىمىت، سوت مەھكىمىسى ئىنتىزام تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى، سوت مەھكىمىسى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى گاۋ ۋېي قاتارلىق كىشىلەر بىزنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. چۈشتىن كېيىن ناھىيەلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ سېكرېتارى لۇ خوگېڭ بىزگە يېقىندىن غەمخورلۇق قىلدى ۋە ئۇنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ناھىيەلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئالى ئىمىن (1946 ـــ 2002)، ناھىيەلىك يەر باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئەمەت كۆسۆ، ئاراتۇرۇك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مۇخبىرى تۇرغۇن گايىتلار دەرھال يېتىپ كەلدى. بىز خالمۇرات ئابلىمىت، ئالى ئىمىن، ئەمەت كۆسۆ، گاۋ ۋېيلارنىڭ ھەمراھلىقىدا ئالدى بىلەن ئاراتۇرۇك ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىنى زىيارەت قىلدۇق. بۇ قەبرىستانلىق 1978 ـ يىل 10 ـ ئايدا قۇرۇلغان، قەبرىستانلىقتا جەمئىي 32 قەبرە بار بولۇپ، قەبرىلەر ئىككى رەت ، ھەر بىر رەتتە 16 قەبرە بار ئىكەن. ئالدىنقى رەت ئوتتۇ-

---

[1] خۇ چىڭسەن 1950 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى 2 ـ روتىنى باشلاپ ئاراتۇرۇك ناھىيەسىگە كىرگەن ئىكەن.

تۇرىدا بىر نەپەر مىللىي ئارمىيە جەڭچىسىنىڭ قەبرىسى بار بولۇپ، قەبرە تاختىسىغا «ئىنقىلابىي قۇربان ئەكبەرجاننىڭ قەبرىسى»، تاختاينىڭ كەينىگە «قازاق، مىللىي ئارمىيە 3 ـ باتالىيوننىڭ ئالاقىچىسى» دېگەن خەتلەر ئويۇلغانىكەن. تۇردىيېۋ ئاكا قەبرىدىكى خەتلەرنى كۆرۈپ: «بۇ جەڭچىنىڭ ئىسمى ئەكبەرجان ئەمەس، بېيسىنبېك ئەكىجان، قازاق، 3 ـ باتالىيونغا بىۋاستە قاراشلىق ئالاقە ئودلىنىيەسىنىڭ كوماندىرى ئىدى. بىز ئاراتۇرۇككە قاراپ كېتىۋاتقاندا ئۇنىڭغا ئوق تېگىپ قۇربان بولغان، ئەكبەر ئۇيغۇر بولۇپ، 7 ـ روتىنىڭ جەڭچىسى ئىدى. بىز باندىتلارنى قوغلاپ قورايدا تاغقا يامىشىپ چىقىۋاتقاندا ئۇ تاغدىن غۇلاپ كېتىپ قۇربان بولدى. ئەكبەر قورايدا دەپنە قىلىنغان» دەپ ئىزاھات بەردى. بىز يەنە ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە سارىيىنى زىيارەت قىلدۇق، ئۆينىڭ تېمىغا بىر قىسىم سىزما رەسىملەر ئېسىلغان ۋە بىرمۇنچە فوتو سۈرەتلەر قويۇلغان ئىكەن. بۇ سۈرەتلەر ئىچىدە 3 ـ باتالىيوندىكى قىسمەن كوماندىرلارنىڭ 1950 ـ يىل 10 ـ ئايدا قومۇلدىكى 3 ـ باتالىيون ئىشتابىدا چۈشكەن خاتىرە سۈرىتى (11 ئادەم) بار ئىكەن. بۇ قەبرىستانلىق قۇرۇلغاندىن كېيىن نوم، باي ۋە باشقا جايلاردا قۇربان بولغان كوماندىر ـ جەڭچىلەرنىڭ جەسەتلىرىنى يۆتكەپ كەلگەندە بېيسىنبېك ئەكىجاننىڭ جەسىتىنىمۇ يۆتكەپ كەلگەنىكەن. «قومۇل ۋىلايىتى تەزكىرىسى» دىكى «يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە قومۇل رايونىدا باندىت تازىلاش ئۇرۇشىدا قۇربان بولغان ۋە يوقاپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ جەدۋەلى»دە بېيسىنبېك ئەكىجان بىلەن ئەكبەرنى تۆۋەندىكىدەك تونۇشتۇرغان «ئەكبەر، ئەر، ئۇيغۇر، 1950 ـ يىل 5 ـ ئايدا نېرىنكىردا ئۇرۇشتا قۇربان بولغان، مىللىي ئارمىيە 40 ـ پولك 3 ـ باتالىيوننىڭ ئالاقىچىسى. ئەكىجان، ئەر، ئۇيغۇر، 1950 ـ يىل 5 ـ ئايدا نېرىنكىردا ئۇرۇشتا قۇربان بولغان، مىللىي ئارمىيە 40 ـ پولك 3 ـ باتالىيوننىڭ ئالاقىچىسى».

بۇ يەردىكى بۇ ئىككى شەخسنىڭ تەرجىمىھالىدىكى خاتالىق تۇردىيېف ئاكىنىڭ سۆزى بىلەن ئېنىق بولدى.

بىز قەبرىستانلىقتىن چىقىپ ئاراتۇرۇك ناھىيە توخولو يېزا بۇلاقبېشى كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق تۇرغۇن پالۋاننىڭ[1] ئۆيىگە باردۇق. تۇرغۇن پالۋان ۋە پەرزەنتلىرى بىزنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. تىنچلىق سوراشقاندىن كېيىن تۇردىيېف ئاكا تۇرغۇن پالۋاننى تونۇۋالدى، ئەمما تۇرغۇن پالۋان تونۇمىدى. تۇردىيېف ئاكا: «سىز تۇردىيېف دېگەن ئىسىمنى ئاڭلىغانمۇ؟» دەپ سورىدى، ئۇ: «ئاڭلىغان، ئۇ كىشى 1950 ـ يىل 5 ـ ئايدا ئاراتۇرۇككە كەلگەن، ئىلى مىللىي ئارمىيەسىنىڭ كوماندىرى» دەپ جاۋاب بەردى. 50 يىل ئىلگىرى ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە قورال تەڭلەشكەن بۇ ئىككى رەقىب ئۆزلىرىنىڭ 50 يىل ئىلگىرىكى سەرگۈزەشتىلىرىنى ئەسلىشىپ قىزغىن سۆھبەتكە چۈشۈپ كەتتى. تۇرغۇن پالۋان مۇنداق دېدى: «نېرىنكىر داۋىنىدىكى مۇداپىئە ئىستىھكاملىرىمىزنى ئىلى مىللىي ئارمىيەسىنىڭ بۆسۈپ ئۆتۈپ ئاراتۇرۇككە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ھەممە ئادەم تاغقا چىقىپ كەتتۇق. ئىلى مىللىي ئارمىيەسى بىزنى قوغلاپ تاغقا باستۇرۇپ كەلدى. دەسلەپتە بىز ئازادلىق ئارمىيەنىڭ كوماندىر ـ جەڭچىلىرى بىلەن جەڭ قىلىپ ئۇلارنىڭ يەر شارائىتىنى بىلمىگەنلىكىدىن پايدىلىنىپ كۆپ تالاپەتكە ئۇچراتقان ئىدۇق. بىراق ئىلى مىللىي ئارمىيەسى بەك جەڭگىۋار ئىكەن، ئۇلار بىزگە پوپوزا قىلىپ، بىزگە يېقىنلا يەرلەرگە بىردەم پىلىموت ئاتسا، بىردەم ئاپتومات ئېتىپ، گىرانات تاشلاپ، ھېچ ئارام بەرمىدى، ئەمما ئادەمگە قارىتىپ ئوق چىقارمىدى. ئىلى مىللىي ئارمىيەسى بىزنى قوغلاپ كەلدى. بىز

---

[1] تۇرغۇن پالۋان 2002 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى كېسەل سەۋەبى بىلەن 88 يېشىدا ئاراتۇرۇك ناھىيەسىنىڭ توخولو يېزىسى بۇلاق بېشى كەنتىدە ۋاپات بولغان.

تاغ چوققىسىغا چىقىۋالايلى دەپ يەھيا بىلەن ئىككىمىز تاغقا ياماشتۇق، بىراق ئىلى مىللىي ئارمىيەسى تاغ چوققىسىنى بىزدىن بۇرۇن ئىگىلىۋالدى» دەپ بولغان ۋەقەلەرنى سۆزلەپ كېلىپ، «بىر جەڭچى ئۆڭكۈرگە كىرىپ يەھيانى يۆلەپ سىرتقا ئېلىپ چىقتى ۋە بىزنى جەنۇب تەرەپكە ئېلىپ باردى. ئۇ يەردە تۇرغۇن مىللىي ئەسكەرلەر بار ئىكەن، ئۇسساپ قورسىقىممۇ ئېچىپ كەتكەندى. ئەسكەرلەرنىڭ تۆمۈر تۇڭلىرىدىكى ئۇسسۇ-لۇقلىرىنى ئىچىپ، خالتىلىرىدىكى نانلارنى يېدۇق، ھېچكىم بىزنى يېمەڭلار دېمىدى. ئۇ يەردىن بىزنى ناھىيە بازىرىغا ئې-لىپ باردى ۋە دوختۇرلار يارىمىزنى تېڭىپ قويدى. ئۇ يەردە تۇرغۇن خەنزۇ ئەسكەرلەر بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىلگىرى مەن قۇتقۇزۇپ قالغان ئەسكەر بار ئىكەن. ئۇ مېنى كۆرۈپ يۈ-گۈرۈپ كېلىپ مېنى قۇچاقلاپ كەتتى. ئۇ باشقىلارغا: «مېنى مۇشۇ كىشى قۇتقۇزۇپ قالغان» دېدى ۋە قەنت سېلىپ دەملەن-گەن بىر كۈرۈشكا چاينى ئەكىلىپ ماڭا تۇتتى. كېيىن مەن يە-نە خىزمەت كۆرسىتىپ بۇلاڭچى ـ باندىتلارنىڭ باشلىقى ھەيـ-دەر (قازاق) نى ئېتىپ يارىدار قىلىپ تۇتۇپ بېرىۋېدىم، خەلق ھۆكۈمىتى يۇقىرىقى تۆھپىلىرىم ئۈچۈن ماڭا كەڭچىلىك قىـ-لىپ گۇناھلىرىمنى كەچۈرۈۋەتتى. ھەمراھىم يەھيا نەچچە يىلـ-نىڭ ئالدىدا ۋاپات بولۇپ كەتتى. مانا مەن بۇ يىل 87 ياشقا كىردىم» دېدى.

تۇردىيېق ئاكا تۇرغۇن پالۋانغا مۇنداق دېدى: «نىيرىنكىر داۋنىدىكى مۇداپىئەيىگىلارنى مەن قوماندانلىق قىلغان مىللىي قىسىم يىمىرىپ تاشلىدى، تاغقا سىزلەرنى قوغلاپ چىققانمۇ مەن قوماندانلىق قىلغان مىللىي ئارمىيەنىڭ كوماندىر ـ جەڭ-چىلىرى. سىزلەر ئۆڭكۈردىن چىقمىغاندىن كېيىن گىراناتنى مېنىڭ قول ئاستىمدىكى ئىزۋوت كوماندىرى ئابلىمىت راخما-نوف تاشلىغان. تۇرغۇن پالۋان مۇنداق دېدى: «ئىلى مىللىي

ئارمىيەسى بەك جەڭگىۋار ئىكەن، بىزگە قورال تاشلاپ تەسلىم
بولماقتىن باشقا يول قالمىغانىدى» دېدى. بىز تۆرغۆن پالۋان-
نىڭ سۆزىنى ئۆنئالغۇغا ئېلىۋالدۇق، مۇخبىر تۆرغۆن گايىت
بىزنىڭ ئاراتۇرۇكتىكى پائالىيەتلىرىمىزنى پۈتۈنلەي سىنئالغۇ-
غا ئالدى. تۇردىيېۋ ئاكا بىلەن تۆرغۆن پالۋاننىڭ سۆھبىتى ئا-
ياغلاشقاندىن كېيىن، تۆرغۆن پالۋان تۇردىيېۋ ئاكا باشلىق
ھەممىمىزگە: «بۈگۈن كېچە ئۆيۈمدە قونۇپ قېلىڭلار، مەن
سىزلەرنى قوي سويۇپ مېھمان قىلىمەن» دېگەن تەكلىپنى بەر-
دى، بىز تۆرغۆن پالۋانغا كۆپتىن - كۆپ رەھمەت ۋە ئۆزرە
ئېيتىپ خوشلىشىپ قايتتۇق. 50 يىلدىن كېيىن قايتا
ئۇچراشقان بۇ ئىككى رەقىب شۇنداق خوشلاشتى. بىز ناھىيە
بازىرىغا كەلگەندە خالمۇرات ئابلىمىت ئاراتۇرۇك ناھىيەلىك
خەلق سوت مەھكىمىسى نامىدىن تۇردىيېۋ ئاكا باشلىق مېھ-
مانلارغا رېستوراندا زىياپەت بەردى. كەچتە خوجا سالى ئاكىنىڭ
تەكلىپى، خالمۇرات ئابلىمىتنىڭ يول باشلىشى بىلەن ئاراتۇ-
رۇك ناھىيە باي يېزىسىدا ئولتۇرۇشلۇق ئاراتۇرۇك ناھىيەلىك
خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى پەيزۇللا توختى ئاكىنىڭ
ئۆيىگە باردۇق. بىز ئۇنىڭ ئۆيىگە بارغاندا بېيجىڭ ۋاقتى كەچ
سائەت ئونلار بولۇپ قالغانىدى. پەيزۇللا ئاكا ۋە ئايالى مىخان
كۆسۈ ھەدە بىزنى ناھايىتى قىزغىن كۈتۈۋالدى، ئالدىمىزغا باي-
نىڭ قەنتتەك تاتلىق قوغۇن - تاۋۇزلىرىنى كەلتۈردى. پەي-
زۇللا ئاكا تۇردىيېۋ ئاكا باشلىق مېھمانلارغا ئاتاپ قوي سويۇپ
مېھمان قىلدى. تاماقتىن كېيىن قومۇلنىڭ ئەنئەنىۋى پوتا
مەشرىپى ئۇيۇشتۇردى. غېجەكچى شەرۇللا سەدەن ئاكا غېجەكنى
قولىغا ئېلىپ، قومۇل مۇقاملىرىنى ئېيتىشقا باشلىدى. ئايال
ئەلنەغمىچىلەردىن ھەجەرخان يۈسۈپ، مەننۇرەم مەتنىياز، ھە-
بىبەم بوسۇقلار قوللىرىغا داپ ئېلىپ، شەرۇللا ئاكىغا تەڭكەش
قىلىپ زوق - شوقى بىلەن قومۇل مۇقاملىرىنى ئېيتىپ سو-

رۇنىي ئەۋجىگە چىقاردى. ئانادۇللا، ئادىل قادىر قاتارلىق كىـ-شىلەرمۇ سورۇنغا قاتناشتى. باي يېزىلىق پارتكومىنىڭ سېكرې-تارى ھاجى، باي يېزىسىنىڭ باشلىقى ئەنۋەر ئالى قاتارلىق يېزا رەھبەرلىرى تۇردىيېۋ ئاكا قاتارلىق مېھمانلارنىڭ كەلگەنلىكى-دىن خەۋەر تېپىپ، ئالاھىدە پەيزۇللا ئاكىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ تۇردىيېۋ ئاكا بىلەن كۆرۈشتى. ئۇلار تۇردىيېۋ ئاكىغا: «ھېلى سىزلەرنىڭ يۇرتىمىزغا كەلگەنلىكىڭىزلاردىن خەۋەر تېپىپ كېلىشىمىز. سىز ئاراتۇرۇك ناھىيەسىنى ئىككىنچى قېتىم ئازاد قىلغان مىللىي ئارمىيەنىڭ كوماندىرى ئىكەنسىز، دىيارى-مىزدا بىر قانچە كۈن، بولمىغاندا ئەتە بىر كۈن تۇرىڭىزلار، بىز سىزلەرگە ئاتاپ چاي ئۆتكۈزۈپ بېرەيلى» دېگەن تەكلىپنى بەردى. تۇردىيېۋ ئاكا ئۇلارغا كۆپتىن ـ كۆپ رەھمەتلەر ئېيـ-تىپ «قومۇلدا مۇھىم ئىشىمىز بار، ئەتە قايتمىساق بولمايدۇ» دېدى. مەشرەپ قىزغىن كەيپىيات ئىچىدە بېيجىڭ ۋاقتى سە-ھەر سائەت بەشكىچە داۋاملاشتى. شۇ كېچىسى ھەممىمىز پەي-زۇللا ئاكىنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالدۇق.

ئەتىسى ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن بىز يولغا چىقىش ئالـ-دىدا، خوجا سالى ئاكا: «بىز 1931 ـ يىلى ئەتىيازدا قومۇل دېھ-قانلار ئىنقىلابى پارتلىغان شوپۇل ئارقىلىق قايتايلى» دېگەن تەكلىپنى بەردى. تۇردىيېۋ ئاكا خوجا سالى ئاكىنىڭ تەكلىپى-گە قوشۇلۇپ: «كۆرسە كۆزگە پايدا دەپتىكەن، بولىدۇ، شۇنداق قىلايلى» دېدى. پەيزۇللا ئاكا بىلەن خالمۇرات ئابلىمىتلەر بىز-نى قوغۇنلۇققا باشلاپ بېرىپ، ماشىنىمىزغا 20 دەك قوغۇن ـ تاۋۇزنى سېلىپ بەردى ۋە شوپۇلغا بارىدىغان يولغا ئاپىرىپ قويدى. بىز ئۇلارغا كۆپتىن ـ كۆپ رەھمەتلەر ئېيتىپ يولغا چىقتۇق، خوجا سالى ئاكىنىڭ ئېيتىشىچە، باي بىلەن شوپۇل-نىڭ ئارىلىقى 80 كىلومېتىر كېلىدىكەن. بىز شوپۇلغا كەل-گەندە خوجا سالى تۇردىيېۋ ئاكىغا: «مانا، شوپۇلغا كەلدۇق، بۇ

يۇرت قومۇل 12 تاغنىڭ بىرى» دەپ تونۇشتۇردى. بىز تاشۋېلىق ئارقىلىق چۈشتىن كېيىن قومۇل شەھىرىگە قايتىپ كەلدۇق.

تۇردىيېف ئاكا قومۇلدىكى ساياھىتىنى كۆڭۈللۈك ھەم نەتىجىلىك ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، ئۇ قومۇلدىكى دوست - بۇرادەرلىرى، سەپداشلىرى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن خوشلىشىپ، 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى 889 - قېتىملىق ساياھەت پويىزىغا ئولتۇرۇپ قومۇلدىن قايتتى.

# سەپداشلار سۆھبىتى

9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئەتىگەن بىز ئۈرۈمچىگە چىققاندىن كېيىن، مەن پولكوۋنىك سوپاخۇن سۇۋۇروفقا بەرگەن ۋەدەم بويىچە تۇردىيېۋ ئاكىنى ئۇدۇل سوپاخۇننىڭ ئۆيىگە باشلاپ باردىم. سوپاخۇن بىلەن ئايالى گۈلبوستان خانىمنىڭ تۇردىيېۋ ئاكىنىڭ كېلىدىغانلىقىدىن خەۋىرى بولغاچقا يولغا قاراپ تۇرغانىكەن. بىز ئۆيگە كىرىشىمىزگە، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسىنىڭ ئىككى كوماندىرى ئۇزاققىچە قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ، بىر ـ بىرىدىن ھال ـ ئەھۋال سوراشتى. ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن سوپاخۇن قوماندانلىقىدىكى تېكەس 1 ـ ئاتلىق پولكىدا مۇئاۋىن ئىزۋوت كوماندىرى، كېيىن پولكنىڭ باش بوغالتىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن ئەخمەتجان مۇھەممىدى[①] كىرىپ كەلدى، ئەخمەتجان ئاكىمۇ تۇردىيېۋ ئاكا بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ ھال ـ ئەھۋال سوراشتى. پولكوۋنىك سوپاخۇننىڭ ئايالى گۈلبوستان خانىم مېھمانلارغا ئوخشىتىپ ئەتكەن چاي كەلتۈردى. چايدىن كېيىن بۇ ئۈچ سەپداش ئۆزلىرىنىڭ ياشلىق چاغلىرى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قانداق قاتناشقانلىقى، قايسى يۆنىلىشتىكى ئۇرۇشلاردا بولغانلىقى، ئۆزلىرىنىڭ قىسمىدا ئۆتىگەن ۋەزىپىلىرى ۋە ئۇرۇشتا قۇربان بولۇپ كەتكەن سەپداشلىرىنى ئەسلەشتى. ئۇلار يەنە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن قايسى ئورۇنلاردا ئىشلىگەن-

① ئەخمەتجان مۇھەممىدى ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتىدە ئىشلەپ دەم ئېلىشقا چىققان، 2009 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى 85 يېشىدا ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولغان.

لىكى، بىر قانچە قېتىملىق سىياسىي ھەرىكەتتە ئۆزلىرىنىڭ
تارتقان جاپا ـ مۇشەققەتلىرى، كېيىن تولۇق ئاقلانغانلىقى، ھا-
زىر ھاردۇققا چىققان كادىرلار بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك
ئىمتىيازلاردىن تولۇق بەھرىمەن بولۇپ ياخشى تۇرمۇش كەچۈ-
رۈۋاتقانلىقىنى بايان قىلىشتى.
پولكوۋنىك سوپاخۇن بىلەن ئەخمەتجان مۇھەممىدى تۇردىيېق
ئاكىغا مۇنداق دېدى: «بىز سىزنىڭ ‹جەڭگاھ خاتىرىلىرى› نام-
لىق كىتابىڭىزنى ئوقۇدۇق، كىتابتا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ
ئوتتۇرا يۈنىلىش ئۇرۇشلىرىغا دائىر ئۇرۇشلار ناھايىتى ئېنىق،
تەپسىلىي بايان قىلىنىپتۇ. سىز يازغان بۇ ئەسلىمىلەر توپلىمى
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر يېزىلغان كىتابلار ئىچىدە ئال-
دىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. سىز بىر گۆمبەز قۇرۇپسىز». تۇردىيېق
ئاكا ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىپ: «مەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئوت-
تۇرا يۈنىلىش فرونتىدا ئۇرۇشقا قاتنىشىۋاتقان ۋاقتىمدا ئۈچ
ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ نەشر ئەپكارى ‹ئويې-
غان گېزىتى›دىن سىزنىڭ مايتاغدا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ قى-
سىملىرى ئىچىدىكى 8 - ، 9 - روتىلاردىكى 125 جەڭچىنى
باشلاپ گومىنداڭغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، مايتاغ، شىخو،
جىڭ ئەتراپىدىكى گومىنداڭنىڭ ئون مىڭدىن ئارتۇق مۇنتىزىم
قوشۇنىنىڭ مۇھاسىرىسىدىن باتۇرلۇق بىلەن بۆسۈپ ئۆتۈپ،
قوغلاپ كەلگەن دۈشمەنلەر بىلەن بىر قاتار قانلىق ۋە غەلىبى-
لىك جەڭلەرنى قىلىپ ئاخىرى ئازاد رايون بورتالاغا يېتىپ
بارغانلىقىڭىزنى ئاڭلىغانىدىم. كېيىن يەنە گېزىتتىن بۇ قى-
سىمنىڭ مەخسۇس ئاپتوموبىل بىلەن غۇلجىغا بارغانلىقىنى،
ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى زۇ-
نۇن تېيىپوفنىڭ (1918 ـــ 1988) باياندايدا ئالدىڭىزلارغا چى-
قىپ سىزلەرنى كۈتۈۋالغانلىقىنى، غۇلجىدا رەئىس ئېلىخان تۆ-
رىنىڭ (1885 ـــ 1976) سىزنى قوبۇل قىلغانلىقىنى، ئەينى
يىللاردا ئىستالىن خوجىنىياز ھاجىغا تەقدىم قىلغان مىلتىقنى

سىزنىڭ غۇلجىغا ئېلىپ بارغانلىقىڭىزنى ئاڭلىغانىدىم. ئوتتۇرا يۆنىلىش فىرونتىدىكى كوماندىر ـ جەڭچىلەر سىزگە ئاپىرىن ئوقۇپ «قومۇلدىن يەنە بىر ئەزىمەت چىقىپتۇ» دېگەنىدى. كېيىن سىزنىڭ رەھبەرلىكىڭىزدە 200 كىشىلىك جەنۇبقا يۈرۈش قىلغۇچى پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ باي، قورغان، ئاقسۇ كونا شەھەر قاتارلىق جايلارنى ئارقىمۇ ئارقا ئازاد قىلغانلىقىڭىزلارنى، ئاقسۇ يېڭى شەھەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك مۇھاسىرىگە ئېلىپ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۆت سائەتلا ۋاقىت قالغاندا، يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن غۇلجىغا قايتىپ چىققانلىقىڭىزلارنى، «11 ماددىلىق بىتىم» ئىمزالانغاندىن كېيىن، سىزنىڭ تېكەس 1 ـ ئاتلىق پولكىغا كوماندىر بولغانلىقىڭىزنى ئاڭلىغان ئىدۇق» دېدى. ئەخمەتجان مۇھەممىدى: «مەن ئىلگىرى گومىنداڭغا مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە تۇتۇلغان بولۇپ، سوپاخۇن ئاكاملار ئاقسۇغا چۈشكەندە گومىنداڭ قوشۇنىدىن ئايرىلىپ سوپاخۇن ئاكاملارنىڭ قوشۇنىغا قوشۇلغان» دەپ قوشۇمچە قىلدى.

ئۇرۇش يىللىرىدا ۋە كېيىن ئۇزۇن يىللار ئۆزئارا كۆرۈشۈشكە ئىمكانىيەت بولمىغان بۇ سەپداشلار قىزغىن، سەمىمىي كەيپىيات ئىچىدە سۆھبەتلەشتى. چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا گۈلبوستان خانىم داستىخان سېلىپ مېھمانلارنىڭ ئالدىغا ئوخشىغان پولونى كەلتۈردى. تاماقتىن كېيىن تۇردىيېۋ ئاكا سەپداشلىرى بىلەن خوشلاشتى. مەن تۇردىيېۋ ئاكىنى پويىز ئىستانسىسىغا ئېلىپ چىقىپ، ئۈرۈمچىدىن كۈيتۇڭگە بارىدىغان پويىزغا سېلىپ قويدۇم. كۈيتۇڭدە دوستۇم يۇسۇپجان سالىبېك تۇردىيېۋ ئاكىنى كۈتۈۋېلىپ، ئەتىسى بورتالاغا ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، تۇردىيېۋ ئاكىنىڭ بۇ قېتىمقى قومۇلغا قىلغان سەپىرى كۆڭۈللۈك ۋە ئەھمىيەتلىك بولدى.

# كوماندىرلار ئارخىپى

## 1. مۇھەممەت ئىسمائىلوف



مۇھەممەت ئىسمائىلوف 1922 ـ يىلى 7 ـ ئايدا غۇلجىنىڭ سۇيدۇڭ ناھىيەسىدە تۇغۇلغان. ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە، ئۇ سۇيدۇڭ چىنىباغدىكى خەيرىيە مەكتىپىدە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئۆزى ئوقۇغان مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان.

مۇھەممەت ئىسمائىلوف 1944 ـ يىل 11 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ، لوسىگوڭ پارتىزانلىرى تەركىبىدە لوسىگوڭ، چىلپەنزى، سۇيدۇڭ، كورەلەرنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان.

1945 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ مىللىي ئارمىيەنىڭ ئوتتۇرا يۆنىلىش قىسىملىرى تەركىبىدىكى سۇيدۇڭ 1 ـ ئاتقۇچىلار پولكى (كېيىن شىخو 1 ـ پولكىغا ئۆزگەرتىلگەن) تەركىبىدە چەپەيزى، شىخو قاتارلىق جايلارنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. ئۇ سۇيدۇڭ 1 ـ ئاتقۇچىلار پولكىدا جەڭچى، ئوفىتسېرلار يېتىشتۈرۈش كۇرسىنىڭ ئوقۇغۇچىسى، پولك ئاتلىق ئەسكەرلەر باتالىيونى 2 ـ ئېسكادرون 4 ـ ئىنزۋوتنىڭ كوماندىرى، 2 ـ ئېسكادروننىڭ سىياسىي يېتەكچىسى، پولك قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ ئوفىتسېرى، پولك ئۇرۇش قىلىش بۆلۈمىنىڭ ئىشتاب باشلىقى، پولك ھەربىي تەييارلىق بۆلۈمىـ

نىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1947 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ساۋەن ناھىيەسىنىڭ ھاكىمى قالىبەك بىلەن ناھىيەلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى تاكمان قاتارلىقلار گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قوللاپ مەدەت بېرىشى بىلەن ئىنقىلابتىن يۈز ئۆرۈپ توپىلاڭ كۆتۈرگەندە، ئۇ ئۆزى تۈرۈشلۇق پولك تەرەپكىبىدە يەنسىخەي، ساندىخوزا، ساۋەن، توڭدى، بۆرتوڭگە، ماي ـ تاغ، چىچاڭ قاتارلىق جايلاردا قالىبەك، تاكمان باندىتلىرىنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتىش ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن 5 ـ كورپۇس 14 ـ دىۋىزىيە 40 ـ پولكىنىڭ قومۇلدا تۇرۇشلۇق 3 ـ باتالىيونىنىڭ كوماندىرى، 1951 ـ يىل 2 ـ ئايدىن باشلاپ 40 ـ پولكىنىڭ ئىشتاب باشلىقى، شىنجاڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى باش ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن ئىشتاب باشلىقى، جامائەت خەۋپسىزلىكى باش ئەترىتى 79 ـ پولكىنىڭ كوماندىرى، ئازادلىق ئارمىيە ھەربىي ئىشلار ئىنستىتۇتى تېز يېتىشتۈرۈش كۇرسىنىڭ ئوقۇغۇچىسى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى قوماندانلىق ئىشتابى مەشىق باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، خوتەن شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى، شۆبە ھەربىي رايونى پارتكومىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1982 ـ يىلى دەم ئېلىشقا چىقىپ، شىنجاڭ ھەربىي رايونى كادىرلار 1 ـ دەم ئېلىش ئورنىغا كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقان.

مۇھەممەت ئىسمائىلوف ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بىلەن مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق ئىشتابى تەرىپىدىن «باتۇرلۇق»، «پىدائىيلىق»، «باھادىرلىق» قاتارلىق مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان بولسا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن يەنە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن «غەر ـ

بىر شىمالنى ئازاد قىلىش» قاتارلىق مىسرالار بىلەن مۇكا-پاتلانغان.

مۇھەممەت ئىسمائىلوف ئۆزىنىڭ ئۆمۈر مۇساپىسىنى تۆۋەن-دىكى شېئىرى ئارقىلىق خۇلاسىلىگەن:

تاۋلىنىپتىمەن ئىنقىلابنىڭ ئوچىقىدا،
نۇرغۇن كۈرەش، سىناقلارنى بېسىپ ئۆتتۈم.
بەرداشلىق بېرەلىدىم مۇشكۈل توساققا،
تەۋرەنمىدىم سەپ ئىچىدە ئىلگىرىلىدىم.

دوستلىرىمغا سادىق بولۇپ ئىناق ئۆتتۈم،
ئەمەل تۇتۇپ خەلققە زىيان سالمىدىم.
ئەمەلدارغا ھىجايمىدىم نەپ ئالاي دەپ،
خۇشامەتتىن ھەزەر ئەيلەپ يىراق تۇردۇم.

پاك ئۆتتۈم، قولۇمنى پاسكىنا قىلمىدىم،
سەپداشلارغا ھەسەتخورلۇق قىلمىدىم.
بەتنىيەتلىك يامان ئىشتىن يىراقلاپ،
جەڭچى دېگەن بۇ شەرەپنى ساقلىدىم.

ئەلۋىدا ئەۋلادلىرىم، سەپداشلىرىم،
ئەجرلىرىم تارىخ بولۇپ ئارتتا قالدى.
شۇنچىلىككەن كىشىلىك ھايات بىر نەپەس،
ئۆتمۈشۈمگە مەندە ئارمان قالمىدى.

ئەۋلادلىرىم، بۇ ھاياتلىق بىر كېلىدۇ،
خەلققە ئىگە روھىڭ قالۇر تائەبەدكە.
بايلىقمۇ ۋە پادىشاھلىق مەڭگۇ يەتمەس،
ئالىيجاناب ياخشى خىسلەت بۇ شەرەپكە.

ئۇ 2001 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى 79 يېشىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولغان.

## 2. ئەخمەتباي قابدۇللايېف



ئەخمەتباي قابدۇللايېف (قازاق) 1925 ـ يىلى 1 ـ ئايدا تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ چاغانتوقاي ناھىيەسى كىندىك قوتان دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان. باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنى يۇرتىدا ئوقۇغاندىن كېيىن، 1945 ـ يىلى 8 ـ ئايغىچە ئائىلە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان.

ئەخمەتباي قابدۇللايېف 1945 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ، مىللىي ئارمىيەنىڭ ئوتتۇرا يۈنىلىش قىسىملىرى تەركىبىدىكى تارباغاتاي پولكى تەركىبىدە چەپەيزە، شىخو قاتارلىق جايلارنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشلىرىغا ۋە مايتاغ، يەنىسخەي كۆۋرۈكىنى قوغداش، شۇ جايلاردىكى باندىتلارنى تازىلاش ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. ئۇ تارباغاتاي ئاتلىق پولكىدا جەڭچى، ئودلىنىيە كوماندىرى، سۇيدۇڭ 1 ـ ئاتقۇچىلار پولكى 2 ـ باتالىيون 4 ـ روتىسىنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى ۋە باتالىيون ئىشتاب باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇ 5 ـ كورپۇس 14 ـ دىۋىزىيە 40 ـ پولك 1 ـ باتالىيونىنىڭ سىياسىي تەربىيەچىسى، قومۇلدا تۇرۇشلۇق 3 ـ باتالىيونىنىڭ مۇۋەققەت كوماندىرى ۋە كوماندىرى، شىنجاڭ ھەربىي رايونىغا بىۋاسىتە قاراشلىق مۇستەقىل 4 ـ ئاتلىق پولكىنىڭ مۇئاۋىن ئىشتاب باشلىقى، مۇستەقىل 4 ـ ئاتلىق پولكىنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

ئەخمەتباي قابدۇللايېف 1952 ـ يىلى سېنتەبىردە غەربىي

شىمال ئۆلكىلىرى بويىچە تەشكىللەنگەن ئامېرىكا جاھانگىرلە-
كىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشىنىڭ غە-
لىبە - نەتىجىلىرىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش ئۆمىكىنىڭ
ئەزاسى بولۇپ چاۋشيەنگە بېرىپ، جۇڭگو خەلق پىدائىي قىد-
سىملىرىدىن ھال سوراش پائالىيىتىگە قاتناشقان. ئۇ 1952 -
يىلىدىن 1953 - يىلىغىچە مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى-
نىڭ كادىرلار كۇرسىدا، 1957 - يىلىدىن 1959 - يىلىغىچە
شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئاچقان كادىرلار كۇرسىدا ئوقۇغان. ئۇ-
نىڭغا 1960 - يىلى مايورلۇق، 1964 - يىلى پودپولكوۋنىكلىك
ئۇنۋانى بېرىلگەن. ئۇ 1973 - يىلىدىن 1979 - يىلىغىچە ئال-
تاي شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن ئىشتاب باشلىقى، شۆبە
ھەربىي رايونى پارتكومىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپى-
لەرنى ئۆتىگەن.

ئەخمەتباي قابدۇللايېف 1979 - يىلى 12 - ئايدا ھەربىي
سەپتىن يەرلىككە ئالمىشىپ تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ئورگان پارت-
كومىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى، ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات
بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ،
1985 - يىل 10 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىقىپ ئۇرۇمچىگە كۆ-
چۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقان.

ئەخمەتباي قابدۇللايېفنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە
ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن، 1949 - يىلى مىل-
لىي ئارمىيە باش قوماندانلىق ئىشتابى تەرىپىدىن «نەتىجە يارات-
قان» دېگەن مېدال بىلەن مۇكاپاتلانغان بولسا، كېيىن يەنە
جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن دۆلەت مۇدا-
پىئە مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن «غەربىي شىمالنى ئازاد قىد-
لىش»، «1 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن»، شىنجاڭ ھەر-
بىي رايونى تەرىپىدىن «ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ 3 - ئوردېنى» قا-
تارلىق ئوردېن - مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان.

ئۇ 1998 - يىل 5 - ئاينىڭ 6 - كۈنى 73 يېشىدا كېسەل

سەۋەبى بىلەن ئۇرۇمچىدە ۋاپات بولغان.

### 3. ئەزىزى ئەلىئەكبەروف



ئەزىزى ئەلىئەكبەروف 1924 ـ يىلى غۇلجىنىڭ قورغاس ناھىيە چىلپەڭزى يې ـ زىسىدا تۇغۇلغان. ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنى يۇرتىدا ئو ـ قۇغاندىن كېيىن دېھقانچىلىق بىلەن شۇ ـ غۇللانغان.

ئەزىزى ئەلىئەكبەروف 1944 ـ يىل 11 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ، قورغاس پارتىزانلىرى تەركىبىدە سۇيدۇڭ، قورغاس، كەڭساي قاتارلىق جايلارنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان.

ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ مىللىي ئارمىيەنىڭ ئوتتۇرا يۈنىلىش قىسىملىرى تەركىبىدىكى سۇيدۇڭ 1 ـ ئاتقۇچىلار پولكى تەركىبىدە چەپەيزى، شىخو قا ـ تارلىق جايلارنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. ئۇ سۇي ـ دۇڭ 1 ـ ئاتقۇچىلار پولكىدا جەڭچى، ئىزۋوت كوماندىرى، روتا كوماندىرى، مۇئاۋىن باتالىيون كوماندىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

ئەلىئەكبەروف تالانتلىق كوماندىر بولۇپ، ئۇ شىخو ئۇرۇ ـ شىدا قارا دۆڭدىكى گومىنداڭنىڭ ئىككى ـ ئۈچ قەۋەتلىك ئې ـ گىز ئىستىھكامىنى پارتلىتىپ يوقىتىشقا قوماندانلىق قىلىدۇ. ئۇ جەڭچىلەرنى باشلاپ قومۇشلۇق بىلەن ئىلگىرىلەپ دۈشمەن ئىستىھكامىغا يېقىنلاشقاندا تاڭ يورۇپ قالغاچقا، دۈشمەننىڭ سېزىپ قالماسلىقى ئۈچۈن تەشەببۇسكارلىق بىلەن چېكىنىپ قومۇشلۇقتىكى بىر بۇلاققا چۈشۈپ سۇدا بىر كۈن كەچ كىر ـ گۈچە ياتىدۇ. قاراڭغۇ چۈشكەندە ئەلىئەكبەروف قوماندانلىق

قىلغان جەڭچىلەر دۈشمەن ئىستىھكامىغا يېقىنلىشىدۇ. ئەلئەكبەروف دۈشمەننىڭ ئىككى ـ ئۈچ قەۋەتلىك ئىستىھكامىنى ئۆزى پارتىلىتىدۇ ۋە 70 ـــ 80 دەك دۈشمەننى يوقىتىپ، شىخونىڭ ئازاد بولۇشى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشىدۇ.

1947 ـ يىل 11 ـ ئايدا ساۋەن ناھىيەسىدىكى قالىبېك، تاكمانلار ئىنقىلابتىن يۈز ئۆرۈپ توپىلاڭ كۆتۈرگەندە، ئۇ پولك تەركىبىدە توپىلاڭنى تىنچىتىش ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ ئۆزىنىڭ تالانتىنى يەنە بىر قېتىم نامايان قىلىدۇ.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇ قومۇلدا تۇرۇشلۇق 3 ـ باتالىيوننىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى بولۇپ ئىشلەيدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ تەكلىپ بىلەن قومۇل دارىلمۇئەللىمىن ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە بېرىپ ئوقۇغۇچىلارغا ھەربىي ساۋاتلاردىن دەرس ئۆتۈپ، مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۈكسەك ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدۇ. 1952 ـ يىل 1 ـ ئايدا 3 ـ باتالىيون قومۇلدىن قايتىپ غۇلجا سۇيدۇڭگە بارغاندىن كېيىن، ئۇ پولكتىكى كوماندىر ـ جەڭچىلەر بىلەن بىللە چوڭ ئىشلەپچىقىرىشقا قاتنىشىدۇ. 1955 ـ يىلى ئۇ تەشكىلنىڭ رۇخسىتى بىلەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىگە چىقىپ كېتىدۇ.

ئەزىزى ئەلئەكبەروف ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بىلەن مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق ئىشتابى تەرىپىدىن «ئىستىقلالىيەت»، «باھادىرلىق» قاتارلىق مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان بولسا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن «غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىش» قاتارلىق مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان.

ئۇ 1970 ـ يىلى 46 يېشىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن ئالمائاتادا ۋاپات بولغان.

## 4. ئېلاخۇن ئىمنوف



ئېلاخۇن ئىمىنوف 1927 ـ يىلى 9 ـ ئايدا غۇلجىنىڭ سۇيدۇڭ ناھىيەسى كۇرە يېزىسىدا ئاددىي قول ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1935 ـ يىل 9 ـ ئايدىن 1943 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە ئۆز يۇرتىدا باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئائىلە ئىشلىرىغا ياردەملەشكەن.

ئېلاخۇن ئىمىنوف 1944 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ، سۇيدۇڭ پارتىزانلىرى تەركىبىدە ھەرەمباغ، سۇيدۇڭ، كۇرەلەرنى ئازاد قىلىش ئۇرۇش-لىرىغا قاتناشقان.

ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ مىللىي ئارمىيەنىڭ ئوتتۇرا يۈنىلىش قىسىملىرى تەركىبىدىكى سۇيدۇڭ 1 ـ ئاتقۇچىلار پولكى تەركىبىدە چەپەيزى، شىخو قا-تارلىق جايلارنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. ئۇ سۇي-دۇڭ 1 ـ ئاتقۇچىلار پولكىدا جەڭچى، ئودېلېنىيە كوماندىرى، ئىنزۋوت كوماندىرى، روتىنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى، روتا كو-ماندىرى، مۇئاۋىن باتالىيون كوماندىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1947 ـ يىل 11 ـ ئايدا ئۇ قالىبېك، تاكمان باندىت-لىرىنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتىش ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇ قو-مۇلدا تۇرۇشلۇق 3 ـ باتالىيوننىڭ سىياسىي تەربىيەچىسى، 5 ـ كورپۇس زەمبىرەكچىلەر مۇستەقىل باتالىيونىنىڭ سىياسىي تەربىيەچىسى، 1953 ـ يىلدىن 1955 ـ يىلغىچە ئاقسۇ ۋىلا-يەتلىك ج خ چوڭ ئەترىتىنىڭ باشلىقى، 1955 ـ يىلدىن 1957 ـ يىلغىچە ئاقسۇ شۆبە ھەربىي رايونىدا بۆلۈم باشلىقى، 1957 ـ يىلدىن 1960 ـ يىلغىچە شىنجاڭ ھەربىي رايونى كا-درلار بۆلۈمىدە مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى، 1960 ـ يىلدىن

1964 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ ھەربىي رايونى قوماندانلىق ئىشتابى سەپەرۋەرلىك بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، 1964 ـ يىل 8 ـ ئايدىن 1969 ـ يىل 12 ـ ئايغىچە شىنجاڭ ھەربىي رايونىغا بىۋاسىتە قاراشلىق قەشقەردە تۇرۇشلۇق مۇستەقىل 3 ـ ئاتلىق پولكىنىڭ كوماندىرى، پولك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى، 1969 ـ يىل 12 ـ ئايدىن 1972 ـ يىلىغىچە قەشقەر ۋىلايەتـ لىك ئىنقىلابى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، 1972 ـ يىلىـ دىن 1981 ـ يىلىغىچە ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى سەپەرۋەرلىك بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، مۇۋەققەت باشلىقى، پارتىيە ياـ چېيكىسىنىڭ سېكرېتارى، 1981 ـ يىلىدىن 1987 ـ يىلىغىچە جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى، ھەربىي رايونى پارتكومىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىـ لەرنى ئۆتىگەن.

ئىلاخۇن ئىمىنوف يەنە ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېـ تىنىڭ 2 ـ ، 3 ـ قۇرۇلتىيىدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق 6 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇـ رۇلتىيىدا ۋەكىل بولۇپ سايلانغان. ئۇ 1987 ـ يىلى دەم ئېـ لىشقا چىقىپ، شىنجاڭ ھەربىي رايونى كادىرلار 5 ـ دەم ئېـ لىش ئورنىغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان.

ئىلاخۇن ئىمىنوف ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئۇـ رۇشتا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن ئىككى دانە «باتۇرلۇق»، بىر دانە «پىدائىيلىق» مېدالى بىلەن مۇكاپاتلانغان بولسا، جۇڭـ خۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن «غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىش» مېدالى، 1958 ـ يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ 3 ـ دەرىجىلىك «ئازادلىق» ئوردېنى، 1988 ـ يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى نىڭ «مۇستەقىللىق» ئالتۇن ئوردېنى قاتارلىق ئالتۇن ـ كۈمۈش مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان. 1955 ـ يىل 9 ـ ئايدا ئۇنىڭغا مايورلۇق ئۇنۋانى بېرىلگەن.

ئۇ 2001 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى 74 يېشىدا كېـ-
سەل سەۋەبى بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولغان.

## 5. بايقەدەم خۇسەيىن



بايقەدەم خۇسەيىن (قازاق، ساقىن ھاـ-جىيوف دەپمۇ ئاتىلىدۇ). 1925 ـ يىلى 2 ـ ئايدا غۇلجىنىڭ قورغاس ناھىيەسىدە تۇغۇلـ-غان. ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنى يۇرتىدا ئوقۇغاندىن كېـ-يىن ئائىلە ئىشلىرىغا ياردەملەشكەن.

بايقەدەم خۇسەيىن 1944 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ، لوسىگوۋ پارتىزانلىرى تەركىبىدە لوسىگوۋ، چىلپەگزە، سۇيـ-دۈڭ، كورەلەرنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان.

ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ مىللىي ئارمىيەنىڭ ئوتتۇرا يۈنىلىش قىسىملىرى تەركىبىدىكى سۇيدۈڭ 1 ـ ئاتقۇچىلار پولكى تەركىبىدە چەپەيزە، شىخو قاتار-لىق جايلارنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىغا قاتناشقان. ئۇ سۇيدۈڭ 1 ـ ئاتقۇچىلار پولكىدا جەڭچى، ئودلىنىيە كوماندىرى، ئىنزۋوت كوـ-ماندىرى، مۇئاۋىن روتا كوماندىرى، روتىنىڭ سىياسىي يېتەكـ-چىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

1947 ـ يىلى 11 ـ ئايدا قالىبېك، تاكمانلار توپىلاڭ كۆـ-تۈرگەندە، پولكقا بىۋاسىتە قاراشلىق ئىسكادىرون(ئاتلىق ئەسـ-كەرلەر روتىسى) قۇرۇلىدۇ. بۇ ئىسكادىرونغا ھاشىمجان موـ-سايېف[1] كوماندىر، بايقەدەم خۇسەيىن سىياسىي يېتەكچىلىككە تەيىنلىنىپ، قالىبېك، تاكمان باندىتلىرىنى قوغلاپ ماناس دەرـ-ياسىنىڭ شەرقىگە ئۆتكۈزۈپ تاشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن باندىتلارـ-

[1] ھاشىمجان موسايېف 2005 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى 80 يېشىدا ئۈـ-رۈمچىدە ۋاپات بولغان.

نىڭ توپلىغى ئۈزۈل ـ كېسىل تازىلىنىدۇ.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ قو-مۇلدا تۇرۇشلۇق 3 ـ باتالىيوننىڭ ئىشتاب باشلىقى، 1952 ـ يىل 3 ـ ئايدىن باشلاپ 14 ـ دىۋىزىيە 42 ـ پولك 1 ـ باتا-لىيوننىڭ مۇئاۋىن سىياسىي تەربىيەچىسى، ئىلى ھەربىي رايو-نى سىياسىي بۆلۈم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، مەشىق قىلىش چوڭ ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسا-رى، ئالتاي شۆبە ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈم تەشۋىقات بۆ-لۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئالتاي ۋىلايىتى بۇرۇلتوقاي ناھى-يەلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى پارتكومىنىڭ سېكرېتارى، خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ سىياسىي كومىسسارى قاتارلىق ۋەزىپى-لەرنى ئۆتىگەن.

بايقەدەم خۇسەيىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا تارتىپ چى-قىرىلىپ، كۈرەش قىلىنىپ ئېغىر زەربە يەپ كۈلپەتلىك كۈن-لەرنى باشتىن كەچۈرگەن ۋە كېيىن تەلتۆكۈس ئاقلانغان.

بايقەدەم خۇسەيىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئۇرۇش-تا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن «باتۇرلۇق»، «پىدائىيلىق» قاتارلىق مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان بولسا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىر-لىقى تەرىپىدىن «غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىش» مېدالى قاتار-لىق مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان.

ئۇ 1977 ـ يىلى ئاپتونوم رايون تەشكىللىگەن ئىچكىرى ئۆلكىلەرنى زىيارەت قىلىش ئۆمىكى تەركىبىدە ئىچكىرى ئۆل-كىلەرنى زىيارەت قىلغىلى بېرىپ، بېيجىڭدىن قايتىشىدا 10 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى پويىز خېشى كارىدورىغا كەلگەندە، ئۇنىڭ يۈ-رەك تىقىلمىسى كېسىلى قوزغىلىپ 52 يېشىدا پويىزدا ۋاپات بولغان.

## 6. ئابدۇۋەلى ئىبراھىموف



ئابدۇۋەلى ئىبراھىموف 1930 ـ يىلى غۇلجا شەھىرىنىڭ بويىنىكېسىك مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسى ئىبراھىم ئاخۇن خوتەنلىك بولۇپ، تېۋىپ ھەم موللا كىشى ئىدى. ئۇ تېۋىپلىق قىلىپ غۇلجىغا بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان. ئابدۇۋەلى ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنى غۇلجا شەھىرىدە ئوقۇش بىلەن بىرگە، غۇلجا شەھىرىدىكى مەدرىستە دىنىي تەلىم ئالغان.

ئابدۇۋەلى ئىبراھىموف 1946 ـ يىل 10 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ، مىللىي ئارمىيەنىڭ ئوتتۇرا يۈزلىنىش قىسىملىرى تەركىبىدىكى شىخو 1 ـ پولكى 3 ـ باتالىيوندا جەڭچى، ئودلىنىيە كوماندىرى، ئىنزۋوت كوماندىرى، 7 ـ روتىنىڭ ئىمامى، 3 ـ باتالىيوننىڭ ئىمامى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇ قومۇلدا تۇرۇشلۇق 3 ـ باتالىيوننىڭ ئىمامى، 1952 ـ يىل 3 ـ ئايدا پولك غۇلجىغا بارغاندىن كېيىن، 5 ـ كورپۇس باشقۇرۇشىدىكى ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇپ، 5 ـ كورپۇس ئىشتابىدا دىنىي ئوفىتسېر بولۇپ ئىشلىگەن.

ئابدۇۋەلى ئىبراھىموف 1955 ـ يىل تەشكىلنىڭ رۇخسىتى بىلەن ئاكىسى ئابدۇكېرىم بىلەن بىللە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىگە چىقىپ كېتىپ، ئالماتا شەھىرىنىڭ سۇلتانقورغان رايونىدا ئولتۇراقلاشقان.

ئابدۇۋەلى ئىبراھىموف ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن «پىدائىيلىق»، «باتۇرلۇق» قاتارلىق مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان بولسا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن يەنە دۆلەت مۇداپىئە

مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن «غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىش» مېدالى قاتارلىق مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان. ئۇ 1990 ـ يىللاردا كېسەل سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن

### 7. ھېلىماخۇن ئەيسا



ھېلىماخۇن ئەيسا 1923 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئاتۇش شەھىرىنىڭ مەشھەت دېگەن يېرىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1937 ـ يىلى 14 يېشىدا تۇرمۇش يولى ئىزدەپ غۇلجىنىڭ سۈيدۇڭ ناھىيەسىگە چىقىپ كىشىلەرگە ئىشلەپ كۈن ئۆتكۈزگەن. كېيىن سۈيدۇڭ ناھىيەلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدا ئالاقىچىلىك خىزمىتىنى ئىشلىگەن. ئۇ بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، بىر تەرەپتىن ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ساۋادىنى چىقارغان.

ھېلىماخۇن ئەيسا 1944 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ، سۈيدۇڭ پارتىزانلىرى تەركىبىدە سۈيدۇڭ ناھىيەسىنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىغا قاتناشقان. ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ مىللىي ئارمىيەنىڭ ئوتتۇرا يۈنىلىش قىسىملىرى تەركىبىدىكى سۈيدۇڭ 1 ـ ئاتقۇچىلار پولكى تەركىبىدە چەپەيزى، جىڭ، شىخو قاتارلىق جايلارنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. ئۇ سۈيدۇڭ 1 ـ ئاتقۇچىلار پولكىدا جەڭچى، ئودلىنىيە كوماندىرى، ئىزۋوت كوماندىرى، مۇئاۋىن روتا كوماندىرى، روتا كوماندىرى، باتالىيون خوجىلىق باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇ قومۇلدا تۇرۇشلۇق 3 ـ باتالىيوننىڭ خوجىلىق باشلىقى، 1953 ـ يىلدىن 1956 ـ يىلغىچە ئىلى ھەربىي رايونىدا، 1956 ـ يىلدىن 1959 ـ يىلغىچە شىنجاڭ ھەربىي رايونىدا ئارقا سەپ خىزمىتى ئىشلىگەن. 1960 ـ يىلى ئۇ قارا شەھەر شۆبە ھەر-

بىي رايونىدا قىسقا مۇددەت كۇرستا ئوقۇغاندىن كېيىن، 1966 ـ يىلىغىچە چەرچەن ناھىيەلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، خەلق قوراللىق بۆلۈمى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

ئۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا ئېغىر دەرىجىدە ئۇۋالچىلىق تارتقان، كېيىن تەلتۆكۈس ئاقلانغان. يەرلىككە ئالماشقاندىن كېيىن، چەرچەن ناھىيەلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، چەرچەن ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

ھېلىماخۇن ئەيسا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن «پىدائىيلىق»، «ساداقەت»، «باتۇرلۇق» قاتارلىق ئوردېن ـ مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان بولسا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن «غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىش» مېدالى قاتارلىق مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان.

ھېلىماخۇن ئەيسا 1986 ـ يىل 3 ـ ئايدا دەم ئېلىشقا چىقىپ، ئۈرۈمچى يەنئەن يولى كادىرلار دەم ئېلىش ئورنىغا كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. ئۇ 2002 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى 79 يېشىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولغان.

## 8. مۇقاجان قالى



مۇقاجان قالى (قازاق) 1925 ـ يىل 11 ـ ئايدا كۈنەس ناھىيەسىنىڭ تالدى يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1937 ـ يىل 9 ـ ئايدىن 1945 ـ يىل 6 ـ ئايغىچە تالدى يېزىسىدا باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغاندىن كېيىن دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

مۇقاجان قالى 1945 ـ يىل 6 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ، مىللىي

ئارمىيەنىڭ ئوتتۇرا يۈنىلىش قىسىملىرى تەركىبىدىكى سۇيدۇڭ 1 ـ ئاتقۇچىلار پولكىدا شىخونى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىغا قاتناشقان. ئۇ سۇيدۇڭ 1 ـ ئاتقۇچىلار پولكىدا جەڭچى، ئودلىنىيە كوماندىرى، ئىزۋوت كوماندىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1947 ـ يىل 11 ـ ئايدا ئۇ پولك تەركىبىدە قالىبېك، تاكمان باندىتلىرىنىڭ قوراللىق توپىلىڭىنى تىنچىتىش ئۇرۇشىغا قاتناشقان.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇ قومۇلدا تۇرۇشلۇق 3 ـ باتالىيوننىڭ مۇئاۋىن خوجىلىق باشلىقى، 1953 ـ يىل 3 ـ ئايدىن 1954 ـ يىل 3 ـ ئايغىچە 3 ـ باتالىيوننىڭ خوجىلىق باشلىقى، 1954 ـ يىل 1 ـ ئايدىن 1958 ـ يىل 10 ـ ئايغىچە شىنجاڭ ھەربىي رايونىغا بىۋاسىتە قاراشلىق مۇستەقىل 4 ـ ئاتلىق پولك ئارقا سەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

مۇقاجان قالى 1958 ـ يىل 10 ـ ئايدا ھەربىي سەپتىن يەرلىككە ئالمىشىپ، 1959 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ مالىيە مەكتىپى مۇلازىمەت بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن. 1959 ـ يىلى ئۇ غۇلجا ناھىيەلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا يۆتكەلگەندىن كېيىن 1961 ـ يىلىغىچە مەركىزىي ئاشلىق سىستېمىسى كادىرلار مەكتىپىدە ئوقۇغان. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، 1983 ـ يىل 10 ـ ئايغىچە غۇلجا ناھىيەلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، ئاشلىق ئىدارىسى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى بولۇپ ئىشلىگەن. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا ئۇ ئېغىر دەرىجىدە زەربە يېگەن. 1978 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ئۇنىڭ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن.

مۇقاجان قالى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن «پىدائىيلىق»، «باتۇرلۇق» قاتارلىق مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان بولسا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى

تەرپىدىن «غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىش» مېدالى قاتارلىق مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان.

مۇقاجان قالى 1983 ـ يىل 10 ـ ئايدا دەم ئېلىشقا چىقىپ كۈنەس ناھىيەسىگە قايتىپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. ئۇ 2005 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى80 يېشىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن كۈنەس ناھىيەسىدە ۋاپات بولغان.

### 9. ئەسمەتۇللا ساۋۇتوف



ئەسمەتۇللا ساۋۇتوف (ئەسمەتۇللا نىغمەتوف دەپمۇ ئاتىلىدۇ) 1927 ـ يىل 11 ـ ئايدا قەشقەر قورغاندا تۇغۇلغان. 1935 ـ يىل 9 ـ ئايدىن 1940 ـ يىل 10 ـ ئايغىچە قەشقەر شەھىرىدە باشلانغۇچ مەكتەپنى ئوقۇغان. 1940 ـ يىل 10 ـ ئايدا ئۇ دادىسى بىلەن بىللە غۇلجىغا بېرىپ، 1944 ـ يىل 10 ـ ئايغىچە غۇلجىدا تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان. 1944 ـ يىل 10 ـ ئايدىن 1946 ـ يىل 2 ـ ئايغىچە غۇلجىدا ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغاندىن كېيىن ئائىلە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان.

ئەسمەتۇللا ساۋۇتوف 1946 ـ يىل 2 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ، 1947 ـ يىل 7 ـ ئايغىچە مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق ئىشتابى ياياندايدا ئاچقان ھەربىي مەكتەپنىڭ تېببىي كۇرسىدا ئوقۇغاندىن كېيىن، 1949 ـ يىل 12 ـ ئايغىچە مىللىي ئارمىيەنىڭ ئوتتۇرا يۆنىلىش قىسىملىرى تەركىبىدىكى شىخو 1 ـ پولك 3 ـ باتالىيوننىڭ دوختۇرى بولۇپ ئىشلىگەن.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇ قومۇلدا تۇرۇشلۇق 3 ـ باتالىيوننىڭ دوختۇرى، 1950 ـ يىل 10 ـ ئايدا ئۈرۈمچىدە قىسقا مۇددەت تېببىي كۇرستا ئوقۇغاندىن كې-

يىن، 1954 ـ يىلى 1 ـ ئايغىچە 40 ـ پولكنىڭ دوختۇرى، 1954 ـ يىل 1 ـ ئايدىن 1964 ـ يىل 10 ـ ئايغىچە شىنجاڭ ھەربىي رايونىغا بىۋاستە قاراشلىق قەشقەردە تۇرۇشلۇق مۇستەقىل 3 ـ ئاتلىق پولك تېببىي پونكىتىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

ئەسمەتۇللا ساۋۇتوف 1964 ـ يىل 10 ـ ئايدا ھەربىي سەپتىن يەرلىككە ئالمىشىپ، قەشقەر شەھەرلىك مىللىي شىپاخانىنىڭ باشلىقى، 1974 ـ يىل 10 ـ ئايدىن 1982 ـ يىلى 12 ـ ئايغىچە غۇلجا شەھەرلىك مىللىي شىپاخانا پارتگورۇپپىسىنىڭ سېكرېتارى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

ئەسمەتۇللا ساۋۇتوف ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن «پىدائىيلىق»، «باتۇرلۇق» قاتارلىق مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان بولسا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن «غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىش» مېدالى قاتارلىق مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان.

ئۇ 1982 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى 54 يېشىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن غۇلجا شەھىرىدە ۋاپات بولغان.

## 10. ئابدۇللا نىيازوف



ئابدۇللا نىيازوف (خۇيزۇ) 1924 ـ يىلى غۇلجا شەھىرىنىڭ توغرا كۆۋرۈك مەھەللىسىدە خىزمەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1931 ـ يىل 9 ـ ئايدىن 1936 ـ يىل 7 ـ ئايغىچە ئۇ غۇلجا توغرا كۆۋرۈك باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغاندىن كېيىن، 1945 ـ يىل 4 ـ ئايغىچە ئائىلە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان.

ئابدۇللا نىيازوف 1945 ـ يىل 4 ـ

ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ، 8 ـ ئايغىچە مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق ئىشتابى باياندايدا ئاچقان تېببىي كۇرستا ئوقۇغاندىن كېيىن، مىللىي ئارمىيەنىڭ ئوتتۇرا يۆنىلىش قىسىملىرى تەركىبىدىكى سۇيدۇڭ 1 ـ ئاتقۇچىلار پولكىغا تەقسىم قىلىنىپ، شىخو ئالدىنقى سېپىگە بېرىپ ئۇرۇشقا قاتنىشىپ سانىتارلىق قىلغان.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇ 5 ـ كورپۇس 14 ـ دىۋىزىيەنىڭ ئۇرۇمچىدە تۇرۇشلۇق 40 ـ پولك دوختۇرخانىسىنىڭ دوختۇرى، 1950 ـ يىل 10 ـ ئايدىن 1952 ـ يىل 3 ـ ئايغىچە 40 ـ پولكنىڭ قومۇلدا تۇرۇشلۇق 3 ـ باتالىيونىنىڭ دوختۇرى، 1952 ـ يىل 3 ـ ئايدىن 1954 ـ يىلغىچە 40 ـ پولك دوختۇرخانىسىدا دوختۇر، 1954 ـ يىلدىن 1957 ـ يىلغىچە كۆكدالا دېھقانچىلىق مەيدانى (ھازىرقى 64 ـ پولك) سەھىيە ئەترىتىنىڭ دوختۇرى، 1957 ـ يىلدىن 1970 ـ يىلغىچە 4 ـ دىۋىزىيە 77 ـ پولك دوختۇرخانىسىنىڭ دوختۇرى، 1970 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە 4 ـ دىۋىزىيە 2 ـ چارۋىچىلىق مەيدانى (ھازىرقى 79 ـ پولك) سەھىيە ئەترىتىنىڭ دوختۇرى بولۇپ ئىشلەپ، 1984 ـ يىلى دەم ئېلىشقا چىققان.

ئابدۇللا نىيازوف ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي مەزگىلىدە ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن «پىدائىيلىق» مېدالى بىلەن مۇكاپاتلانغان بولسا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن «غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىش» مېدالى قاتارلىق مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان.

ئۇ 2006 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى 82 يېشىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن غۇلجا شەھىرىدە ۋاپات بولغان.

## 11. تاھىر موردىنوف



تاھىر موردىنوف 1925 ـ يىلى 5 ـ ئايدا غۇلجا ناھىيەسىنىڭ جىلىلىيۈزى خوتەن مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. 1935 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1940 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە غۇلجا ناھىيەسىدە پەننىي مەكتەپتە ئوقۇغاندىن كېيىن، 1946 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە كىشىلەرگە يىللىقچى بولۇپ ئىشلىگەن.

تاھىر موردىنوف 1946 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ، مىللىي ئارمىيەنىڭ ئوتتۇرا يۈنىلىش قىسىملىرى تەركىبىدىكى شىخو 1 ـ پولكى 3 ـ باتالىيونىنىڭ 8 ـ روتىسىدا جەڭچى، ئودلىنىيە كوماندىرى، 8 ـ روتىنىڭ زاپخوزى، كاتىپى، 3 ـ باتالىيونىنىڭ كاتىپى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇ قومۇلدا تۇرۇشلۇق 3 ـ باتالىيونىنىڭ كاتىپى، 1951 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن 12 ـ ئايغىچە 40 ـ پولك ئىشتاب ئوفىتسېرى، 1952 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 4 ـ ئايغىچە پولك ئىشلەپچىقىرىش خادىمى بولغان، 4 ـ ئايدىن 10 ـ ئايغىچە پولكنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى توختى ئىمىنوف ۋە 14 ـ دىۋىزىيە سىياسىي بۆلۈم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى خۇ سەيزى مومۇزوفلار بىلەن بىللە چۆچەك ۋىلايىتىنىڭ چاغانتوقاي ناھىيەسىدە چارۋىچىلىق رايون خىزمەت ئەترىتىگە قاتناشقان. 1952 ـ يىلى 10 ـ ئايدا پولكقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، 1953 ـ يىلى 3 ـ ئايغىچە پولك سىياسىي بۆلۈمى تەشۋىقاتچىسى، 1953 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن 10 ـ ئايغىچە شىنجاڭ ھەربىي رايونىغا بىۋاسىتە قاراشلىق مۇستەقىل 4 ـ ئاتلىق پولك ئىشتابىنىڭ ئالاقە ئوفىتسېرى، پولك ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرىغا مەسئۇل كادىر، 1958 ـ يىلىدىن 1962 ـ يىلىغىچە مۇستەقىل 4 ـ ئات-

لىق پولك ئالاقە روتىسىنىڭ كوماندىرى، پولك ئىشلەپچىقىرىش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، 1962 ـ يىلىدىن 1964 ـ يىلىغىچە پولك ئات باشقۇرۇش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، 1964 ـ يىلىدىن 1965 ـ يىل 10 ـ ئايغىچە پولك قورال ـ ياراغ باشقۇرۇش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، 1965 ـ يىل 10 ـ ئايدىن 1969 ـ يىل 8 ـ ئايغىچە خوتۇنسۇمۇل ناھىيەلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

تاھىر موردىنوف 1969 ـ يىل 8 ـ ئايدا ھەرقايسى ناھىيەلەرنىڭ سېكرېتار، ھاكىملىرى بىلەن بىللە بېيجىڭغا بېرىپ سىياسىي ئۆگىنىش كۇرسىغا قاتناشقان. 1970 ـ يىل 2 ـ ئايدا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، 1979 ـ يىل 12 ـ ئايغىچە خوتۇنسۇمۇل ناھىيەلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، خەلق قوراللىق بۆلۈمى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

تاھىر موردىنوف 1980 ـ يىل 1 ـ ئايدا ھەربىي سەپتىن يەرلىككە ئالمىشىپ، سابىق ئىلى ۋىلايىتىگە قاراشلىق نىلقا ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ، ناھىيەلىك قىزىلنۇر چارۋىچىلىق مەيدانىدا سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇپ ئىشلىگەن. كېيىن ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى ئىدارىسى تاش ئېگىز ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ، 1981 ـ يىل 10 ـ ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان.

تاھىر موردىنوف ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن «پىدائىيلىق» مېدالى بىلەن مۇكاپاتلانغان بولسا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن «غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىش» مېدالى قاتارلىق مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان.

ئۇ 2008 - يىلى 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى 83 يېشىدا
كېسەل سەۋەبى بىلەن غۇلجا ناھىيەسىدە ۋاپات بولغان.

### 12. مۇقەمەتجان ئابدى



مۇقەمەتجان ئابدى (قازاق) 1929 - يىلى
ئىلى ۋىلايىتىنىڭ سۈيدۇڭ ناھىيەسى لو-
سىگۇڭ يېزا ۋاستاي كەنتىدە تۇغۇلغان.
1936 - يىلغىچە ئائىلە تەربىيەسىدە بولغان،
1936 - يىلى 9 - ئايدىن 1941 - يىلى 7 -
ئايغىچە ۋاستاي باشلانغۇچ مەكتەپتە، 1941 -
يىلى 9 - ئايدىن 1944 - يىلى 7 - ئايغىچە
سۈيدۈڭدىكى «خەيرىيە مەكتەپ»تە ئوتتۇرا
مەكتەپنى ئوقۇغاندىن كېيىن، 1948 - يىلى 10 - ئايغىچە دېھ-
قانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

مۇقەمەتجان ئابدى 1948 - يىلى 10 - ئايدا ئۈچ ۋىلايەت
ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ، مىللىي ئارمىيەنىڭ ئوتتۇرا يۆنىلىش
قىسىملىرى تەركىبىدىكى شىخو 1 - پىيادىلەر پولكى 3 - باتا-
لىيون 7 - روتىنىڭ جەڭچىسى، 7 - روتىنىڭ كاتىپى قاتارلىق
ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇ 5 -
كورپۇس 14 - دىۋىزىيە 40 - پولكنىڭ قومۇلدا تۇرۇشلۇق 3 - با-
تالىيون 7 - روتىسىنىڭ كاتىپى، 3 - باتالىيونىنىڭ كاتىپى
قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

مۇقەمەتجان ئابدى 1952 - يىلى 2 - ئايدا قومۇلدىن غۇلجا
سۈيدۈڭگە بارغاندىن كېيىن، ھەربىي سەپتىن يەرلىككە ئالمى-
شىپ، 1953 - يىلى 1 - ئايغىچە قورغاس ناھىيە ۋاستاي رايو-
نىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلەپ، شۇ ۋاقىتلاردا ئېلىپ بېرىلغان
يەر ئىسلاھاتى، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش قاتارلىق خىزمەت-

لەرگە رەھبەرلىك قىلغان. ئۇ 1953 ـ يىلىدىن 1955 ـ يىلىـ
غىچە قورغاس ناھىيەلىك سەھىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، 1957 ـ
يىلىدىن 1958 ـ يىلىغىچە قورغاس ناھىيە ئالغا گۇڭشېسىنىڭ
باشلىقى، گۇڭشې پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى، 1958 ـ
يىلىدىن 1960 ـ يىلىغىچە قورغاس ناھىيەلىك ھايۋانات فېر ـ
مىسىنىڭ باشلىقى، 1960 ـ يىلىدىن 1965 ـ يىلىغىچە قور ـ
غاس ناھىيەلىك چارۋىچىلىق فېرمىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق
ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

مۇقەمەتجان ئابدى 1965 ـ يىلى «پومېشچىكنىڭ ئوغلى»
دەپ قارىلىنىپ، ئالغا گۇڭشې بىرىنچى چوڭ ئەترەت تۆتىنچى
ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىگە چۈشۈرۈلۈپ، 1970 ـ يىلىغىچە
يېزىدا ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە قاتناشقان. 1970 ـ يىلى
ناھىيەلىك چارۋىچىلىق فېرمىسى تەرىپىدىن تەلكە تاغلىرىغا
قوي بېقىشقا ئەۋەتىلىپ، 1980 ـ يىلىغىچە تەلكىدە قوي باق ـ
قان.

1980 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ئۇنىڭ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈل ـ
گەن، ئەمما ئۇ ئۇزۇن يىل جاپالىق تۇرمۇش شارائىتىدا ياشا ـ
غاچقا كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قايتا خىزمەت ئىشلەشكە سالا ـ
مەتلىكى يار بەرمىگەن.

مۇقەمەتجان ئابدى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئۇ ـ
رۇشتا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن «پىدائىيلىق» مېدالى
بىلەن مۇكاپاتلانغان بولسا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇل ـ
غاندىن كېيىن دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن «غەر ـ
بىي شىمالنى ئازاد قىلىش» مېدالى قاتارلىق مېداللار بىلەن
مۇكاپاتلانغان.

ئۇ 1980 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى 51 يېشىدا كې ـ
سەل سەۋەبى بىلەن تەلكىدە ۋاپات بولغان.

## 13. ئەخمەت تۇردىيېف



ئەخمەت تۇردىيېف 1925 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى سابىق سوۋېت ئىتتىپا ـ قى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئالمۇتا شەھىرى سايبويى مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. 1931 ـ يىلى ئالتە يېشىدا ئائىلىسى بىلەن سابىق ئىلى ۋىلايىتىگە قاراشلىق توققۇز تارا ناھىيەسىنىڭ تاشكەنباي مەھەللىسىگە كۆ ـ چۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. 1934 ـ يىل 9 ـ ئايدىن 1940 ـ يىل 7 ـ ئايغىچە توققۇزتارا ناھىيەسىدىكى «چولپان» مەكتەپتە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. 1941 ـ يىل 9 ـ ئايدىن 1942 ـ يىل 7 ـ ئايغىچە ئىلى گىمنازىيەسىدە ئوقۇغاندىن كېيىن، 1944 ـ يىل 9 ـ ئايغىچە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

ئەخمەت تۇردىيېف 1944 ـ يىل 9 ـ ئايدا توققۇزتارا ناھى ـ يەسىدىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ، توققۇز تارا، قارا بورا، سۈيدۈڭ، كۈرە قاتارلىق جايلارنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشلى ـ رىغا قاتناشقان.

ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ مىللىي ئارمىيەنىڭ ئوتتۇرا يۈنىلىش قىسىملىرى تەركىبىدىكى سۈيدۈڭ 1 ـ ئاتقۇچىلار پولكى تەركىبىدە چەپەيزى، شىخو، يەنسىخەي قاتارلىق جايلارنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشلىرىغا قاتناش ـ قان. ئۇ سۈيدۈڭ 1 ـ ئاتقۇچىلار پولكى 2 ـ باتالىيون 5 ـ رو ـ تىسىدا جەڭچى، ئىنزۋوت كوماندىرى، 5 ـ روتىنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى ۋە 5 ـ روتىنىڭ كوماندىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇ 5 ـ كورپۇس 14 ـ دىۋىزىيە 40 ـ پولكنىڭ قومۇلدا تۇرۇشلۇق 3 ـ باتالىيون 7 ـ روتىسىنىڭ كوماندىرى، غۇلجا شەھەرلىك ئاماد ـ

لىقنى ساقلاش ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ كوماندىرى، بورتالا خەلق قوراللىق چوڭ ئەترىتىنىڭ كوماندىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

ئەخمەت تۇردىيېۋ 1959 ـ يىلى ھەربىي سەپتىن يەرلىككە ئالمىشىپ، بورتالا ئوبلاستلىق سانائەت ـ قاتناش ئىدارىسى ئات ـ ئۇلاغ ترانسپورت ئەترىتىنىڭ باشلىقى، ئوبلاستلىق تاشيول ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن كېيىن بورتالا ئوبلاستلىق ئىقتىسادىي سودا كومىتېتىنىڭ ناھىيە دەرىجىلىك كادىرى بولۇپ ئىشلەپ، 1983 ـ يىلى دەم ئېلىشقا چىققان.

ئەخمەت تۇردىيېۋ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن 1945 ـ يىلى 147 ـ نومۇرلۇق ۋە 1948 ـ يىلى 1296 ـ نومۇرلۇق شەرەپ گۇۋاھنامىسى ئارقىلىق «باھادىرلىق» مېداللىرى بىلەن مۇكاپاتلانغان بولسا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن «غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىش» مېدالى، قومۇل باركۆل ۋە ئاراتۇرۇكتىكى باندىت تازىلاش ئۇرۇشىدا كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۈچۈن 1954 ـ يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى تەرىپىدىن 407 ـ نومۇرلۇق شەرەپ گۇۋاھنامىسى ئارقىلىق «ئازادلىق» مېدالى قاتارلىق مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان.

ئەخمەت تۇردىيېۋ 1943 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1944 ـ يىلىنىڭ بېشىغىچە جاللات شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرغانلىقى ئۈچۈن توقتۇزتارا ناھىيەسىدە ئالتە ئاي تۈرمىگە قامالغان. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇ يەنە سول لۇشىيەنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ، 1952 ـ يىل 3 ـ ئايدىن 1953 ـ يىل 9 ـ ئايغىچە بىر يېرىم يىل، 1971 ـ يىلدىن 1977 ـ يىلغىچە ئالتە يىل تۈرمىدە ياتقان، 1977 ـ يە-

لى تەلتۆكۇس ئاقلانغان.

ئەخمەت تۇردىيېۋ ئۆزى قاتناشقان ۋە قوماندانلىق قىلغان جەڭلەرنى ئاساسىي مەزمۇن قىلىپ يازغان «جەڭگاھ خاتىرىلىرى» ناملىق كىتاب 2000 - يىل 11 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ كىتابخانىلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

ئۇ 2005 - يىل 11 - ئاينىڭ 17 - كۈنى 80 يېشىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن بورتالا شەھىرىدە ۋاپات بولغان.

### 14. مۇھەممەت ئەخمەتوف



مۇھەممەت ئەخمەتوف 1925 - يىلى غۇلجا سۇيدۇڭ ناھىيەسىنىڭ چىنىباغ يېزىسىدا تۇغۇلغان. باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنى چىنىباغدىكى «خەيرىيە مەكتىپى» دە ئوقۇغاندىن كېيىن، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

مۇھەممەت ئەخمەتوف 1944 - يىل 11 - ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ، سۇيدۇڭ، كۈرەلەرنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان.

ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ مىللىي ئارمىيەنىڭ ئوتتۇرا يۈنىلىش قىسىملىرى تەركىبىدىكى سۇيدۇڭ 1 - ئاتقۇچىلار پولكى تەركىبىدە چەپەيزى، شىخو، يەنسىخەي قاتارلىق جايلارنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. ئۇ سۇيدۇڭ 1 - ئاتقۇچىلار پولكىدا جەڭچى، ئودلىنىيە كوماندىرى، مۇئاۋىن ئىنزۋوت كوماندىرى، ئىنزۋوت كوماندىرى، مۇئاۋىن روتا كوماندىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇ قومۇلدا تۇرۇشلۇق 3 - باتالىيون 7 - روتىنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى بولۇپ ئىشلىگەن.

مۇھەممەت ئەخمەتوف 1952 ـ يىلى 1 ـ ئايدا 3 ـ باتالىيون تەركىبىدە قومۇلدىن سۈيدۈڭگە بېرىپ، 2 ـ ئايدا ھەربىي سەپ-تىن يەرلىككە ئالمىشىپ، 1955 ـ يىلىغىچە سابىق ئىلى ۋىلا-يەتلىك پارتكوم غۇلجا ناھىيەسىگە ئەۋەتكەن خىزمەت گۇرۇپپى-سىنىڭ باشلىقى بولۇپ، غۇلجا ناھىيەسىدە ئېلىپ بېرىلغان يەر ئىسلاھاتى، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش خىزمەتلىرىگە رەھ-بەرلىك قىلغان. 1953 ـ يىلىدىن 1954 ـ يىلىغىچە ئىلى ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، 1954 ـ يىلىدىن 1957 ـ يىلىغىچە ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ تەشۋىقات خادىمى، 1957 ـ يىلىدىن 1962 ـ يىلى-غىچە ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق شىنخۇا كىتابخانىسىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

مۇھەممەت ئەخمەتوفنىڭ پەقەت بىرلا پەرزەنتى بار بولۇپ، ئوغلى دىلمۇرات ھاجىم خەلقئاراغا يۈزلەنگەن چوڭ سودىگەر ئىدى. مۇھەممەت ئەخمەتوفنىڭ ئايالى ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئوغلى دىلمۇرات ھاجىم ئۇنى قازاقىستان جۇمھۇرىيىد-تىنىڭ ئالمۇتا شەھىرىگە ئېلىپ چىقىپ كەتكەن.

مۇھەممەت ئەخمەتوف ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئۆ-رۈشتا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن «پىدائىيلىق»، «باتۇر-لۇق» قاتارلىق مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان بولسا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن يەنە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن «غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىش» مېدالى قاتارلىق مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان.

ئۇ 2000 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى 75 يېشىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئالمۇتا شەھىرىدە ۋاپات بولغان.

### 15. ھاسىلباي

ھاسىلباي (ئېۋېنكى، خەنزۇچە ئىسمى لۈۋېيچىڭ ـــ



罗维庆) 1926 - يىلى 2 - ئايدا تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ چۆچەك شەھىرى قارا قاپاق يېزىسى ۋۇگۇڭ كەنتىدە تۇغۇلغان. 1934 - يىلى 9 - ئايدىن 1939 - يىلى 7 - ئايغىچە ئۆز يېزىسىدا باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغاندىن كېيىن، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

ھاسىلباي 1945 - يىلى 7 - ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ، مىللىي ئارمىيەنىڭ شىمالىي يۈنىلىش قىسىملىرى تەركىبىدىكى پاتى ئىۋانوۋىچ لېسكىن قوماندانلىقىدىكى برىگادا چۆچەككە يۈرۈش قىلغاندا ھاسىلباي مەزكۇر برىگادا تەركىبىدە چۆچەك، قوبۇق قاتارلىق جايلارنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان ۋە 1948 - يىلى 10 - ئايغىچە چۆچەك ۋىلايەتلىك ج خ ئىدارىسىدە جەڭچى، 1948 - يىلى 10 - ئايدىن 1949 - يىلى 4 - ئايغىچە تارباغاتاي ئاتلىق پولكىدا جەڭچى، 4 - ئايدىن 9 - ئايغىچە ئوتلىنىيە كوماندىرى، 9 - ئايدىن 12 - ئايغىچە ئىزۋوت كوماندىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇ قومۇلدا تۇرۇشلۇق 3 - باتالىيون 7 - روتىنىڭ زاپاس ئىزۋوت كوماندىرى، 1950 - يىلى 10 - ئايدىن 1955 - يىلى 2 - ئايغىچە 7 - روتىنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1952 - يىلى 2 - ئايدا 40 - پولك غۇلجا سۇيدۇڭگە يۆتكەلگەندە ئۇمۇ كوماندىر - جەڭچىلەر بىلەن بىرگە سۇيدۇڭگە بېرىپ چوڭ ئىشلەپچىقىرىشقا قاتناشقان.

ھاسىلباي 1955 - يىلى 2 - ئايدا ئۆز ئىختىيارى بىلەن ھەربىي سەپتىن چېكىنىپ، يۇرتىغا قايتىپ بېرىپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

ھاسىلباي ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقىتلىق

هۆكۈمىتى بىلەن مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق ئىشتابى تەرىپىدىن «ساداقەت» كۈمۈش مېدالى بىلەن مۇكاپاتلانغان بولسا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن «غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىش» مېدالى، باندىت تازىلاش ئۇرۇشىدا كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۈچۈن شىنجاڭ ھەربىي رايونى تەرىپىدىن مېدال بىلەن مۇكاپاتلانغان.

ئۇ 1985 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى 60 يېشىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن يۇرتى قارا قاپاقتا ۋاپات بولغان.

## 16. ئەبەيدۇللا نامانوف



ئەبەيدۇللا نامانوف 1924 ـ يىل 12 ـ ئايدا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئالمۇتا شەھىرىدە تۇغۇلغان. كېيىن ئائىلىسى بىلەن بىللە ئىلى چاپچال ناھىيەسىنىڭ سوپۇن بۇلاق يېزا دۆڭمازار كەنتىگە كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنى ئۆزى تۇرۇشلۇق يېزىدا ئوقۇغاندىن كېيىن دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

ئەبەيدۇللا نامانوف 1944 ـ يىل 11 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ، چاپچال ناھىيەسى ۋە غۇلجا شەھىرى قاتارلىق جايلارنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان.

ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ مىللىي ئارمىيەنىڭ ئوتتۇرا يۆنىلىش قىسىملىرى تەركىبىدىكى سۈيدۈڭ 1 ـ ئاتقۇچىلار پولكى تەركىبىدە شىخو، ساۋەن قاتارلىق جايلارنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. ئۇ سۈيدۈڭ 1 ـ ئاتقۇچىلار پولكىدا جەڭچى، ئودلىنىيە كوماندىرى، مىنا

تازىلىغۇچى، ئىززۇت كوماندىرى، رازۋېدكا ئىززۇتىنىڭ كوماندىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.
جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇ قوشۇندا تۇرۇشلۇق 3 - باتالىيون 7 - روتىنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى، 40 - پولك جامائەت خەۋپسىزلىك باتالىيونىنىڭ ئىشتاب باشلىقى، 6 - كورپۇس 3 - پولكنىڭ ئىشتاب باشلىقى، 1959 - يىلىدىن 1963 - يىلىغىچە تېكەس ناھىيەلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، قوراللىق بۆلۈم پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى، 1963 - يىلىدىن 1982 - يىلىغىچە توقسۇن ناھىيەلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، قوراللىق بۆلۈم پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ، 1982 - يىل 5 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان.
ئەبەيدۇللا نامانوف ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بىلەن مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق ئىشتابى تەرىپىدىن «باھادىرلىق»، «پىدائىيلىق»، 1949 - يىل 9 - ئايدا شەرەپ بىلەن «مىللىي ئارمىيە قەھرىمانى» قاتارلىق مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان بولسا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن «غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىش» مېدالى، 1959 - يىل 1 - ئايدا «2 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەنلىك ئوردېنى»غا، 1988 - يىل 10 - ئايدا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ «مۇستەقىل خىزمەت كۆرسەتكەنلەر مېدالى» قاتارلىق مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان.
ئۇ 1993 - يىل 8 - ئاينىڭ 12 - كۈنى 69 يېشىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن غۇلجىدا ۋاپات بولغان.

### 17. ئابلىمىت راخمانوف

ئابلىمىت راخمانوف 1930 - يىل 10 - ئايدا ماناس ناھىـ



يەسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسى ئابدۇراخ ـ مان قارى ئەسلىي تۇرپان شەھىرىنىڭ قارا ـ غوجا يېزىسىدىن بولۇپ، دىنىي ئۆلىما كى ـ شى بولغاچقا دىنىي مەكتەپ ئېچىپ تا ـ لىپلارنى تەربىيەلەپ، ماناس ناھىيەسىگە بې ـ رىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان. ئۇ 1937 ـ يىل 9 ـ ئايدىن 1945 ـ يىل 7 ـ ئايغىچە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنى ماناستا ئو ـ قۇغان. ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسى ئوتتۇرا يۆنىلىش قىسىملىرىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى قەدەمدە بىر مەغلۇپ قىلىپ غەلىبىسىرى ئىلگىرىلەۋاتقانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ، بىر ئائىلە كىشىلىرى بىراقلا ماناس ناھىيەسىدىن قېچىپ چىقىپ ئۈچ ۋىلايەت مىل ـ لىي ئارمىيەسى سېپىگە قوشۇلغان.

ئابلىمىت راخمانوف 15 يېشىدىلا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ، مىللىي ئارمىيە ئوتتۇرا يۆنىلىش قىسىملىرى تەر ـ كىبىدىكى سۋىدۇڭ 1 ـ ئاتقۇچىلار پولكى تەركىبىدە شىخونى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىغا قاتناشقان. ئۇ سۋىدۇڭ 1 ـ ئاتقۇچىلار پولكىدا جەڭچى، ئودلىنىيە كوماندىرى، ئىزۋوت كوماندىرى قا ـ تارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇ قو ـ مۇلدا تۇرۇشلۇق 3 ـ باتالىيون 7 ـ روتا 2 ـ ئىزۋوتنىڭ كو ـ ماندىرى، 7 ـ روتىنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى، 40 ـ پولكقا بىۋاسىتە قاراشلىق رازۋېدكا روتىسىنىڭ سىياسىي يېتەكچە ـ سى، 1952 ـ يىل 2 ـ ئايدا 40 ـ پولك سۋىدۇڭىگە يۆتكەلگەن ـ دە ئۇ پولك سىياسىي باشقارما تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ خادىمى قا ـ تارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

ئابلىمىت راخمانوف 1955 ـ يىل 3 ـ ئايدا ھەربىي سەپتىن يەرلىككە ئالمىشىپ، 1957 ـ يىل 11 ـ ئايغىچە سابىق شىن ـ

جاڭ ئۆلكىلىك سودا نازارىتى جۇڭگو ـ سوۋېت ئىتتىپاقى ھەمكارلىقىدىكى شىركەت كادىرلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، 1957 ـ يىل 11 ـ ئايدىن 1975 ـ يىل 6 ـ ئايغىچە ئاپتونوم رايونلۇق دورا شىركىتى كەسپىي بۆلۈمىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا ئۇ سولچىل لۇشيەننىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ كۆلپەتلىك كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرگەن. 1975 ـ يىل 6 ـ ئايدا ئۇنىڭ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، 1990 ـ يىل 12 ـ ئايغىچە ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق دورا شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى بولۇپ ئىشلەپ، 12 ـ ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان.

ئابلىمىت راخمانوف ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بىلەن مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق ئىشتابى تەرىپىدىن «باھادىرلىق»، «پىدائىيلىق» قاتارلىق ئوردېن ـ مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان بولسا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن «غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىش» قاتارلىق ئوردېن ـ مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان.

ئۇ سۆڭەك راكى كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، 1992 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى 62 يېشىدا ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولغان.

## 18. مۇھەممەتجان شاۋۇدۇنوف



مۇھەممەتجان شاۋۇدۇنوف 1928 ـ يىل 7 ـ ئايدا قورغاس ناھىيەسىنىڭ مازار رايونىدا تۇغۇلغان. 1937 ـ يىل 8 ـ ئايغىچە ئائىلە تەربىيەسىدە بولغان. 1937 ـ يىل 8 ـ ئايدىن 1943 ـ يىل 8 ـ ئايغىچە ئۇ يۇرتىدا باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغاندىن كېيىن، 1945 ـ يىل 7 ـ ئايغى-

چە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

مۇھەممەتجان شاۋۇدۇنوف 1945 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلا ـ يەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ، 1946 ـ يىلى 8 ـ ئايغىچە غۇلجا ئايرودۇرۇمىدا زاپاس ئەسكەر، 1946 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن 1947 ـ يىل 10 ـ ئايغىچە غۇلجا ھەرەمباغدا تۇرۇشلۇق 2 ـ ئازاد نىشانلىق پولك ئوقۇتۇش روتىسىدا كۇرسانت، 1947 ـ يىل 10 ـ ئايدىن 1948 ـ يىل 4 ـ ئايغىچە غۇلجا ھەرەمباغدا تۇرۇشلۇق زاپاس پولك 3 ـ باتالىيون 6 ـ روتىنىڭ كاتىپى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

مۇھەممەتجان شاۋۇدۇنوف 1948 ـ يىل 4 ـ ئايدىن 1949 ـ يىل 5 ـ ئايغىچە مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق ئىشتابى با ـ ياندايدا ئاچقان ئوفىتسېرلارنى يېتىشتۈرۈش مەكتىپىدە ئوقۇ ـ غاندىن كېيىن، 1949 ـ يىل 5 ـ ئايدا يەنسىخەيدە تۇرۇشلۇق شىخو 1 ـ پىيادىلەر پولكى 3 ـ باتالىيون 7 ـ روتا 1 ـ ئىز ـ ۋوتنىڭ كوماندىرى بولۇپ ئىشلىگەن.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇ قو ـ مۇلدا تۇرۇشلۇق 3 ـ باتالىيون 7 ـ روتا 1 ـ ئىزۋوتنىڭ كوماندىرى، 1951 ـ يىل 9 ـ ئايدىن 1952 ـ يىل 9 ـ ئايغى ـ چە 3 ـ باتالىيون 7 ـ روتىنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى، 1955 ـ يىل 2 ـ ئايغىچە 5 ـ كورپۇس ھەربىي كوپېراتىپىدا ۋە ئارىشاڭ ھەربىي بازىسىدا سىياسىي يېتەكچى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆ ـ تىگەن.

مۇھەممەتجان شاۋۇدۇنوف 1955 ـ يىل 2 ـ ئايدا ھەربىي سەپتىن يەرلىككە ئالمىشىپ، 1959 ـ يىل 9 ـ ئايغىچە ئاپتو ـ نوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىدە سودىيە، 1959 ـ يىل 9 ـ ئايدىن 1961 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە ئاپتونوم رايونلۇق ئەدلىيە نازارىتىدە بۆلۈم ئەزاسى، 1961 ـ يىل 10 ـ ئايدىن 1970 ـ يىل 9 ـ ئايغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رويونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئىلى قازاق ئاپتونوم

ئوبلاستلىق شۆبىسىدە سودىيە قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.
مۇھەممەتجان شاۋۋدۇنوف 1970 ـ يىل 9 ـ ئايدىن 1975 ـ يىل 1 ـ ئايغىچە قورغاس ناھىيە ئاقسۇ گۇڭشېسىغا چېنىقىشقا ئەۋەتىلگەن. ئۇ 1975 ـ يىل 1 ـ ئايدىن 1979 ـ يىل 11 ـ ئايغىچە ئىلى ۋىلايەتلىك «7 ـ ماي كادىرلار مەكتىپى»نىڭ كادىرى، 1979 ـ يىل 11 ـ ئايدىن 1985 ـ يىل 2 ـ ئايغىچە ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەپتىشى، 2 ـ ئايدىن 8 ـ ئايغىچە بۆلۈم باشلىقى، 1986 ـ يىل 8 ـ ئايدىن 1988 ـ يىل 2 ـ ئايغىچە سابىق ئىلى ۋىلايەتلىك شۆبە خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەپتىشى، تەپتىش كومىتېتىنىڭ ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ، 2 ـ ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان.
مۇھەممەتجان شاۋۋدۇنوف ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بىلەن مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق ئىشتابى تەرىپىدىن «باھادىرلىق»، «پىدائىيلىق» قاتارلىق مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان بولسا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن «غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىش» قاتارلىق مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان.
ئۇ 2004 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى 76 يېشىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن غۇلجىدا ۋاپات بولغان.



## 19. تاھىر ئىسكەندىروف

تاھىر ئىسكەندىروف 1926 ـ يىل 10 ـ ئايدا غۇلجا شەھىرىنىڭ ئارا ئۆستەڭ يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1935 ـ يىل 9 ـ ئايغىچە ئائىلە تەربىيەسىدە بولغان. 1935 ـ يىل 9 ـ ئايدىن 1941 ـ يىل 7 ـ ئايغىچە ئۆز يې-

ـزىسىدا باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە غۇلجا شەھىرىدە ئوتتۇرا مەكتەپـ تە ئوقۇغاندىن كېيىن، 1946 ـ يىل 10 ـ ئايغىچە دېھقانچىـ لىق بىلەن شۇغۇللانغان.

تاھىر ئىسكەندىروف 1946 ـ يىل 10 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ، مىللىي ئارمىيەنىڭ ئوتتۇرا يۆنىلىش قىسىملىرى تەركىبىدىكى شىخو 1 ـ پىيادىلەر پولكىدا جەڭـ چى، پولك ئوقۇش روتىسىدا ئوقۇغاندىن كېيىن 3 ـ باتالىيون 9 ـ روتا 1 ـ ئىزۋوتتا ئودلىنىيە كوماندىرى، 9 ـ روتا 1 ـ ئىزۋوتنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى، 3 ـ باتالىيوننىڭ كاتىپى قاـ تارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇ قوـ مۇلدا تۇرۇشلۇق 3 ـ باتالىيون 7 ـ روتا 2 ـ ئىزۋوتنىڭ مۇـ ئاۋىن كوماندىرى، 7 ـ روتىنىڭ سانىتارى، 1951 ـ يىل 9 ـ ئايدىن 1955 ـ يىل 9 ـ ئايغىچە 40 ـ پولك سىياسىي باشـ قارمىسى مۇھاپىزەت بۆلۈمىنىڭ كادىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۇ 1955 ـ يىل 9 ـ ئايدىن 1958 ـ يىل 9 ـ ئايـ غىچە شىنجاڭ «1 ـ ئاۋغۇست يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى»دا[1] ئوقۇغاندىن كېيىن، 1966 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە شىنجاڭ ئىشـ لەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش ئارمىيەسى ئىلى يېزا ئىگىلىك 4 ـ دىۋىزىيە 64 ـ پولك 1 ـ روتىسىنىڭ كوماندىرى بولۇپ ئىشـ لىگەن.

تاھىر ئىسكەندىروف «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا سول لۇشيەنىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ جەنۇبىي شىنجاڭغا ئەۋەتىـ لىپ، 1966 ـ يىلدىن 1970 ـ يىلغىچە خوتەندىكى 2 ـ قۇـ رۇلۇش دىۋىزىيەسى 22 ـ پولك قۇرۇلۇش روتىسىدا ئىشچى، 1970 ـ يىلدىن 1980 ـ يىلغىچە قەشقەردە تۇرۇشلۇق يېزا ئىگىلىك 3 ـ دىۋىزىيە 49 ـ پولك 13 ـ روتىدا تېخنىك بوـ

[1] ھازىرقى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى.

لۈپ ئىشلىگەن. 1980 ـ يىلى ئۆنىڭ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ غۇلجىغا قايتىپ چىققاندىن كېيىن، يېزا ئىگىلىك 4 ـ دىۋىزىيە 64 ـ پولك 14 ـ روتىنىڭ كوماندىرى بولۇپ ئىشلەپ، 1985 ـ يىل 2 ـ ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان.

تاھىر ئىسكەندىروف ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بىلەن مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى تەرىپىدىن «پىدائىيلىق» مېدالى بىلەن مۇكاپاتلانغان بولسا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن «غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىش» قاتارلىق مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان.

تاھىر ئىسكەندىروف 2011 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى 85 يېشىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن غۇلجا شەھىرىدە ۋاپات بولدى.

## 20. چىگە تۇياقبايېف



چىگە تۇياقبايېف (قازاق) 1932 ـ يىلى ئىلى قورغاس ناھىيەسىنىڭ چىلپەگزى يېزىسىدا تۇغۇلغان، 1940 ـ يىل 8 ـ ئايدىن 1947 ـ يىل 7 ـ ئايغىچە يۇرتىدا باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغاندىن كېيىن دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

چىگە تۇياقبايېف 1948 ـ يىل 10 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ، مىللىي ئارمىيەنىڭ ئوتتۇرا يۈنىلىش قىسىملىرى تەركىبىدىكى شىخو 1 ـ پولكى 3 ـ باتالىيون 8 ـ روتىسىدا جەڭچى بولۇپ ئىشلىگەن.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇ قومۇلدا تۇرۇشلۇق 3 ـ باتالىيون 8 ـ روتىنىڭ جەڭچىسى، 7 ـ روتىنىڭ كاتىپى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1952 ـ يىل

2 - ئايدا 40 - پولك 3 - باتالىيون تەركىبىدە غۇلجا سۈيدۈڭگە بېرىپ چوڭ ئىشلەپچىقىرىشقا قاتناشقان.

چىڭگە تۇياقباييېۋ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن «غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىش» مېدالى بىلەن مۇكاپاتلانغان.

چىڭگە تۇياقباييېۋ 1955 - يىلى تەشكىلنىڭ رۇخسىتى بىلەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىگە چىقىپ كەتكەن، كېيىنكى ئەھۋالى نامەلۇم.

## 21. مەھمۇت كېرىموف



مەھمۇت كېرىموف (مەھمۇت ئەزىزوف دەپمۇ ئاتىلىدۇ) 1935 - يىل 6 - ئاينىڭ 12 - كۈنى سابىق ئىلى ۋىلايىتىنىڭ قورغاس ناھىيە لەنگەر يېزىسى بەشكېرەم كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، 1940 - يىل 9 - ئايغىچە ئائىلە تەربىيەسىدە بولغان. 1940 - يىل 9 - ئايدىن 1947 - يىل 7 - ئايغىچە سۈيدۈڭدىكى «خەيرىيە مەكتەپ» تە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغاندىن كېيىن دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

مەھمۇت كېرىموف يوغان، بەستلىك بالا بولغاچقا، 1949 - يىل 10 - ئايدا 14 يېشىدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ مىللىي ئارمىيەنىڭ ئوتتۇرا يۈنىلىش قىسىملىرى تەركىبىدىكى شىخو 1 - پولكى 3 - باتالىيون 7 - روتا 2 - ئىزۋوتتا جەڭچى، ئىسكىلاتچى بولۇپ ئىشلىگەن.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇ قومۇلدا تۇرۇشلۇق 3 - باتالىيون 7 - روتىنىڭ زاپخوزى، 7 - روتا 2 - ئىزۋوتتا ئودلىنىيە كوماندىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1952 - يىل 2 - ئايدا 40 - پولك 3 - باتالىيون تەركىبىدە

غۇلجا سۇيدۇڭگە بېرىپ چوڭ ئىشلەپچىقىرىشقا قاتناشقان.
مەھمۇت كېرىموف 1956 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى ھەربىي سەپتىن بوشاپ يۇرتىغا قايتىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.
مەھمۇت كېرىموف جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن «غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىش» قاتارلىق مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان.
ئۇ 2005 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى 73 يېشىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن يۇرتىدا ۋاپات بولغان.

## 22. باۋۇدۇن بارات[①]



باۋۇدۇن بارات 1926 ـ يىلى سابىق ئىلى ۋىلايىتىنىڭ قورغاس ناھىيە لەنگەر يېزىسى بەشكېرەم كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇقۇش يېشىغا توشقاندا، سۇيدۇڭدىكى «خەيرىيە مەكتەپ»تە باشلانغۇچتا ئوقۇغاندىن كېيىن دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.
باۋۇدۇن بارات 1944 ـ يىل 11 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ، سۇيدۇڭ پارتىزانلىرى تەركىبىدە لوسىگوڭ، چىڭسىخوزا، چىلپەنزى، غۇلجا، ھەرەمباغ، ليەنشاڭ، بۇتخانا قاتارلىق جايلارنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان.
ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ مىللىي ئارمىيەنىڭ ئوتتۇرا يۆنىلىش قىسىملىرى تەركىبىدىكى سۇيدۇڭ بىرىنچى ئاتقۇچىلار پولكى 2 ـ باتالىيون تەركىبىدە چەپەيزى، كونا شىخو، ساۋەن، مايتاغ، يەنسىخەي، شىخەنزى قاتارلىق جايلارنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان ۋە قىـ

[①] باۋۇدۇن ئەمەت دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

سىمدا ئۆدا جەڭچى بولغان. 1947 ـ يىل 11 ـ ئايدا ئۇ ئۆزى تۇرۇشلۇق پولك تەركىبىدە قالىبېك، تاكمان باندىتلىرىنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتىش ئۇرۇشىغا قاتناشقان.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇ قو- مۇلدا تۇرۇشلۇق 3 ـ باتالىيون 7 ـ روتىدا جەڭچى، 7 ـ رو- تىنىڭ زاپخوزى، 1954 ـ يىلى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش ئارمىيەسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ ئىلى يېزا ئىگىد- لىك 4 ـ دىۋىزىيە 64 ـ پولك تېخنىكا روتىسىدا تىراكتورچى بولۇپ ئىشلىگەن.

باۋۋدۇن بارات 1962 ـ يىل 12 ـ ئايدا ھەربىي سەپتىن بوشاپ، يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە لەڭگەر گۇڭشېسى بەشكېرەم چوڭ ئەترىتى 3 ـ ئەترەتتە دېھقان، ئەت- رەت بوغالتىرى بولۇپ ئىشلىگەن.

باۋۋدۇن بارات ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئۇرۇشىدا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقىتلىق ھۆكۈمد- تى بىلەن مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق ئىشتابى تەرىپىدىن «پىدائىيلىق» مېدالى بىلەن مۇكاپاتلانغان بولسا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىر- لىكى تەرىپىدىن «غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىش» قاتارلىق مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان.

ئۇ 1998 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى 72 يېشىدا كېد- سەل سەۋەبى بىلەن يۇرتىدا ۋاپات بولغان.



## 23. خۇسەيزى مومزوۋف

خۇسەيزى مومزوۋف (خۇيزۇ)، 1923 ـ يىل 10 ـ ئايدا ئىلى قورغاس ناھىيەسى مازار رايونىدا تۇغۇلغان. ئوقۇش يېشىغا يەت- كەندە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنى يۇر- تىدا ئوقۇغاندىن كېيىن، دېھقانچىلىق بىلەن

شۇغۇللانغان.

خۇسەيزى مومورۇوف 1944 ـ يىل 11 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ قورغاس، سۇيدۇڭ، كورەلەرنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان.

ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ مىللىي ئارمىيەنىڭ ئوتتۇرا يۆنىلىش قىسىملىرى تەركىبىدىكى سۇيدۇڭ 1 ـ ئاتقۇچىلار پولكى تەركىبىدە چەپەيزى، شىخو قاتارلىق جايلارنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىغا قاتناشقان. ئۇ سۇيدۇڭ 1 ـ ئاتقۇچىلار پولكىدا جەڭچى، مۇئاۋىن ئىنزۋوت كوماندىرى، ئىنزۋوت كوماندىرى، روتىنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى، مۇئاۋىن روتا كوماندىرى، روتا كوماندىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇ قومۇلدا تۇرۇشلۇق 3 ـ باتالىيون 8 ـ روتىنىڭ كوماندىرى، 1950 ـ يىل 12 ـ ئايدىن 1954 ـ يىل 8 ـ ئايغىچە 14 ـ دىۋىزىيە سىياسىي بۆلۈم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

خۇسەيزى مومورۇوف 1954 ـ يىل 8 ـ ئايدا ھەربىي سەپتىن يەرلىككە ئالمىشىپ، 1955 ـ يىل 6 ـ ئايغىچە بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ كادىرى، 1955 ـ يىل 6 ـ ئايدىن 1956 ـ يىل 9 ـ ئايغىچە تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، 1956 ـ يىل 9 ـ ئايدىن 1958 ـ يىل 6 ـ ئايغىچە بورتالا ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگان پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى، 1958 ـ يىل 6 ـ ئايدىن 1959 ـ يىل 12 ـ ئايغىچە ئوبلاستلىق مەدەنىيەت ـ مائارىپ سىستېمىسى پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى، 1959 ـ يىل 12 ـ ئايدىن 1967 ـ يىل 5 ـ ئايغىچە ئوبلاستلىق پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا سول

لۇشيەنىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ جاپا ـ مۇشەققەتلىك كۈن- لەرنى باشتىن كەچۈرگەن. 1978 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ئۇنىڭ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن.

خۇسەيزى مومۇزوف 1980 ـ يىل 5 ـ ئايدىن 1982 ـ يىل 7 ـ ئايغىچە بورتالا ئوبلاستى جىڭ تۈزچىلىق مەيدانىنىڭ باش- لىقى، ئوبلاستلىق مىللى، دىنىي ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇ- ئاۋىن مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ، 7 ـ ئايدا دەم ئې- لىشقا چىققان.

خۇسەيزى مومۇزوف ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئۇ- رۇشتا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بىلەن مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق ئىشتابى تەرىپىدىن «پىدائىيلىق»، «باھادىرلىق» قاتارلىق مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان بولسا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيە- تى قۇرۇلغاندىن كېيىن دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى تەرد- پىدىن «غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىش» قاتارلىق مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان.

ئۇ 1998 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى كېسەل سەۋەبى بىلەن 75 يېشىدا بورتالا شەھىرىدە ۋاپات بولغان.

## 24. ئابدۇرېھىم خوجامنىياز



ئابدۇرېھىم خوجامنىياز 1925 ـ يىل 4 ـ ئايدا قومۇل شەھىرىنىڭ شەھەر ئىچى يې- زىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1936 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1941 ـ يىل 7 ـ ئايغىچە قومۇل شەھىرى شەھەر ئىچى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغاندىن كېيىن دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

ئابدۇرېھىم خوجامنىياز 1945 ـ يىل 10 ـ ئايدا غۇلجىغا بېرىپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى-

غا قاتنىشىپ، دەسلەپ يېرىم يىل پەننىي مەكتەپتە، كېيىن مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق ئىشتابى ئاچقان بايانداىدىكى ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇپ، 1948 ـ يىل 6 ـ ئايدا مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن مايتاغدا تۇرۇشلۇق 2 ـ ئاتلىق پولكقا تەقسىم قىلىنغان. ئۇ دەسلەپ 2 ـ ئاتلىق مىنامىيوت 4 ـ روتا 1 ـ ئىنژۋوتىنىڭ كوماندىرى، كېيىن 4 ـ روتىنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇ 5 ـ كورپۇس 14 ـ دىۋىزىيە 40 ـ پولك 2 ـ باتالىيونىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي تەربىيەچىسى، 1950 ـ يىل 8 ـ ئايدىن 12 ـ ئايغىچە 40 ـ پولك 3 ـ باتالىيونىنىڭ تۇرپاندا تۇرۇشلۇق 9 ـ روتىسىنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى، 1950 ـ يىل 12 ـ ئايدىن 1953 ـ يىل 9 ـ ئايغىچە قومۇلدا تۇرۇشلۇق 3 ـ باتالىيون 8 ـ روتىنىڭ كوماندىرى، 1953 ـ يىل 9 ـ ئايدىن 1955 ـ يىل 6 ـ ئايغىچە ئۈرۈمچى شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ ئىشتاب ئوفىتسېرى، 1955 ـ يىل 6 ـ ئايدىن 1956 ـ يىل 11 ـ ئايغىچە شىنجاڭ ھەربىي رايونى ھەربىي خىزمەت ئىدارىسىنىڭ كادىرى، گۇرۇپپا باشلىقى، 1956 ـ يىل 11 ـ ئايدىن 1957 ـ يىل 8 ـ ئايغىچە تۇرپان ھەربىي خىزمەت ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

ئابدۇرېھىم خوجامنىياز 1957 ـ يىل 8 ـ ئايدىن 1960 ـ يىل 2 ـ ئايغىچە ئىلى ھەربىي رايونى باشقۇرۇشىدىكى غۇلجا ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇغاندىن كېيىن، 1970 ـ يىل 1 ـ ئايغىچە شىنجاڭ ھەربىي رايونى پىيادە ئەسكەرلەر مەكتىپى مىللىي 2 ـ ئەترەتىنىڭ باشلىقى، 1970 ـ يىل 1 ـ ئايدىن 1981 ـ يىل 2 ـ ئايغىچە جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈمى ئاممىۋى خىزمەت باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، 1981 ـ يىل 2 ـ ئايدىن 8 ـ ئايغىچە خوتەن شۆبە ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپە-

لەرنى ئۆتىگەن.

ئابدۇرېھىم خوجامنىياز 1981 ـ يىل 8 ـ ئايدىن 1983 ـ يىل 7 ـ ئايغىچە مەركىزىي ئالىي پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇغاندىن كېيىن، 1984 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە خوتەن شۆبە ھەربىي رايوننىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى، شۆبە ھەربىي رايون پارتكومىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ، 10 ـ ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان.

ئابدۇرېھىم خوجامنىياز ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بىلەن مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق ئىشتابى تەرىپىدىن «پىدائىيلىق»، «باھادىرلىق» قاتارلىق مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان بولسا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن «غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىش» قاتارلىق مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان.

ئۇ 2009 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى كېسەل سەۋەبى بىلەن 85 يېشىدا ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولغان.

## 25. ئىدرىس سەيدۇللايېف



ئىدرىس سەيدۇللايېف 1923 ـ يىل 10 ـ ئايدا غۇلجا شەھرىنىڭ دۆڭ مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ دادىسىدىن كىچىك يېتىم قالغان بولۇپ، 12 ياشقا كىرگەن يىلى ئاپىسى ئايىمخان شىخوغا باشقا كىشىگە ياتلىق بولغاندا ئىدرىسنىمۇ شىخوغا بىللە ئېلىپ كېتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۆگەي دادىسىنىڭ تەربىيەسىدە چوڭ بولىدۇ. ئۇ ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە باشلانغۇچ مەكتەپنى شىخودا ئوقۇغان.

ئىدرىس سەيدۇللايېفنىڭ ئۆگەي دادىسى ئۇستا ياغاچچى ئىد-

دى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆگەي دادىسىدىن ياغاچچىلىقنى ئۆگىنىپ، كېيىنكى كۈنلەردە ئۇستا ياغاچچى بولۇپ قالىدۇ.

ئىدرىس سەيدۇللايېف 16 ياشقا كىرگەن يىلى شىخودا جاللات شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى يەر ئاستى ياشلار تەشكىلاتى قۇرۇلغان بولۇپ، ئىدرىس بۇ تەشكىلاتقا ئاكتىپ قاتنىشىدۇ، ئۇ تەشكىلات رەھبەرلىرى تاپشۇرغان ۋەزىپىلەرنى جان پىدالىق بىلەن ئورۇنلايدۇ. كېيىن ئىشپىيونلارنىڭ مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ قويۇشى بىلەن ئىدرىس قولغا ئېلىنىپ، دەسلەپ شىخو، كېيىن ئۈرۈمچى تۈرمىسىگە قامىلىدۇ.

1946 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن «11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىم»نىڭ روھى بويىچە سىياسىي جىنايەتچىلەرنى تۈرمىدىن قويۇپ بەرگەندە، ئىدرىس سەيدۇللايېف گەرچە تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۇستا ياغاچچىلىقىنى بىلگەن تۈرمە گۇندىپايلىرى ئۇنىڭ ھۈنىرىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن يەنە ئۇنى تۈرمىدە ئېلىپ قېلىپ، تۈرمە كامېرلىرىنىڭ بۇزۇلغان ئىشىك ـ دېرىزىلىرىنى ياسىتىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلدۇرىدۇ. ئۇ ئەمگەك قىلىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە پۇرسەت تېپىپ قېچىپ كېتىدۇ.

ئىدرىس سەيدۇللايېف تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىدىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەركىبىدە خىزمەت قىلىۋاتقان كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىدۇ. ئىدرىس يۈرەكلىك، قورقماس ئادەم بولغاچقا، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق رەھبەرلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ. ئۇ تېزلا كۆزگە كۆرۈنۈپ، كېيىنكى كۈنلەردە ئەخمەتجان قاسىمنىڭ كاناۋايلىقىنى قىلىدۇ، كېيىن مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىنىڭ باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلىدۇ. «11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىم»ى گومىنداڭچىلار تەرىپىدىن بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغاندىن

كېيىن، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ۋەكىللىرى غۇلجىغا قايتىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئىدرىسمۇ ئەخمەتجان قاسىملار بىلەن بىرگە غۇلجىغا قايتىدۇ.

ئىدرىس سەيدۇللايېف غۇلجىغا بارغاندىن كېيىن، تەشكىلىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە مىللىي ئارمىيەنىڭ ئوتتۇرا يۆنىلىش فىرونتىدىكى شىخو 1 ـ پولكىغا تەقسىم قىلىنىپ، 3 ـ باتالىيون 8 ـ روتىدا ئىزۋوت كوماندىرى، 1949 ـ يىل 8 ـ ئايدىن 12 ـ ئايغىچە 8 ـ روتىنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇ قومۇلدا تۇرۇشلۇق 3 ـ باتالىيون 8 ـ روتىنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى، 1952 ـ يىلىدىن 1953 ـ يىلىغىچە 40 ـ پولك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، 1953 ـ يىلىدىن 1956 ـ يىلىغىچە 40 ـ پولك[①] 3 ـ باتالىيون 3 ـ روتىنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى، 1956 ـ يىلىدىن 1959 ـ يىلىغىچە مۇستەقىل پولكنىڭ سىياسىي ياردەمچىسى، 1959 ـ يىل 5 ـ ئايدىن 1971 ـ يىل 3 ـ ئايغىچە 4 ـ دىۋىزىيە 4 ـ چارۋىچىلىق مەيدانىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى، 1971 ـ يىل 3 ـ ئايدىن 1976 ـ يىل 11 ـ ئايغىچە 4 ـ دىۋىزىيە 77 ـ پولكنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى، 1976 ـ يىل 11 ـ ئايدىن 1982 ـ يىل 3 ـ ئايغىچە 4 ـ دىۋىزىيە 39 ـ پولكنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى، 1982 ـ يىل 3 ـ ئايدىن 1985 ـ يىل 9 ـ ئايغىچە 4 ـ دىۋىزىيە دوختۇرخانىسىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغۇچىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ، شۇ يىلى 9 ـ ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان.

ئىدرىس سەيدۇللايېف ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئۇ-

---

① 40 ـ پولك 1953 ـ يىل 5 ـ ئايدا 3 ـ دىۋىزىيە 7 ـ پولكقا، 1954 ـ يىل 10 ـ ئايدا مۇستەقىل دېھقانچىلىق مەيدانىغا، 1958 ـ يىل كۆكدالا دېھقانچىلىق مەيدانىغا، 1969 ـ يىل 4 ـ دىۋىزىيە 64 ـ پولكقا ئۆزگەرتىلگەن.

روشتا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بىلەن مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى تەرىپىدىن «پىدائىيلىق»، «باتۇرلۇق» قاتارلىق مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان بولسا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇل-غاندىن كېيىن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن «غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىش» قا-تارلىق مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان.

ئۇ 1996 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى كېسەل سەۋەبى بىلەن 73 يېشىدا غۇلجىدا ۋاپات بولغان.

**26. ياسىنجان يارمۇھەممەت**



ياسىنجان يارمۇھەممەت 1927 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئۇرۇمچىدە تۆمۈرچى ئا-ئىلىسىدە تۇغۇلغان. 1934 ـ يىل 8 ـ ئاي-دىن 1941 ـ يىل 7 ـ ئايغىچە ئۈرۈمچى 7 ـ باشلانغۇچ مەكتەپتە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغاندىن كېيىن، 1942 ـ يىل 9 ـ ئايغىچە ئۈرۈمچى ئۈيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىدا كاتىپ بولۇپ ئىشلى-گەن. 1942 ـ يىل 9 ـ ئايدىن 1945 ـ يىل 6 ـ ئايغىچە ئۈ-رۈمچى تولۇق 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان.

ياسىنجان تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقىتىدىلا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى «يەر ئاستى ئىنقىلابىي ياشلار تەشكىلاتى»غا قاتناشقان. ئۇ قاتناشقان تەشكىلات ئەزالى-رىنىڭ سانى 120 دىن ئاشقان بولۇپ، ئەزالار بەش گۇرۇپپىغا بۆلۈنگەن. بۇ تەشكىلاتنى قۇرۇش، كېڭەيتىش، ئەزالارنى تەربى-يەلەش قاتارلىق خىزمەتلارنى ئىشلەشتە ياسىنجان مۇھىم رول ئوينىغان. كېيىن تەشكىلات ئەزالىرى ئۆلانبايدا يىغىن ئېچىپ، ئۈرۈمچى «يەر ئاستى ياشلار تەشكىلاتى» نىڭ رەھبەرلىك ئاپ-

پاراتىنى قۇرۇپ چىقىدۇ. ياسىنجان يىغىنىدا ئۈرۈمچى غەربىي ئۆستەڭ رايونلۇق «يەر ئاستى ياشلار تەشكىلاتى» نىڭ باشلىقى بولۇپ سايلىنىدۇ.

1947 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن «25 ـ فېۋرال ۋەقەسى» دىن كېيىن، ئىشپىيونلارنىڭ مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ قويۇشى بىلەن تەشكىلات ئەزالىرى زىيانكەشلىككە ئۇچراپ تۇتقۇن قىلىنىشقا باشلايدۇ ۋە نۇرغۇنلىغان تەشكىلات ئەزالىرى قىرغىن قىلىنىدۇ. ياسىنجان ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى قورۇسىغا كىرىپ پاناھلىنىدۇ. كېيىن ئەخمەتجان قاسىمى ياسىنجان قاتارلىق پاناھلىنىشقا كەلگەن تەشكىلات ئەزالىرىنى غۇلجىغا يولغا سېلىپ قويىدۇ.

ياسىنجان غۇلجىغا بارغاندىن كېيىن، 1947 ـ يىل 2 ـ ئايدىن 9 ـ ئايغىچە غۇلجا گېزىتخانىسىدا ئىشلەپ، شۇ يىلى 9 ـ ئايدا مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق ئىشتابى باياندايدا ئاچقان ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇپ، 1948 ـ يىل 6 ـ ئايدا ھەربىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، غۇلجا پىيادىلەر 1 ـ پولكى ئاتلىق قىلىچ ئىسكادرونىدا ئىنزۋوت كوماندىرى، 1949 ـ يىل 11 ـ ئايدىن 12 ـ ئايغىچە شىخو 1 ـ پولك 3 ـ باتالىيون 8 ـ روتىنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇ قومۇلدا تۇرۇشلۇق 3 ـ باتالىيون 8 ـ روتىنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى، 1950 ـ يىل 10 ـ ئايدىن 1951 ـ يىل 7 ـ ئايغىچە 40 ـ پولك تەلىم ـ تەربىيە روتىسىنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى، 1951 ـ يىل 7 ـ ئايدىن 1953 ـ يىل 9 ـ ئايغىچە 40 ـ پولك 1 ـ باتالىيون ئاتلىق 2 ـ روتىنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى، 1953 ـ يىل 9 ـ ئايدىن 1954 ـ يىل 1 ـ ئايغىچە قومۇل شۆبە ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈمى تەشۋىقات ـ تەربىيە بۆلۈمىنىڭ ياردەمچىسى، 1954 ـ يىل 1 ـ ئايدىن 1955 ـ يىل 1 ـ ئايغىچە قومۇل شۆبە ھەربىي رايونى ئەسكەر قوبۇل

قىلىش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ.
ياسىنجان يارمۇھەممەت 1955 ـ يىل 5 ـ ئايدا ھەربىي سەپتىن يەرلىككە ئالمىشىپ، قومۇل ۋىلايەتلىك تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى ئىش بېجىرىش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان ماللارنى توپ تارقىتىش شىركىتىنىڭ دىرېكتورى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ. 1956 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپىغا يۆتكىلىپ، يەرلىك ماللار باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، كىرەكسىز بۇيۇملار شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى ۋە ئۇرۇمچى ناھىيە دىۋوپۇ گوڭشې پارتكومىتىنىڭ سېكرېتارى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ.
ياسىنجان يارمۇھەممەت «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا سول لۇشيەننىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ، جاپا ـ مۇشەققەتلىك كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرىدۇ. 1982 ـ يىل 4 ـ ئايدا ئۇنىڭ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، 1988 ـ يىل 4 ـ ئايغىچە ئاپتونوم رايونلۇق تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى تەمىنات ـ سودا مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ ئىشلەپ 4 ـ ئايدا دەم ئېلىشقا چىقىدۇ.
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە مىللىي ئارمىيەدىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى جەڭچىلەر ۋە بىر قىسىم ئوفىتسېرلار ساۋاتسىز بولۇپ، ياسىنجان ئۆزىنىڭ ئايلىق مائاشىدىن خىراجەت ئاجرىتىپ جەڭچىلەرگە دەپتەر ـ قەلەم ئېلىپ بېرىپ، كەچ كۈرس ئېچىپ، ئۈچ ئاي تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق كوماندىر ـ جەڭچىلەرنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ دىللىرىغا مەرىپەت نۇرىنى چاچىدۇ. پولك رەھبەرلىكى ياسىنجاننىڭ بۇ خىل ئالىيجاناب روھىدىن تەسىرلىنىپ، ئۇنىڭ بۇ ئىشىنى يۇقىرىغا دوكلات قىلىدۇ. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بىلەن مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق باش ئىشتابى ياسىنجاننىڭ يۇقىرىقىدەك تۆھپىسى ئۈچۈن 1948 ـ

يىل ئۇنى «ساداقەت» كومۇش مېدالى بىلەن مۇكاپاتلايدۇ. 1949 ـ يىل پۈتۈن ئارمىيە بويىچە سەۋىيە سىناش ئىمتىھانىدا ياسىنـ. جاننىڭ نەتىجىسى ئەلا بولغانلىقى ئۈچۈن يەنە «پىدائىيلىق» كومۇش مېدالى بىلەن مۇكاپاتلانغان بولسا، جۇڭخۇا خەلق جۇمـ. ھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇ يەنە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرـ. يىتى دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن «غەربىي شىمـ. الىنى ئازاد قىلىش» قاتارلىق مېداللار بىلەن مۇكاپاتلىنىدۇ.

ئۇ 2002 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى 75 يېشىدا كېـ. سەل سەۋەبى بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولغان.

## 27. ئىبراھىم رازىيېۋ



ئىبراھىم رازىيېۋ 1926 ـ يىلى پىچان ناھىيەسىنىڭ لەمجىن يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە باشلانغۇچ ۋە ئوتـ. تۇرا مەكتەپنى لەمجىندە ئوقۇغان. 1940 ـ يىلىدىن 1943 ـ يىلىغىچە ئۈرۈمچى مەدەـ. نىيەت كادىرلىرىنى تەربىيەلەش كۇرسىدا ئوقۇغاندىن كېيىن، 1944 ـ يىلىغىچە پىـ. چان ناھىيەلىك مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشـ. مىسىنىڭ ئىش بېجىرگۈچىسى، 1944 ـ يىلىدىن 1947 ـ يىلىغىچە پىچان ناھىيەلىك ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى ۋە ناھىيەلىك ج خ ئىدارىسى لەمجىن ساقچىخانىـ. سىنىڭ كادىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

ئىبراھىم رازىيېۋ 1947 ـ يىل 5 ـ ئايدا گومىنداڭ ئەكـ. سىيەتچىلىرىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى «پىچان يەر ئاستى ياشلار تەشكىلاتى»غا قاتنىشىپ، ئۆزىنىڭ بىلىم ـ سەۋىيەسىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن تەشكىلات ئەزالىرىنى تەربىيەـ. لەش، كېڭەيتىش جەھەتلەردە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

1947 ـ يىل 7 ـ ئايدا تۇرپان، پىچان، توقسۇن خەلقلىرىدـ.

نىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقى-غا قارشى قوزغىلاڭ پارتلايدۇ. «پىچان يەر ئاستى ياشلار تەشكىلاتى»نىڭ ئەزالىرى قوزغىلاڭغا ئاكتىپلىق بىلەن قاتنىشىدۇ. قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، تۇرپان، پىچان قوزغىلاڭچىلىرى تۇرپان ناھىيەسىنىڭ ھاكىمى ئابدۇراخمان مۇھىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىستراتېگىيەلىك چېكىنىپ، قوغلاپ كەلگەن دۈشمەنلەر بىلەن بىر قاتار قانلىق جەڭلەرنى قىلىپ، ئاخىرى غەلىبىلىك ھالدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مەركىزى بازىسى غۇلجىغا بېرىپ، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسىگە قوشۇلىدۇ.

تۇرپان، پىچان پارتىزانلىرى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسىگە قوشۇلغاندىن كېيىن، ئىبراھىم رازىيېف غۇلجا زاپاس پولكىغا بىۋاسىتە قاراشلىق تۇرپان ـ پىچان پارتىزانلىرى ئاساسىدا تەشكىللەنگەن قىلىچ ئىسكادرونىدا جەڭچى، ئىسكادرون كاتىپى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇ 5 ـ كورپۇس 14 ـ دىۋىزىيە 40 ـ پولك 3 ـ باتالىيوننىڭ تۇرپاندا تۇرۇشلۇق 9 ـ روتىسىنىڭ كاتىپى، 1950 ـ يىل 10 ـ ئايدىن 1953 ـ يىلىغىچە 40 ـ پولكنىڭ قومۇلدا تۇرۇشلۇق 3 ـ باتالىيون 8 ـ روتىسىنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى، 40 ـ پولك سىياسىي باشقارمىسىنىڭ تەشۋىقات ـ تەربىيەچىسى، 1953 ـ يىلدىن 1955 ـ يىلىغىچە ئۈرۈمچى شۆبە ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ ئىش بېجىرگۈچىسى، 1955 ـ يىلدىن 1957 ـ يىلىغىچە توقسۇن ناھىيەلىك ھەربىي خىزمەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، 1957 ـ يىلدىن 1963 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈمى كادىرلار بۆلۈمىنىڭ ياردەمچىسى، 1963 ـ يىلدىن 1964 ـ يىلىغىچە سانجى شۆبە ھەربىي رايونى قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ ئىشتاب ئوفىتسېرى، 1964 ـ يىلدىن 1976 ـ يىلىغىچە ماناس ناھىيەلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى

ئۆتكەن.

ئىبراھىم رازىيېۋ 1976 ـ يىلى ھەربىي سەپتىن يەرلىككە ئالمىشىپ، تورپان ۋىلايەتلىك خەلق بانكىسى مەركىزىي تارماق بانكىسى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، 1980 ـ يىلىدىن 1984 ـ يىل 2 ـ ئايغىچە تورپان ۋىلايەتلىك خەلق بانكىسى مەركىزىي تارماق بانكىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، 1984 ـ يىل 12 ـ ئايدىن تاكى ۋاپات بولغانغا قەدەر تورپان ۋىلايەتلىك خەلق بانكىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

ئىبراھىم رازىيېفنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئورۇشتا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بىلەن مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق ئىشتابى تەرىپىدىن «يىدائىيلىق» مېدالى بىلەن مۇكاپاتلانغان بولسا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن يەنە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن «غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىش» قاتارلىق مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان.

ئۇ راك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قېلىپ، 1987 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى 61 يېشىدا تورپاندا ۋاپات بولغان.

## 28. نۇرجان كەڭرىبەرگىن



نۇرجان كەڭرىبەرگىن (قازاق) 1925 ـ يىل 5 ـ ئايدا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى ياركەنت شەھىرىنىڭ سارنى ئۆزۈك مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. 1930 ـ يىل ئۇنىڭ ئائىلىسى سابىق ئىلى ۋىلايىتىنىڭ قورغاس ناھىيەسىگە كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. ئۇ ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنى قورغاستا ئوقۇغاندىن كېيىن، 1946 ـ يىل 10 ـ ئايغىچە ئائىلە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان.

نۇرجان كەڭرىبەرگىن 1946 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ، مىللىي ئارمىيەنىڭ ئوتتۇرا يۈنىلىش قىسىملىرى تەركىبىدىكى شىخو 1 ـ پولك 3 ـ باتالىيون 8 ـ روتىسىدا جەڭچى، روتىنىڭ زاپخوزى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن قومۇلدا تۇرۇشلۇق 3 ـ باتالىيون 8 ـ روتىنىڭ زاپخوزى، 1951 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 1952 ـ يىلى 5 ـ ئايغىچە 3 ـ باتالىيون 8 ـ روتىنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى، 1952 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن 1953 ـ يىلى 5 ـ ئايغىچە 3 ـ باتالىيون ئىشتابىنىڭ سىياسىي ئىش بېجىرگۈچىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن

نۇرجان كەڭرىبەرگىن 1953 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ھەربىي سەپتىن يەرلىككە ئالمىشىپ، 10 ـ ئايغىچە شىنجاڭ ئۆلكىلىك كادىرلار مەكتىپى سىياسىي كۇرسىدا ئوقۇغاندىن كېيىن، 1954 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە سابىق شىنجاڭ ئۆلكىلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى تەشكىللىگەن خىزمەت گۇرۇپپىسى تەركىبىدە موڭغۇلكۈرە، كونا قورغاس، دۆربىلجىن قاتارلىق جايلاردا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بىلەن ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنى قۇرۇش تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلەشكە قاتناشقان. 1954 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1965 ـ يىلى 8 ـ ئايغىچە ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى كاتىبات ئىشخانىسىنىڭ كەسپىي كاتىپى بولۇپ ئىشلىگەن.

نۇرجان كەڭرىبەرگىن 1965 ـ يىلى 8 ـ ئايدا كۈنەس ناھىيەلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىگە يۆتكىلىپ تەپتىش خادىمى بولۇپ ئىشلەپ، 1992 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ تەستىقى بىلەن مۇئاۋىن ھاكىم دەرىجىسى بىلەن دەم ئېلىشقا چىققان. ئۇ دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىن يەنە كۈنەس ناھىيەسىدىكى ئادۋوكاتلىق ئىش ئورۇنلىرىدا ئىشلەپ، دەۋاگەرلەرنىڭ تەكلىپ قىلىشى بى-

لەن دەۋا ـ دەستۇر ئىشلىرىغا قاتنىشىپ ئۆزىنىڭ رولىنى جا ـ رى قىلدۇرۇپ كەلگەن.

نۇرجان كەڭرىبەرگىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بىلەن مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق ئىشتابى تەرىپىدىن «پىدائىيلىق» مېدالى بىلەن مۇكاپاتلانغان بولسا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن «غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىش» قاتارلىق مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان.

ئۇ 2010 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى 85 يېشىدا كې ـ سەل سەۋەبى بىلەن كۈنەستە ۋاپات بولغان.

## 29. رەجەپ ۋاسىل



رەجەپ ۋاسىل (رەجەپ نۇر دەپمۇ ئاتى ـ لىدۇ) 1926 ـ يىلى تۇرپان شەھىرىنىڭ سىڭگىم يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنى يۇرتىدا ئوقۇغاندىن كېيىن، 1947 ـ يىل 7 ـ ئايغىچە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

رەجەپ ۋاسىل 1947 ـ يىل 7 ـ ئايدا گومىنداڭغا قارشى قوزغالغان تۇرپان قورال ـ لىق قوزغىلىڭىغا قاتناشقان. قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كې ـ يىن، قوزغىلاڭچى قوشۇن ھاكىم ئابدۇراخمان مۇھىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىستراتېگىيەلىك چېكىنىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىن ـ قىلابىنىڭ مەركىزىي بازىسى غۇلجىغا قاراپ يولغا چىققاندا، رەجەپ ۋاسىلمۇ قوزغىلاڭچى قوشۇن تەركىبىدە غۇلجىغا بارىدۇ.

تۇرپان، پىچان پارتىزانلىرى غۇلجىغا بارغاندىن كېيىن، مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق ئىشتابى 1947 ـ يىل 8 ـ ئايدىن 11 ـ ئايغىچە كۈنەس ناھىيەسىنىڭ ئارالتۆپە يېزىسىدا ـ

كى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئۈچ ئايلىق تۇرپان، پىچان پارتىزانلىد-
رىنى تەربىيەلەش كۇرسى ئاچىدۇ. رەجەپ ۋاسىل بۇ كۇرستا
ئوقۇغاندىن كېيىن، 1948 - يىل 1 - ئايغىچە غۇلجا زاپاس
پولكىنىڭ تۇرپان، پىچان پارتىزانلىرى ئاساسىدا قۇرۇلغان قى-
لىچ ئىسكادىرونىدا جەڭچى بولۇپ ئىشلەيدۇ. 1948 - يىل 1 -
ئايدىن 1949 - يىل 6 - ئايغىچە مىللىي ئارمىيە باش قو-
ماندانلىق ئىشتابى باياندايدا ئاچقان ھەربىي مەكتەپنىڭ تېببىي
كۇرسىدا ئوقۇغاندىن كېيىن، يەنە ئۆزى تۇرۇشلۇق پولكتا
ئىسكادىرون سانىتارى بولۇپ ئىشلەيدۇ.
جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇ قو-
مۇلدا تۇرۇشلۇق 3 - باتالىيون 8 - روتىنىڭ سانىتارى بولۇپ
ئىشلەيدۇ. 1952 - يىل 2 - ئايدا 3 - باتالىيون تەركىبىدە
غۇلجا سۇيدۇڭگە بېرىپ چوڭ ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتىگە قات-
نىشىدۇ.
رەجەپ ۋاسىل 1953 - يىل ھەربىي سەپتىن يەرلىككە ئال-
مىشىپ، 1957 - يىلغىچە پىچان، گۇچۇڭ، توقسۇن ناھىيەلىك
خەلق دوختۇرخانىلىرىدا دوختۇر، 1957 - يىل تۇرپان سىڭگىم
يېزىلىق دوختۇرخانىغا يۆتكىلىپ تاكى ۋاپات بولغانغا قەدەر
سىڭگىم دوختۇرخانىسىدا دوختۇر بولۇپ ئىشلەيدۇ.
رەجەپ ۋاسىل ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئۇرۇشتا
كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈ-
مىتى بىلەن مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق ئىشتابى تەرىپى-
دىن «پىدائىيلىق» مېدالى بىلەن مۇكاپاتلانغان بولسا، جۇڭخۇا
خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن دۆلەت مۇداپىئە مى-
نىستىرلىقى تەرىپىدىن «غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىش» قاتار-
لىق مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان.
ئۇ 1976 - يىل 10 - ئاينىڭ 13 - كۈنى 50 يېشىدا
كېسەل سەۋەبى بىلەن يۇرتى سىڭگىم يېزىسىدا ۋاپات بولغان.

## 30. بىموللا دۆلەتباي



بىموللا دۆلەتباي (قازاق، قابدۇللا دەپمۇ ئاتىلىدۇ) 1926 ـ يىلى تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى قاراشىلىق تولى ناھىيەسىنىڭ دوم ئورمانلىقىدا تۇغۇلغان. ئوقۇش يېشىغا توشقاندا باشلانغۇچ مەكتەپنى يۇرتىدا ئوقۇغاندىن كېيىن، ئائىلە ئىشلىرىغا ياردەملەشكەن. 1946 ـ يىلى يىل بېشىدا چۆچەكتە ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق قىشلىق ئۆزۈنغا يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدە ئۇ بىر باينىڭ ئوغلىنىڭ ئورنىدا ئۆزۈنغا يۈگۈرۈش مۇسابىقىگە قاتنىشىپ، دۆربىلجىن ناھىيەسىدىن چۆچەك شەھىرىنىڭ «قىزىلمۆيگىن» دېگەن يېرىگىچە ئۆزۈنغا يۈگۈرۈپ بارلىق رىقابەتچىلىرىنى يېڭىپ بىرىنچى بولىدۇ.

بىموللا دۆلەتباي 1946 ـ يىل 10 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ، مىللىي ئارمىيەنىڭ ئوتتۇرا يۆنىلىش قىسىملىرى تەركىبىدىكى يەنسىخەيدە تۇرۇشلۇق تارباغاتاي پولكىدا جەڭچى، مۇئاۋىن ئودلىنىيە كوماندىرى، ئودلىنىيە كوماندىرى ۋە روتىنىڭ كاتىپى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1947 ـ يىل 11 ـ ئايدا ئۆزى تۇرۇشلۇق پولك تەركىبىدە قالىبېك، تاكمان باندىتلىرىنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتىش ئۇرۇشىغا قاتناشقان.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇ قوشۇلدا تۇرۇشلۇق 3 ـ باتالىيون 8 ـ روتىسىنىڭ كاتىپى، 8 ـ روتا 1 ـ ئىنژۋوتىنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى، 1952 ـ يىل 3 ـ ئايدىن 1954 ـ يىل 4 ـ ئايغىچە 8 ـ روتا 1 ـ ئىنژۋوتىنىڭ كوماندىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەش بىلەن بىللە پولك تەركىبىدە غۇلجا سۇيدۇڭغا بېرىپ چوڭ ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتىگە قاتناشقان. ئۇ 1954 ـ يىل 4 ـ ئايدىن 1960 ـ يىل

4 ـ ئايغىچە شىنجاڭ ھەربىي رايونىغا بىۋاسىتە قاراشلىق مۇستەقىل 4 ـ ئاتلىق پولكتا مۇئاۋىن روتا كوماندىرى، روتىنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى، روتا كوماندىرى، مۇئاۋىن باتالىيون كوماندىرى ۋە باتالىيون كوماندىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۇ بۇ مەزگىلدە 1956 ـ يىلىدىن 1958 ـ يىلىغىچە مۇستەقىل 4 ـ ئاتلىق پولك تەركىبىدىكى بىر ئىزۋوت جەڭچىگە قوماندانلىق قىلىپ، شۇ ۋاقىتتىكى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزىنى مۇھاپىزەت قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. 1958 ـ يىلىدىن 1959 ـ يىلىغىچە ئاپتونوم رايون تەشكىللىگەن خىزمەت گۇرۇپپىسى تەركىبىدە تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ دۆربىلجىن ناھىيەسىگە بېرىپ ئىستىل تۈزىتىش خىزمىتىگە قاتناشقان ۋە ئۇيغۇرچە تىل ـ يېزىقنى پۇختا بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئۆگىنىشكە قاتناشقان ئۇيغۇر سىنىپى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ سېكرېتارى بولغان.

بىموللا دۆلەتباي 1960 ـ يىل 4 ـ ئايدىن 1966 ـ يىل 5 ـ ئايغىچە تارباغاتاي ۋىلايىتىگە قاراشلىق قوبۇقسار ناھىيەلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، قوراللىق بۆلۈم پارتكومىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ بۇ مەزگىلدە 1960 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ يولىيورۇقىغا ئاساسەن بېيجىڭدا چاقىرىلغان مەملىكەت بويىچە توققۇز ئۆلكىدىن كەلگەن مۇئاۋىن پولك دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئوفىتسېرلارنى تەربىيەلەش بويىچە 5 ـ قېتىملىق ھاۋا ئارمىيە كۇرسىغا قاتناشقان. ئۇ يەنە 1964 ـ يىل ئاپتونوم رايوندىن ئەۋەتىلگەن كادىر تۇرسۇن ئابدۇللانىڭ باشچىلىقىدا قوبۇقسار ناھىيەسىدىن خىزمەت گۇرۇپپىسى بولۇپ تولى ناھىيەسىنىڭ قىزىل بايراق گۇڭشېسىدا ئېلىپ بېرىلغان سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىگە قاتناشقان. ئۇ 1966 ـ يىل 5 ـ ئايدىن 1976 ـ يىل 10 ـ ئايغىچە ساۋەن ناھىيەلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، قوراللىق بۆلۈم

پارتكومىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆ ـ تىگەن. ئۇنىڭ سالامەتلىكى ياخشى بولمىغاچقا 1976 ـ يىل 10 ـ ئايدا 50 يېشىدا دەم ئېلىشقا چىقىپ، تولى ناھىيەسىگە كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلاشقان.

بىموللا دۆلەتباي «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا سولچىل لۇشيەنىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ خاتا قولغا ئېلىنىپ، 1969 ـ يىلىدىن 1971 ـ يىلىغىچە سابىق شىمالىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى تۈرمىسىگە قامالغان، 1971 ـ يىلى ئۇنىڭغا بېـ ـرىلگەن جازا بىكار قىلىنىپ تەلتۆكۈس ئاقلىنىپ نامى ئەسلە ـ گە كەلتۈرۈلگەن.

بىموللا دۆلەتباي ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدا ئۇرۇشتا كۆرسەتـ ـكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقىتلىق ھۆ ـ كۈمىتى بىلەن مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق ئىشتابى تەرد ـ پىدىن «باتۇرلۇق» مېدالى بىلەن مۇكاپاتلانغان بولسا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن دۆلەت مۇداپىئە مىـ ـنىستىرلىقى تەرىپىدىن «غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىش» قاتار ـ لىق مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان.

ئۇ 1984 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى كېسەل سەۋەبى بىـ ـلەن 58 يېشىدا تولى ناھىيەسىدە ۋاپات بولغان.

## 31. ئالىم غازى



ئالىم غازى (قازاق) 1934 ـ يىل 11 ـ ئايدا تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ دۆربىلجىن نا ـ ھىيەسىدە تۇغۇلغان. 1942 ـ يىل 9 ـ ئاي ـ غىچە ئائىلە تەربىيەسىدە بولغان. 1942 ـ يىل 9 ـ ئايدىن 1949 ـ يىل 7 ـ ئايغىچە يۇرتىدا باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنى ئو ـ قۇغان.

ئالىم غازى 1949 ـ يىل 10 ـ ئايدا

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ، مىللىي ئارمىيەنىڭ ئوتتۇرا يۈنىلىش قىسىملىرى تەركىبىدىكى شىخو 1 ـ پولكىدا ئەسكەر بولۇپ ئىشلىگەن.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1953 ـ يىل 3 ـ ئايغىچە قومۇلدا تۇرۇشلۇق 3 ـ باتالىيون (3 ـ باتالىيون 1952 ـ يىل 1 ـ ئايدا ئۈرۈمچىگە يۆتكەلگەن) 8 ـ روتىسىدا جەڭچى، 8 ـ روتىنىڭ زاپخوزى، 1953 ـ يىل 3 ـ ئايدىن 1954 ـ يىل 4 ـ ئايغىچە 5 ـ كورپۇس 14 ـ دىۋىزىيە سەنئەت ئۆمىكىدە ئارتىس، 1954 ـ يىل 4 ـ ئايدىن 1957 ـ يىل 9 ـ ئايغىچە شىنجاڭ ھەربىي رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق مۇستەقىل 4 ـ ئاتلىق پولك قوماندانلىق ئىشتابىدا ئوفىتسېر بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ 1957 ـ يىل 9 ـ ئايدىن 1960 ـ يىل 9 ـ ئايغىچە شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ جۇڭگو تىلى فاكۇلتېتىدا ئوقۇغاندىن كېيىن، 1984 ـ يىل 4 ـ ئايغىچە ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى قوماندانلىق ئىشتابى تەرجىمە باشقارمىسىدا تەرجىمان ۋە تەرجىمە باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

ئالىم غازى 1984 ـ يىل 4 ـ ئايدا ھەربىي سەپتىن يەرلىككە ئالمىشىپ، 1996 ـ يىل 1 ـ ئايغىچە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى باشقۇرۇشىدىكى «ياچېيكا تۇرمۇشى» ژۇرنىلى تەھرىراتىدا مۇھەررىر بولۇپ، مۇئاۋىن باشقارما دەرىجىلىك كاندىدات باش مۇھەررىر ۋە باشقارما دەرىجىلىك باش مۇھەررىر ئۇنۋانلىرىنى ئالغان. شۇ يىلى 11 ـ ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان.

ئالىم غازى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن «غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىش» قاتارلىق مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان.

ئۇ 1999 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى كېسەل سەۋەبى بىلەن 65 يېشىدا ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولغان.

## 32. زاھىر باقى



زاھىر باقى 1923 ـ يىلى 3 ـ ئايدا قومۇل شەھىرىنىڭ پالۋانتۇر يېزىسى غولئېرىق كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1937 ـ يىلى 9 ـ ئايغىچە ئائىلە تەربىيەسىدە بولغان. 1937 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1940 ـ يىلى 1 ـ ئايغىچە قومۇل ناھىيە پالۋانتۇر يېزا دۆربەجىن مەكتەپتە باشلانغۇچنى تۈگەتكەن. 1940 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 7 ـ ئايغىچە قومۇل ناھىيەلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ئاچقان ئوقۇتقۇچىلارنى يېتىشتۈرۈش كۇرسىدا ئوقۇغاندىن كېيىن، ئىدىر، باغداش قاتارلىق جايلاردا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان.

زاھىر باقى 1944 ـ يىلى 6 ـ ئايدا گومىنداڭنىڭ قومۇل چاھارباغدىكى ئايروپىلان ماي پونكىتى ساقلايدىغان تەۋەككۇل پەيجاڭ (ئاقسۆلۈق) قوماندانلىقىدىكى مىللىي ئىزۋوتقا ئەسكەرلىككە تۇتۇلغان. ئارىدىن بىر ئاي ئۆتۈپ 7 ـ ئايدا ئالتايدىكى ئوسمان ئىسلام شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈردى. شىڭ شىسەي ئوسمان ئىسلامغا تاقابىل تۇرۇپ، باركۆلنىڭ مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن قومۇلدىن باركۆلگە ئەسكەر يۆتكەيدۇ، شۇ قاتاردا تەۋەككۇل پەيجاڭ قوماندانلىقىدىكى مىللىي ئىزۋوتمۇ باركۆلگە يۆتكىلىدۇ. كېيىن، ئالتايغا ئالدىنقى سەپكە ئۇرۇشقا ئەۋەتىلىدۇ، ئۇرۇشتا ئوسمان ئىسلام تەرەپ غەلىبە قىلىپ، زاھىر باقىلار ماناسقا چېكىنىپ كېلىپ مۇداپىئەدە تۇرىدۇ.

1945 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسىنىڭ ئوتتۇرا يۆنىلىش قىسىملىرى شىخونى ئازاد قىلغاندىن كېيىن، گومىنداڭ قىسىملىرىنى قوغلاپ ماناس دەرياسىنىڭ غەربىگە

يېتىپ كەلگەندە يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن دەريانىڭ غەربىدە مۇداپىئەدە تۇرىدۇ. زاھىر باقى 12 نەپەر جەڭچىدىن تەركىب تاپقان ئۆز قوماندانلىقىدىكى بىر ئوددىنيە جەڭچى بىلەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچى قوشۇنىدىن ئايرىلىپ، ئىنقىلابىي سەپكە — مىللىي ئارمىيە تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىشنى پىلانلايدۇ. 1946 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى زاھىر باقى قوماندانلىقىدىكى 12 نەپەر جەڭچى كېچىدە ماناس دەرياسىغا سەكرەيدۇ، دەريادىن ئۆتۈۋاتقاندا ئىككى جەڭچىنى سۇ ئېقىتىپ كېتىدۇ، قالغان ئون جەڭچى سالامەت دەريادىن ئۆتۈپ ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسىگە قوشۇلىدۇ.

زاھىر باقى مىللىي ئارمىيە سېپىگە قوشۇلغاندىن كېيىن، دەسلەپ جىڭ ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى قىسمىدا ئىنزۋوت كوماندىرى بولۇپ ئىشلەپ، كېيىن مىللىي ئارمىيەنىڭ ئوتتۇرا يۆنىلىش قىسىملىرى تەركىبىدىكى يەنىسخەيدە تۇرۇشلۇق غۇلجا ئازاد نىشانلىق 2 - پولك 3 - باتالىيون 7 - روتىسىدا ئىنزۋوت كوماندىرى بولۇپ ئىشلەيدۇ. 1947 - يىل 11 - ئايدا ئۇ ئۆزى تۇرۇشلۇق پولك تەركىبىدە قالىبېك، تاكمان باندىتلىرىنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتىش ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ ئوڭ بىقىنىغا ئوق تېگىپ يارىلىنىدۇ.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇ قومۇلدا تۇرۇشلۇق 3 - باتالىيون 7 - روتىنىڭ زاپاس ئىنزۋوت كوماندىرى، 7 - روتا 1 - ئىنزۋوتنىڭ كوماندىرى، قومۇل ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى چوڭ ئەترىتى 2 - ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ.

زاھىر باقى 1957 - يىل 4 - ئايدا ھەربىي سەپتىن يەرلىككە ئالمىشىپ سابىق قومۇل ناھىيەلىك يېمەكلىكلەر شىركىتىدە ئىشلەپ، شۇ يىلى 10 - ئايدا باركۆل ناھىيەسىگە يۆتكىلىپ ناھىيەلىك يېمەكلىكلەر شىركىتىدە كادىر، سارچوقا تەمىنات - سودا كوپېراتىپىنىڭ مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى

ئۆتەيدۇ. ئۇ 1976 ـ يىلى 7 ـ ئايدا قومۇل ناھىيەلىك تاشقى سودا ئىدارىسى چاي ـ چارۋا مەھسۇلاتلىرى شىركىتىگە يۆتكە-لىپ ئىشلەپ، 1983 ـ يىلى 3 ـ ئايدا دەم ئېلىشقا چىققىدۇ.

زاھىر باقى گومىنداڭ قوشۇنىدىن بىر ئودلىنىيە جەڭچىنى باشلاپ ئىنقىلابىي سەپكە ئۆتكەنلىك تۆھپىسى ئۈچۈن ئۈچ ۋىلا-يەت ئىنقىلابىي ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بىلەن مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق ئىشتابى تەرىپىدىن «پىدائىيلىق»، ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن «باتۇرلۇق» مېداللىرى بىلەن مۇكاپاتلانغان بولسا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن يەنە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن «غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىش» قاتار-لىق مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان.

ئۇ 1996 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى 73 يېشىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن قومۇل شەھىرىدە ۋاپات بولغان.

## 33. مامۇت ئابدۇروسۇلوف



مامۇت ئابدۇروسۇلوف (مەخمۇت ئابدۇ-روسۇلوف دەپمۇ ئاتىلىدۇ) 1926 ـ يىلى غۇلجا ناھىيەسىنىڭ ماي يېزىسى كىچىك توقفۇزتارا كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1934 ـ يىلى 9 ـ ئايغىچە ئائىلە تەربىيەسىدە بولغان. 1934 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1938 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە يۇرتىدا باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغاندىن كېيىن، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

مامۇت ئابدۇروسۇلوف 1944 ـ يىلى گومىنداڭغا مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇپ، 1945 ـ يىلى 1 ـ ئايدا غۇلجا شەھىرى پارتىزانلار تەرىپىدىن ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن پارتىزانلار سېپىگە قوشۇلۇپ، قولىدىكى قورالنىڭ ئۇچىنى كەينىگە —

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قاراتقان.

ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ مىللىي ئارمىيەنىڭ ئوتتۇرا يۆنىلىش قىسىملىرى تەركىبىدىكى سۋىدوك 1 ـ ئاتقۇچىلار پولكى تەركىبىدە چەپەيزە، شىخو قاتارلىق جايلارنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىغا قاتناشقان. ئۇ سۋىدوك 1 ـ ئاتقۇچىلار پولكى 3 ـ باتالىيون 7 ـ روتا 1 ـ ئىنزۋوتتىدا جەڭچى، مۇئاۋىن ئودلىنىيە كوماندىرى، ئودلىنىيە كوماندىرى، مۇئاۋىن ئىنزۋوت كوماندىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن

مامۇت ئابدۇروسۇلوف تالانتلىق ھەم چېچەن ئادەم بولغاچقا، يەنىسخەيدە بىر قېتىم كېچىدە ۋەزىپە ئۆتەۋاتقاندا تىمىسقىلاپ كەلگەن بىر «ئىشپىيون»نى تۇتۇۋېلىپ ئۇنى ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ روتا ئىشتابىغا كېلىپ، ئىنزۋوت كوماندىرىغا ئەھۋالنى دوكلات قىلىدۇ. بۇ ئەھۋال دەرھال روتا، باتالىيون ۋە پولك كوماندىرلىرىغا دوكلات قىلىنىدۇ. پولك كوماندىرى روتا ئىشتابىغا كېلىپ مامۇت تۇتۇۋالغان «ئىشپىيون»نى كۆرۈپ چۆچۈپ كېتىپ، مامۇت ئابدۇروسۇلوفقا «سەن ئەپەندىمنى تونۇمىدىڭمۇ؟» دەپ ئۇنى ئەيىبلەيدۇ. بۇ «ئىشپىيون» ئەسلىدە ئەخمەتجان قاسىمى بولۇپ، ئۇ ئالدىنقى سەپتىكى قىسىملارنىڭ خىزمەت ئەھۋالىنى تەكشۈرگەچ پوستلارنىڭ ھوشيارلىقىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن ئاتايىتەن «ئىشپىيون» قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ تىمىسقىلاپ كەلگەن ئىكەن. ئەخمەتجان قاسىمى شۇ مەيداندا پولك كوماندىرىغا: «سىز بۇ جەڭچىنى ئەيىبلەشنىڭ ئورنىغا تەقدىرلىشىڭىز كېرەك، چۈنكى بىزنىڭ كوماندىر ـ جەڭچىلىرىمىز مامۇت ئابدۇروسۇلوفتەك ھوشيار بولغاندىلا ئازاد رايوندىكى خەلقىمىز خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرەلەيدۇ» دەپ بارلىق كوماندىر ـ جەڭچىلەرنىڭ ئالدىدا مامۇت ئابدۇروسۇلوفنى تەقدىرلىگەن.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇ قوشۇلدا تۇرۇشلۇق 3 ـ باتالىيون 7 ـ روتا 1 ـ ئىنزۋوتىنىڭ مۇ-

ئاۋىن كوماندىرى، 1 ـ ئىزۋوتنىڭ مۇۋەققەت كوماندىرى ۋە كوماندىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۇنىڭ قومۇلدىكى باندىت تازىلاش ئۇرۇشىدا كۆرسەتكەن تۆھپىسى ئۇچۇن 1952 ـ يىل 5 ـ كورپۇس ئىشتابى ئاچقان قەھرىمان ـ نەمۇنىچىلارنى مۇكاپاتلاش يىغىنىدا مامۇت ئابدۇروسۇلوف «1ـ دەرىجىلىك كۆرەش قەھرىمانى» بولۇپ مۇكاپاتلانغان ھەمدە ئۇنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى گېزىتتە تۆۋەندىكىدەك تونۇشتۇرۇلغان:

«كۆرەش قەھرىمانى مامۇت ئابدۇروسۇلوف، ئۇيغۇر، غۇلجا شەھرىدە يالالنما دېھقان ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان. 1944 ـ يىلى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىگە قوشۇلغان. ھازىر 14 ـ دىۋىزىيە 40 ـ پولك 3 ـ باتالىيونىدا ئىزۋوتلۇق(مۇئاۋىن ئىزۋوت كوماندىرلىق) ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتىدۇ. ئۇ ئارمىيە سېپىدە شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى باندىت ئوسمانغا قارشى كۆرەش سەپلىرىدە بولدى. بىرىنچى قېتىم توققۇز نەپەر جەڭچىگە رەھبەرلىك قىلىپ، ئارقا سەپنى ساقلاشقا مەسئۇل بولۇپ ۋەزىپىنى بەجانىدىل ئورۇندىدى.

ئۇ ئودلىنىيەسى بىلەن دۈشمەننىڭ مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ قالغاندا مۇھاسىرىنى قەھرىمانلىق بىلەن بۆسۈپ چىققان. نەتىجىدە ئۇنىڭ ئودلىنىيەسىدىن تۆت نەپەر جەڭچى «1 ـ دەرىجىلىك كۆرەش قەھرىمانى»، ئىككى نەپەر جەڭچى «2 ـ دەرىجىلىك كۆرەش قەھرىمانى» بولۇپ باھالانغان. ئۇرۇشتىن كېيىن ئۇنىڭ ئودلىنىيەسى ئۆگىنىش ۋە تەربىيەدە «نەمۇنىلىك ئودلىنىيە» دېگەن نامغا ئېرىشكەن. شۇندىن كېيىن ئۇ ئودلىنىيە كوماندىرلىقىدىن مۇئاۋىن ئىزۋوت كوماندىرلىقىغا ئۆستۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ئىزۋوتىدىن 13 نەپەر جەڭچى «قەھرىمان ـ نەمۇنىچى» بولۇپ باھالانغان. قىشلىق تەلىم ـ تەربىيەدە ئۇنىڭ ئىزۋوتىدىكى بارلىق جەڭچىلەر ساۋاتىنى چىقىرىپ بولغان».

مامۇت ئابدۇروسۇلوف 1953 ـ يىل 8 ـ ئايدا ھەربىي سەپتىن يەرلىككە ئالمىشىپ سابىق ئىلى ۋىلايىتى غۇلجا ناھىيەسى

ماي يېزىسىدا كادىر بولۇپ ئىشلىگەن. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلا-
بى»دا ئۇ سول لۇشيەنىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ يۇرتى توق-
قۇز تارا كەنتىگە چۈشۈرۈۋېتىلگەن ۋە 1978 - يىلىغىچە چوڭ
ئەترەت باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن. 1978 - يىلىنىڭ ئاخىرى
ئۇنىڭ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، غۇلجا ناھىيەلىك خەلق
دوختۇرخانىسىنىڭ زاپخوزى، ناھىيەلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنى-
لىرى بۆلۈمىنىڭ كادىرى، يېزا ئىگىلىك بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن
باشلىقى ۋە باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ، 1982 - يىل
9 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان.

مامۇت ئابدۇروسۇلوف ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدا ئۇرۇشتا
كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقىت-
لىق ھۆكۈمىتى بىلەن مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق ئىشتا-
بى تەرىپىدىن «پىدائىيلىق»، «باتۇرلۇق» قاتارلىق مېداللار بىلەن
مۇكاپاتلانغان بولسا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن
كېيىن يەنە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دۆلەت مۇداپىئە مى-
نىستىرلىقى تەرىپىدىن «غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىش» قاتار-
لىق مېدالالار بىلەن مۇكاپاتلانغان.

ئۇ 1995 - يىل 3 - ئاينىڭ 4 - كۈنى 69 يېشىدا كېسەل
سەۋەبى بىلەن يۇرتىدا ۋاپات بولغان.

### 34. يەھيا ئىمىن



يەھيا ئىمىن 1926 - يىل 12 - ئايدا
قومۇل شەھىرىنىڭ تەڭرىتاغ يېزىسى نېرىن
كەنتىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئائىلىسى قومۇل
ۋاڭى شاھ مەخسۇتنىڭ زۇلۇمىدىن قېچىپ
قاراشەھەرگە، كېيىن خوجىنىياز ھاجى بى-
لەن بىللە ئۈرۈمچىگە چىقىپ ئولتۇراقلى-
شىپ قالىدۇ. يەھيا ئىمىن 1934 - يىل 9 -
ئايدىن 1937 - يىل 7 - ئايغىچە ئۈرۈمچى

شەھەرلىك 6 ـ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغاندىن كېيىن، 1939 ـ يىل 8 ـ ئايدىن 1943 ـ يىلىغىچە ئۇرۇمچى تۇدۇڭخابادىكى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئايروپىلان زاۋۇتىدا، 1943 ـ يىلىدىن 1945 ـ يىلىغىچە ئۇرۇمچى مويكىسىدا، 1945 ـ يىلىدىن 1946 ـ يىلىغىچە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قومۇل شىڭشىڭشيادىكى مويكىسىدا ئىشلىگەن.

1946 ـ يىل 8 ـ ئايدا قومۇلنىڭ شىمالىدىكى كۆشۆتە تاغ ئېغىزىدا سىپىت باتۇر، ئوسمانباي باتۇرلارنىڭ رەھبەرلىكىدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ چېكىدىن ئاشقان زۇلمىغا قارشى قوزغىلاڭ پارتلىغاندا، يەھيا ئىمىن شىڭشىڭشيادىن قومۇلغا چىقىپ، ئاچىسى رازىخان، ئۇكىسى ئېلى ئىمىن (1928 ـــ 2010) قاتارلىق كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە قوزغىلاڭغا قاتناشقان. كېيىن قوزغىلاڭ سۆھبەت ئارقىلىق تىنچلىق بىلەن ھەل قىلىنغاندىن كېيىن، يەھيا ئىمىن ئۇرۇمچىگە چىقىپ كېتىدۇ. ئۇ 1946 ـ يىل 12 ـ ئايدا غۇلجىغا بېرىپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان. 1947 ـ يىل 1 ـ ئايدىن 1948 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق ئىشتابى باياندايدا ئاچقان ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇغاندىن كېيىن، مىللىي ئارمىيەنىڭ ئوتتۇرا يۆنىلىش قىسىملىرى تەركىبىدىكى يەنىسخەيدە تۇرۇشلۇق 2 ـ پولك 3 ـ باتالىيوندا مۇئاۋىن ئىنژۋوت كوماندىرى ۋە ئىنژۋوت كوماندىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1948 ـ يىل 8 ـ ئايدا مىللىي ئارمىيەنىڭ ئوتتۇرا يۆنىلىش قىسىملىرى تەركىبىدىكى يەنىسخەيدە تۇرۇشلۇق غۇلجا ئازاد نىشانلىق 2 ـ پولكىغا يۆتكىلىپ، 3 ـ باتالىيون 8 ـ روتىدا ئىنژۋوت كوماندىرى بولۇپ ئىشلىگەن.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇ قومۇلدا تۇرۇشلۇق 3 ـ باتالىيون 7 ـ روتىنىڭ زاپاس ئىنژۋوت كوماندىرى، 7 ـ روتا 2 ـ ئىنژۋوتىنىڭ كوماندىرى، قومۇل ۋىلا-

يەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى چوڭ ئەترىتى 3 - ئوتتۇرا ئەتىرىتىنىڭ[1] مۇئاۋىن باشلىقى، قومۇل ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى چوڭ ئەترىتى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئەترىتىدە شۆبە ئەترەت باشلىقى، شىخەنزە 8 - دىۋىزىيە 2 - پولكتا شۆبە ئەترەت باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

يەھيا ئىمىن 1957 - يىل 1 - ئايدا جامائەت خەۋپسىزلىكى قىسمىدىن يەرلىككە ئالمىشىپ، سابىق قومۇل ناھىيەلىك يېزا ئىگىلىك بۆلۈمىدە ئىشلەپچىقىرىش خادىمى، قومۇل ناھىيە تەگرىتاغ گۆڭشېسىدا كادىر، قومۇل ناھىيەلىك تاشقى سودا ئىدارىسىدە پىرىكازچىك قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ، 1983 - يىلى دەم ئېلىشقا چىققان.

يەھيا ئىمىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن «پىدائىيلىق» مېدالى بىلەن مۇكاپاتلانغان بولسا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن «غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىش» قاتارلىق مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان.

ئۇ 1988 - يىل 10 - ئاينىڭ 13 - كۈنى 62 يېشىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن قومۇل شەھىرىدە ۋاپات بولغان.



## 35. يۈسۈپجان ئوسمانوف

يۈسۈپجان ئوسمانوف 1929 - يىل 3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى سابىق ئىلى ۋىلايىتىگە قاراشلىق قورغاس ناھىيە سۈيدۈڭ بازىرى بەشكىرەم كوچىسىدا تۇغۇلغان. 1939 - يىل

[1] ھازىرقى ئاراتۇرۇك ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى.

9 ـ ئايغىچە ئائىلە تەربىيەسىدە بولغان، 1939 ـ يىل 9 ـ ئايدىن 1944 ـ يىل 7 ـ ئايغىچە سۈيدۈڭدىكى «خەيرىيە مەكتەپ» تە باشلانغۇچتا ئوقۇغاندىن كېيىن، 11 ـ ئايغىچە ئائىلە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان.

يۈسۈپجان ئۇسمانوف 1944 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ، سۈيدۈڭ پارتىزانلىرى[1] تەركىبىدە لوسىگوڭ، چىڭسىخوزا، چىلپەڭزى، غۇلجا، ھەرەمباغ، لياڭشاڭ قاتارلىق جايلارنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان.

ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ مىللىي ئارمىيەنىڭ ئوتتۇرا يۆنىلىش قىسىملىرى تەركىبىدىكى سۈيدۈڭ بىرىنچى ئاتقۇچىلار پولكى 2 ـ باتالىيون 5 ـ روتا 2 ـ ئىنژۋوت 3 ـ ئودلېنىيە تەركىبىدە چەپەيزى، كونا شىخو، ساۋەن، مايتاغ، يەنسىخەي، شىخەنزى قاتارلىق جايلارنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. ئۇ سۈيدۈڭ بىرىنچى ئاتقۇچىلار پولكىدا جەڭچى، مۇئاۋىن ئودلېنىيە كوماندىرى، ئودلېنىيە كوماندىرى، مۇئاۋىن ئىنژۋوت كوماندىرى، ئىنژۋوت كوماندىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1947 ـ يىل 11 ـ ئايدا ئۆزى تۇرۇشلۇق پولك تەركىبىدە قالىبېك، تاكمان باندىتلىرىنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتىش ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ يارىلانغان[2].

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن 5 ـ كورپۇس 14 ـ دىۋىزىيە 40 ـ پولك 2 ـ باتالىيون 5 ـ روتا 2 ـ ئىنژۋوتنىڭ كوماندىرى، 40 ـ پولكنىڭ قومۇلدا تۇرۇشلۇق 3 ـ باتالىيون 7 ـ روتا 2 ـ ئىنژۋوتنىڭ ئىنژۋوت دەرىجىلىك مۇئاۋىن كو-

---

[1] پارتىزان باشلىقلىرى مەغپىروف تىكرە، موگىتنوۋ، جىرنوف قاتارلىقلار ئىدى.

[2] بىر گىرانات ئۇچۇپ كېلىپ يۈسۈپجان ئۇسمانوفنىڭ ئىڭىكىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە تېگىپ يەرگە چۈشكەن ھامان ئۇ گىراناتنى ئېلىپ يىراققا تاشلىۋەتكەن، گىرانات يەرگە چۈشۈش بىلەن پارتلىغان، يەنە بىر پاي ئوق ئۇنىڭ پۇتىنى سۈرۈپ ئۆتۈپ كەتكەن، چەپەيزىدىكى ئۇرۇشتا گىرانات پارچىسى ئۇنىڭ سول قولىقىغا تېگىپ يارىلانغان.

ماندىرى، 1951 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن 1952 ـ يىلى 2 ـ ئايغىچە 2 ـ ئىزۋوتىنىڭ كوماندىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ، قو-
مۇل، باركۆل، ئاراتۈرۈك ۋە 1952 ـ يىلى 1 ـ ئايدا قومۇلدىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ چىققاندىن كېيىن جەنۇبىي تاغ (نەنسەن)، شەرقىي تاغ (دوڭسەن) قاتارلىق جايلاردا باندىت تازىلاش ئۇرۇشلى-
رىغا قاتناشقان. يۇسۇپجان ئوسمانوف 2 ـ باتالىيون كوماندىرى مۇقشى ياقۇپوف[1] (سالار، 1924 — 1974) نىڭ بۇيرۇقى بىلەن 50 نەپەردىن ئارتۇق جەڭچىگە قوماندانلىق قىلىپ مىچۈەن ناھىيە-
سىنىڭ سەندوبا دېگەن يېرىگە بېرىپ، گومىنداڭنىڭ بىر روتا[2] ئەسكىرىنى ئەسىر ئېلىپ خىزمەت كۆرسەتكەن.

1952 ـ يىلى 2 ـ ئايدا 40 ـ پولك سۈيدۇڭگە يۆتكەلگەندىن كېيىن، ئۇ 1952 ـ يىلىغىچە 1 ـ باتالىيون 1 ـ ، 2 ـ روتى-
نىڭ كوماندىرى، 1952 ـ يىلىدىن 1955 ـ يىلىغىچە 3 ـ با-
تالىيون 16 ـ روتىنىڭ كوماندىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتى-
گەن. 1955 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1958 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە شىنجاڭ «بىرىنچى ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىدا ئاگرونوملۇق كەسپىدە ئوقۇغان.

يۇسۇپجان ئوسمانوف 1964 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ھەربىي سەپ-
تىن يەرلىككە ئالمىشىپ، قورغاس ناھىيە ئۆكتەبىر گۇڭشې يېڭى ئاۋات چوڭ ئەترەت 2 ـ ئەترىتىنىڭ باشلىقى، كېيىن يېڭى ئاۋات چوڭ ئەترەتنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن. 1976 ـ يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى زاھىر ساۋدانوف، ئېلاخۇن ئىمىنوف، ھاشىمجان موسايوف، سو-
پى ئايۇپوف، سېيىت ئەيسايېف، سۇلايمان ھوشۇرووف قاتارلىق قوماندان ـ ئوفىتسېرلار قورغاس ناھىيەسىگە خىزمەت تەكشۈ-
رۈپ كەلگەندە يۇسۇپجان ئوسمانوفنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تې-
پىپ، قورغاس ناھىيەلىك پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتىگە

[1] مۇقشى ياقۇپوف سېيىت ئەيسايېفنىڭ ئورنىغا تەيىنلەنگەن كوماندىر.
[2] بۇ روتا ئەسلىدە بۇرھان شەھىدىنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان مىللىي روتا ئىدى.

يۇسۇپجاننىڭ ئەھۋالىنى ئىنكاس قىلغاندىن كېيىن، شۇ يىلى ناھىيە رەھبەرلىرى يۇسۇپجان ئوسمانوفنى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرغان. ئۇ 1978 ـ يىل 8 ـ ئايغىچە قورغاس ناھىيەلىك مالىيە ئىدارىسىدە كادىر، 1978 ـ يىل 8 ـ ئايدىن 1989 ـ يىل 9 ـ ئايغىچە قورغاس ناھىيەلىك باج ئىشلىرى ئىدارىسىدە كادىر بولۇپ ئىشلىگەن.

يۇسۇپجان ئوسمانوف ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدا ئورۇنشتا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن «باھادىرلىق»، «پىدائىيلىق» قاتارلىق مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان بولسا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن «غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىش»، «مۇستەقىللىق»، «خەلق تۆھپىكارى» ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى ۋەكىللىرى ئۆمىكىدىن ھال سوراپ سوۋغا قىلغان «غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىش خاتىرە مېدالى»، «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبىسىنىڭ 60 يىللىقى»، «شىنجاڭدا 30 يىل خىزمەت قىلغانلىقىڭىز ئۈچۈن» قاتارلىق مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان.

ئۇ 1989 ـ يىل 9 ـ ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان، ھازىر سۈيدۈڭدە دەم ئېلىشتا.

## 36. ئەخمەتجان ياقۇپوف



ئەخمەتجان ياقۇپوف 1930 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى غۇلجا شەھىرىنىڭ تۆپىچى مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. 1943 ـ يىل 9 ـ ئايغىچە ئائىلە تەربىيەسىدە بولغان. ئۇنىڭ ئائىلىسى چارۋىچى بولغاچقا، 1940 ـ يىل دادىسى ياقۇپ ئاخۇن ئائىلىسىنى موڭغۇلكۈرە ناھىيەسىگە كۆچۈرۈپ بېرىپ، ئولتۇراقلىشىپ، چارۋىچىلىق بىلەن شۇ-

غۇللانغان. ئۇ 1943 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1947 ـ يىلى 7 ـ ئايغىـ
چە موڭغۇلكۈرە ناھىيە بازىرىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغاندىن
كېيىن، ئائىلە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان.

ئەخمەتجان ياقۇپوف 1947 ـ يىل 12 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنـ
قىلابىغا قاتنىشىپ، 1948 ـ يىل 2 ـ ئايغىچە مىللىي ئارمىيەنىڭ
ئوتتۇرا يۈنىلىش قىسىملىرى تەركىبىدىكى ساۋەن پولكى[①] مىـ
نامىيوت روتا 1 ـ ئىزۋوتتا جەڭچى بولغان. 1948 ـ يىل 2 ـ
ئايدىن 1949 ـ يىل 11 ـ ئايغىچە مىللىي ئارمىيە باش قوـ
ماندانلىق ئىشتابى بايانداىدا ئاچقان ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇغانـ
دىن كېيىن شىخو 1 ـ پولك 1 ـ روتا 2 ـ ئىزۋوتنىڭ كوماندـ
دىرلىقىغا تەيىنلەنگەن.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن قومۇلدا
تۇرۇشلۇق 3 ـ باتالىيون 7 ـ روتا 3 ـ ئىزۋوتنىڭ كوماندىرى
بولۇپ ئىشلەپ قومۇل، باركۆل، ئاراتۇرۇك قاتارلىق جايلاردا
باندىت تازىلاش ئۇرۇشىغا قاتناشقان. 1953 ـ يىل 3 ـ ئايدىن
1957 ـ يىل 8 ـ ئايغىچە 14 ـ دىۋىزىيە 7 ـ پولك (چارۋىـ
چىلىق پولكى) 3 ـ باتالىيون 7 ـ روتا 3 ـ ئىزۋوتنىڭ كوـ
ماندىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

ئەخمەتجان ياقۇپوف 1957 ـ يىل 8 ـ ئايدا ھەربىي سەپتىن
يەرلىككە ئالمىشىپ، 1988 ـ يىل 9 ـ ئايغىچە ئىلى قازاق
ئاپتونوم ئوبلاستلىق سودا شىركىتىدە پىركازچىك، سودا بۆلۇـ
مىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن دىرېكتور ۋە دىرېكتور قاتارلىق ۋەـ
زىپىلەرنى ئۆتىگەن.

ئەخمەتجان ياقۇپوف جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانـ
دىن كېيىن، 1950 ـ يىل جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دۆلەت
مۇداپىئە مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن «غەربىي شىمالنى ئازاد قىـ
لىش»، غەربىي شىمال مەمۇرىي مەھكىمىسى تەرىپىدىن «خەلق

---

[①] پولك كوماندىرى مەمتىمىن ئىمىنوف، سىياسىي كومىسسارى رەخىموف ئابلىز.

تۆھپىكارى» ، 1954 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى مەملىكەت خەلقىنىڭ خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى ۋەكىللەر ئۆمىكىدىن ھال سوراپ سوۋغا قىلغان «غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىش خاتىرە مېدالى» ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «شىنجاڭدا 30 يىل خىزمەت قىلغانلىقىڭىز ئۈچۈن» قاتارلىق مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان.

1988 ـ يىلى 9 ـ ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان، ھازىر ئۇ غۇلجا شەھىرىدە دەم ئېلىشتا.

## 37. ئابدۇللا ئىمىنوف



ئابدۇللا ئىمىنوف 1926 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئاتۇش شەھىرىنىڭ ئۈستۈن ئاتۇش يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنى ئۆز يېزىسىدا ئوقۇغان. 1938 ـ يىلى ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى كەينى ـ كەينىدىن ۋاپات بولۇپ كېتىپ ئىگە ـ چاقىسىز قالغان. 1941 ـ يىلى 15 يېشىدا تىرىكچىلىك يولى ئىزدەپ ئىلگىرى غۇلجا شەھىرى ئۈچ دەرۋازىغا چىقىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئاكىسى قاسىم ئىمىننىڭ قېشىغا چىقىپ تۇرمۇش كەچۈرگەن.

ئابدۇللا ئىمىنوف 1944 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ، غۇلجا پارتىزانلىرى تەركىبىدە غۇلجا شەھىرىنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىغا قاتناشقان.

ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ مىللىي ئارمىيەنىڭ ئوتتۇرا يۈنىلىش قىسىملىرى تەركىبىدىكى سۋىدۇڭ 1 ـ ئاتقۇچىلار پولكى تەركىبىدە كەڭساي، شىخو قاتارلىق جايلارنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. ئۇ سۋىدۇڭ 1 ـ ئاتقۇچىلار پولكىغا بىۋاستە قاراشلىق مۇستەقىل

پىلىموتچىلار روتىسىدا جەڭچى، مۇئاۋىن ئودلىنىيە كوماندىرى، ئودلىنىيە كوماندىرى، 2 ـ ئىزۋوتنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇ 5 ـ كورپۇس 14 ـ دىۋىزىيە 40 ـ پولك 3 ـ باتالىيون 7 ـ روتا 3 ـ ئىزوۋۇتنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى، 1953 ـ يىل 3 ـ ئايدىن 1954 ـ يىل 10 ـ ئايغىچە ئىلى ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى چوڭ ئەترىتى[1] نىڭ ئاقارتىش خادىمى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

ئابدۇللا ئىمىنوف 1954 ـ يىل 10 ـ ئايدا ھەربىي سەپتىن يەرلىككە ئالمىشىپ، 1980 ـ يىل 12 ـ ئايغىچە غۇلجا شەھەرلىك سودا ئىدارىسىنىڭ بوغالتىرى، مال سېتىۋالغۇچىسى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق يېمەكلىكلەر شىركىتىنىڭ زاپخوزى، بوغالتىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ، 12 ـ ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان.

ئابدۇللا ئىمىنوف ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن «باھادىرلىق»، «پىدائىيلىق» قاتارلىق مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان بولسا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن «غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىش» قاتارلىق مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان.

ئۇ 1982 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى 56 يېشىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن غۇلجا شەھىرىدە ۋاپات بولغان.

## 38. مۇھەممەت نامىتوف

مۇھەممەت نامىتوف (ئەخمەت مامۇتوف دەپمۇ ئاتىلىدۇ) 1924 ـ يىل 10 ـ ئايدا ئاقسۇ ۋىلايىتى باي ناھىيەسىنىڭ سايرام يې-

[1] سابىق ئىلى ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسى.



ـزىسىدا تۇغۇلغان. 1933 ـ يىلىغىچە ئائىلە تەربىيەسىدە بولغان. 1935 ـ يىلىغىچە دىـ ـنىي مەكتەپتە، 1935 ـ يىل 8 ـ ئايدىن 1941 ـ يىل 7 ـ ئايغىچە ئۆز يېزىسىدا باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. 1941 ـ يىل 9 ـ ئايدا ئۇ غۇلجا ناھىيە پەنجىم يېزىسىنىڭ پىلىچى كۆمۈر كانىغا بېرىپ ئىلگىرى مۇشۇ كانغا كېلىپ ئىشـ ـلەۋاتقان ئاكىسى مامۇتجان بىلەن بىرگە كۆمۈر كاندا ئىشلىگەن.

مۇھەممەت نامىتوف 1944 ـ يىل 11 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ، پەنجىم پارتىزانلىرى تەركىبىدە غۇلجا شەھىرى ھەرەمباغ، لياڭشاڭ قاتارلىق جايلارنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان.

ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ 1945 ـ يىل 7 ـ ئايدا پولكوۋنىك سوپاخون سۇۋۇروف، سىـ ـدىقھاجى تۇردى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف، قاسىمجان قەمبىرى، داموللا رازىيوفلار قوماندانلىقىدىكى مىللىي ئارمىيەنىڭ جەنۇـ ـبىي يۆنىلىش قىسىملىرى تەركىبىدە باي، قېيىر، قورغان، ئاقسۇ كونا شەھەر قاتارلىق جايلارنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. 1945 ـ يىل 11 ـ ئايدا مىللىي ئارمىيەنىڭ جەنۇبىي يۆنىلىش قىسىملىرى يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن جەنۇبىي فىـ ـرونتتىن غۇلجىغا قايتىپ چىققاندىن كېيىن، ئۇ تېكەس 1 ـ ئاتلىق پولكى 5 ـ ئىسكادىرون 1 ـ ئىزۋوتتا جەڭچى، 1946 ـ يىل 4 ـ ئايدىن 1947 ـ يىل 1 ـ ئايغىچە مىللىي ئارمىيە باش دوختۇرخانىسىدا قاراۋۇل، 1947 ـ يىل 1 ـ ئايدىن 6 ـ ئايغىچە مىللىي ئارمىيە باش ئىشتابى ھەربىي سوت مەھكىمىـ ـسىدە جەڭچى، 1947 ـ يىل 6 ـ ئايدىن 1948 ـ يىل 7 ـ ئايغىچە مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق ئىشتابى كەڭسايدا ئاچقان سىياسىي نەزەرىيە كۇرسىدا ۋە باياندايى ھەربىي مەكتىـ

پىدە ئوقۇغاندىن كېيىن، شىخو، مايتاغ گارنىزونىدا ئىززۋوت كوماندىرى ۋە قوبۇق 2 ـ ئاتلىق پولك 4 ـ ئىسكادىرون 2 ـ ئىزۋوتنىڭ كوماندىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇ قومۇلدا تۇرۇشلۇق 3 ـ باتالىيون 7 ـ روتا 4 ـ ئىزۋوتنىڭ كوماندىرى بولۇپ، قومۇل، باركۆل ۋە ئاراتۇرۇك قاتارلىق جايلاردا باندىت تازىلاش ئۇرۇشىغا قاتناشقان. 1951 ـ يىل 3 ـ ئايدىن 1952 ـ يىل 11 ـ ئايغىچە شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئوفىتسېرلار مەكتىپى ئالىي سىياسىي كۇرسىدا ئوقۇغان. شۇ قېتىمقى 300 نەپەردىن ئارتۇق كۇرسانت قاتناشقان كۇرستىكى ئومۇمىي نەتىجىسى ئىككىنچى بولۇپ، سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىق رەھبەرلەرنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشكەن.

مۇھەممەت نامىتوف 1952 ـ يىل 11 ـ ئايدا 5 ـ كورپۇسنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق 13 ـ دىۋىزىيەسىنىڭ 38 ـ پولكىغا يۆتكىلىپ، 3 ـ روتىنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى، 1953 ـ يىل 3 ـ ئايدىن 1955 ـ يىل 2 ـ ئايغىچە جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ تەلىم ـ تەربىيەچىسى، 1955 ـ يىل 2 ـ ئايدىن 1956 ـ يىل 1 ـ ئايغىچە باي ناھىيەلىك ھەربىي خىزمەت ئىدارىسىنىڭ تەلىم ـ تەربىيەچىسى، 1956 ـ يىل 1 ـ ئايدىن 1957 ـ يىل 5 ـ ئايغىچە باي ناھىيەلىك ھەربىي خىزمەت ئىدارىسى ئەسكەر قوبۇل قىلىش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، 1957 ـ يىل 5 ـ ئايدىن 1958 ـ يىل 5 ـ ئايغىچە ئاقسۇ شۆبە ھەربىي رايونى ئەسكىرىي خىزمەت بۆلۈمىنىڭ كادىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

مۇھەممەت نامىتوف 1958 ـ يىل 5 ـ ئايدا ھەربىي سەپتىن شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش ئارمىيەسىگە يۆتكىلىپ، ئىلى يېزا ئىگىلىك 4 ـ دىۋىزىيە كۆكدالا گوسخوز كادىرلار بىرىگاداسىنىڭ كادىرى، 1959 ـ يىل 2 ـ ئايدىن 1960 ـ يىل 12 ـ ئايغىچە كۆكدالا دېھقانچىلىق مەيدانى خالىڭ روتىسىنىڭ

كوماندىرى، 1960 ـ يىلى 12 ـ ئايدىن 1966 ـ يىلى 9 ـ ئاي-غىچە 4 ـ دىۋىزىيە 64 ـ پولك 12 ـ ، 14 ـ روتىلارنىڭ كو-ماندىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

مۇھەممەت نامىتوف «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا سولچىل-لۇشىيەنىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ، 1970 ـ يىلى 12 ـ ئاي-غىچە قەشقەردىكى يېزا ئىگىلىك 3 ـ دىۋىزىيەگە قاراشلىق پوسكام ناھىيە گۈلباغ تەۋەسىدە تۇرۇشلۇق روتىغا ئەۋەتىلىپ، ئۆزى بىلەن بىر قاتاردا ئەۋەتىلگەن كىشىلەردىن تەشكىللەنگەن روتىنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى، 1970 ـ يىلى 12 ـ ئايدا كور-لىدا تۇرۇشلۇق يېزا ئىگىلىك 2 ـ دىۋىزىيەگە يۆتكىلىپ، 1982 ـ يىلى 10 ـ ئايغا قەدەر چەرچەن ناھىيەسى يوچىلىق يې-زىسى تەۋەسىدىكى قورۇلۇش پولكىدا ئۆزى بىلەن بىر قاتاردا ئەۋەتىلگەن كىشىلەر ئاساسىدا تەشكىللەنگەن روتىنىڭ كوما-دىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

1982 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئۇنىڭ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ كۆكدالاغا قايتىپ كېلىپ 64 ـ پولك 19 ـ روتىنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى بولۇپ ئىشلەپ، 1983 ـ يىلى 12 ـ ئايدا دەم ئې-لىشقا چىققان.

مۇھەممەت نامىتوف ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئۇ-رۇشتا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن «ئىستىقلالىيەت» قاتار-لىق تۆت دانە كۈمۈش مېدال بىلەن مۇكاپاتلانغان بولسا، جۇڭ-خۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن «غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىش» قا-تارلىق مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان. ئۇ يەنە كۆپ قېتىم «ئىل-غار خىزمەتچى» بولۇپ مۇكاپاتلانغان.

ئۇ 1994 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى 70 يېشىدا كې-سەل سەۋەبى بىلەن غۇلجا ناھىيەسىنىڭ پەنجىم يېزىسىدا ۋاپات بولغان.

## 39. يىس قوجايېۋ



يىس قوجايېۋ (قازاق) 1927 - يىلى بورتالاغا قاراشلىق جىڭ ناھىيەسىدە تۇغۇل-غان. ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنى يۇرتىدا ئوقۇغاندىن كې-يىن، ئائىلە ئىشلىرىغا ياردەملەشكەن.

يىس قوجايېۋ 1946 - يىل 10 - ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ، مىللىي ئارمىيەنىڭ ئوتتۇرا يۆنىلىش قىسىملىرى تەركىبىدىكى شىخو
كوماندىرى، 1 - پولكى تەركىبىدە جەڭچى، ئودلىنىيە مۇئاۋىن
قاتارلىق ئىزۋوت كوماندىرى، ئىزۋوت كوماندىرى ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.
جۇڭخۇا خەلق
تۇرۇشلۇق 3 - جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن قومۇلدا
رى، 8 - روتا باتالىيون 8 - روتا 1 - ئىزۋوتنىڭ كوماندى-
1962 - يىلىغىچە خوجىلىق بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، 1955 - يىلىدىن
يەسى يېزا ئىگىلىك شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش ئارمى-
سۇ - توك پونكىتىنىڭ 4 - دىۋىزىيەسىنىڭ كۆكدالا 64 - پولك
گەن. باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتى-

يىس قوجايېۋغا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئۇرۇش-
تا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن «پىدائىيلىق» مېدالى بىلەن
مۇكاپاتلانغان بولسا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن
كېيىن دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن «غەربىي شى-
مالنى ئازاد قىلىش» قاتارلىق مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان.

يىس قوجايېۋ 1962 - يىلى تەشكىلنىڭ رۇخسىتى بىلەن
سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىگە چې-
قىپ كەتكەن، كېيىنكى ئەھۋالى نامەلۇم.

**40. هاجى سالى نىياز**



هاجى سالى نىياز 1923 ـ يىلى 5 ـ ئايدا قومۇل شەھىرىنىڭ ئاستانە يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1936 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1937 ـ يىل 7 ـ ئايغىچە ئۇ ئاستانىدە ئېچىلغان پەننىي مەكتەپتە ئوقۇپ، 1940 ـ يىل 7 ـ ئايغىچە ئۆزى ئوقۇغان مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1940 ـ يىل 9 ـ ئايدىن 1942 ـ يىل 7 ـ ئايغىچە قومۇلدىكى مال دوختۇرلۇق مەكتىپىدە ئوقۇغاندىن كېيىن، قومۇلدا مال دوختۇرى بولۇپ ئىشلىگەن.

هاجى سالى نىياز 1945 ـ يىل 9 ـ ئايدا كېسەلچان دادىسىغا دورا ئالغىلى ئۈرۈمچىگە چىقىپ، غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگە سۆھبەتكە كەلگەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرىنىڭ ياردىمىدە غۇلجىغا بېرىپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىدۇ ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىن كەلگەن تۇردى ساقى هاجى قاتارلىق 200 دەك كۇرسانت بىلەن بىرگە مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق ئىشتابى باياندايدا ئاچقان ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇيدۇ. 1948 ـ يىل 6 ـ ئايدا ھەربىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، مىللىي ئارمىيەنىڭ ئوتتۇرا يۆنىلىش قىسىملىرى تەركىبىدىكى يەنسىخەي پىيادە ئەسكەرلەر 1 ـ پولك 3 ـ باتالىيون 7 ـ روتا 2 ـ ئىزۋوتىنىڭ كوماندىرى، كېيىن غۇلجا ئېرەنباغ پولكىدا ئىزۋوت كوماندىرى بولۇپ ئىشلەيدۇ.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇ قومۇلدا تۇرۇشلۇق 3 ـ باتالىيون 8 ـ روتا 2 ـ ئىزۋوتىنىڭ كوماندىرى، قومۇل ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى چوڭ ئەترىتىنىڭ ئىشتاب ئوفىتسېرى، ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى چوڭ ئەترىتىنىڭ قاراشلىق ئوتتۇرا ئەترەتنىڭ باشلىقى

قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ.
هاجى سالى نىياز 1957 ـ يىل غەربىي سەپتىن يەرلىككە ئالمىشىپ، قومۇل ۋىلايەتلىك تاشقى سودا ئىدارىسى كەسپىي بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلەيدۇ. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا ئۇ سولچىل لۇشيەنىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ ئۈچ يىل رىجىم ئاستىدا ئىشلەيدۇ. 1978 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ئۇنىڭ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، 1981 ـ يىل 6 ـ ئايدا دەم ئېلىشقا چىقىدۇ.
هاجى سالى نىياز ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن «پىدائىيلىق» مېدالى بىلەن مۇكاپاتلانغان بولسا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن «غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىش» قاتارلىق مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان.
ئۇ 2002 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى 80 يېشىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن قومۇل شەھىرىدە ۋاپات بولغان.

### 41. ۋۇ شۇۋېن



ۋۇ شۇۋېن (شىبە) 1927 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى سابىق ئىلى ۋىلايىتىنىڭ چاپچال ناھىيەسىدە تۇغۇلغان. 1933 ـ يىل 8 ـ ئايغىچە ئائىلە تەربىيەسىدە بولغان، 1933 ـ يىل 8 ـ ئايدىن 1941 ـ يىل 7 ـ ئايغىچە چاپچالدىكى سەككىز سۇمۇل باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغاندىن كېيىن، 1948 ـ يىل 10 ـ ئايغىچە كىشىلەرگە مەدىكار بولۇپ ئىشلىگەن.
ۋۇ شۇۋېن 1948 ـ يىل 10 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ، مىللىي ئارمىيەنىڭ ئوتتۇرا يۆنىلىش قىسمىلىرى تەركىبىدىكى غۇلجا ئازاد نىشانلىق 2 ـ پولك 3 ـ باتالى-

يون 7 ـ روتا تەركىبىدە جەڭچى، مۇئاۋىن ئودلىنىيە كوماندى. رى، ئودلىنىيە كوماندىرى، پولكنىڭ مۇئاۋىن ئىزۋوت دەرىجە. لىك تەرجىمانى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن 5 ـ كور. پۇس 14 ـ دىۋىزىيە 40 ـ پولكنىڭ تەرجىمانى بولغان ۋە ئۇ. رۇمچى ئەتراپىدىكى جەنۇبىي تاغدا باندىت تازىلاش ئۇرۇشىدا ئوق تېگىپ يارىلانغان. ئۇ 1950 ـ يىل 4 ـ ئايدىن 1952 ـ يىل 1 ـ ئايغىچە 40 ـ پولكنىڭ قومۇلدا تۇرۇشلۇق 3 ـ باتالى. يونىنىڭ تەرجىمانى، 3 ـ باتالىيون 8 ـ روتا 2 ـ ئىزۋوتنىڭ كو. ماندىرى، 1952 ـ يىل 1 ـ ئايدا 3 ـ باتالىيون قومۇلدىن ئۇ. رۇمچىگە يۆتكەلگەندە پولك بىلەن بىرگە غۇلجا سۇيدۇڭگە يۆت. كىلىپ چوڭ ئىشلەپچىقىرىشقا قاتنىشىش بىلەن بىللە 40 ـ پولكنىڭ تەرجىمانلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن ۋە ئۆستەڭ قېزىش ئەمگىكىدە رېكورت يارىتىپ «ئەمگەك نەمۇنىچىسى» بولۇپ با. ھالانغان.

ۋۇ شۈۋېن 1953 ـ يىل 11 ـ ئايدا ھەربىي سەپتىن يەر. لىككە ئالمىشىپ، 1957 ـ يىلىغىچە چاپچال ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ تەرجىمانى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1957 ـ يىلى ئۇ خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن چاپچال ناھىيەلىك ھەربىي خىزمەت ئىدارىسىغا يۆتكىلىپ تەرجىمان، كاتىپ بولۇپ ئىشلىگەن. 9 ـ ئايدا ئۇ ئىلى ھەربىي رايونىغا يۆتكىلىپ، 1963 ـ يىلىغىچە ئىلى ھەربىي رايون ئارقا سەپ بۆلۈمىنىڭ تەرجىمانى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

ئۇ 1963 ـ يىل 2 ـ قېتىم ھەربىي سەپتىن يەرلىككە ئال. مىشىپ، 1984 ـ يىل 4 ـ ئايغىچە چاپچال ناھىيەلىك مالىيە ئىدارىسىنىڭ كادىرى بولۇپ ئىشلەپ، 4 ـ ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان.

ۋۇ شۈۋېن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئۇرۇشتا كۆر.

سەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن «پىدائىيلىق» قاتارلىق مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان بولسا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن «غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىش» قاتارلىق مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان.

ئۇ 2008 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى كېسەل سەۋەبى بىلەن 81 يېشىدا چاپچال ناھىيەسىدە ۋاپات بولغان.

## 42. تۇرغان پەيزۇللايېف



تۇرغان پەيزۇللايېف 1923 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى سابىق ئىلى ۋىلايىتىنىڭ چاپچال ناھىيەسى قاينۇق يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1930 ـ يىلغىچە ئائىلە تەربىيەسىدە بولغان، 1930 ـ يىلدىن 1936 ـ يىلغىچە قاينۇق يېزىسىدا دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان، 1936 ـ يىل 8 ـ ئايدىن 1943 ـ يىل 7 ـ ئايغىچە قاينۇق يېزىسىدا باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغاندىن كېيىن، 1946 ـ يىل 9 ـ ئايغىچە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

تۇرغان پەيزۇللايېف 1946 ـ يىل 9 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ، مىللىي ئارمىيەنىڭ ئوتتۇرا يۆنىلىش قىسىملىرى تەركىبىدىكى شىخو 1 ـ پولك 3 ـ باتالىيون 8 ـ روتا 3 ـ ئىزۋوتتا جەڭچى، ئودلىنىيە كوماندىرى، 1947 ـ يىل 3 ـ ئايدىن 1949 ـ يىل 12 ـ ئايغىچە 8 ـ روتا 3 ـ ئىزۋوتنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. بۇ جەرياندا ئۇ قالىبېك، تاكمانلارنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھاكىمىيىتىگە قارشى قوزغىغان قوراللىق توپىلاڭلىرىنى تىنچىتىش ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ، شىخو، يەنسىخەي قاتارلىق جايلاردا ئۇرۇشقا قاتناشقان.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇ قو-

مۇلدا تۇرۇشلۇق 3 ـ باتالىيون 8 ـ روتا 3 ـ ئىنزۋوتىنىڭ مۇ ـ ۋەققەت كوماندىرى ، 1950 ـ يىل 10 ـ ئايدىن 1952 ـ يىل 5 ـ ئايغىچە 3 ـ ئىنزۋوتىنىڭ كوماندىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ، قومۇل، باركۆل، ئاراتۇرۇك قاتارلىق جايلاردا باندىت تا ـ زىلاش ئۇرۇشىغا قاتناشقان. 1950 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى شوپۇلدا باندىت تازىلاۋاتقاندا باندىتلار ئاتقان ئوق ئۇنىڭ ئوڭ پۇتىنىڭ تاپىنىدىن كىرىپ ئۈستىدىن چىقىپ كەتكەن.

تۇرغان پەيزۇللايېف 1952 ـ يىل 5 ـ ئايدا ھەربىي سەپتىن يەرلىككە ئالمىشىپ، 10 ـ ئايغىچە ئۆز يۇرتى قاينۇقتا دەم ئال ـ غان. 10 ـ ئايدىن 1954 ـ يىل 9 ـ ئايغىچە چاپچال ناھىيە قاينۇق رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ مالىيە، غەللە ـ پاراق خىزمىتى ـ گە مەسئۇل كادىر ، 1954 ـ يىل 9 ـ ئايدىن 1955 ـ يىل 4 ـ ئايغىچە چاپچال ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتى سەھىيە بۆلۈمىنىڭ كاتىپى، 1955 ـ يىل 4 ـ ئايدىن 1977 ـ يىل 8 ـ ئايغىچە چاپچال ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ بوغالتىرى قاتار ـ لىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ، 8 ـ ئايدا 54 يېشىدا دەم ئېلىشقا چىققان.

تۇرغان پەيزۇللايېف ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئۇ ـ رۇشتا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن «پىدائىيلىق»، «باھا ـ دىرلىق» قاتارلىق مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان بولسا، جۇڭخوا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن دۆلەت مۇداپىئە مى ـ نىستىرلىقى تەرىپىدىن «غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىش» قاتار ـ لىق مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان.

ئۇ 2008 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى 85 يېشىدا كې ـ سەل سەۋەبى بىلەن چاپچال ناھىيەسىنىڭ قاينۇق يېزىسىدا ۋاپات بولغان.

## 43. تۇرغان ھەمرايېف

تۇرغان ھەمرايېف 1927 ـ يىلى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ سۇيدۇڭ

ناھىيەسىدە ھونەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1934 ـ يىلى 8 ـ ئايغىچە ئائىلە تەربىيەسىدە بولغان، 1934 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن 1942 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنى سۈيدۇڭدىكى «خەيرىيە مەكتەپ» تە ئوقۇغاندىن كېيىن ئائىلە ئىشلىرىغا ياردەملەشكەن.

تۇرغان ھەمرايېف 1944 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ، سۈيدۇڭ پارتىزانلىرى تەركىبىدە سۈيدۇڭ، كۈرە قاتارلىق جايلارنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان.

ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ مىللىي ئارمىيەنىڭ ئوتتۇرا يۈنىلىش قىسىملىرى تەركىبىدىكى سۈيدۇڭ 1 ـ ئاتقۇچىلار پولكى تەركىبىدە چەپەيزى، شىخو قاتارلىق جايلارنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. ئۇ مەزكۇر پولكنىڭ 3 ـ باتالىيونىدا جەڭچى، مۇئاۋىن ئودلىنىيە كوماندىرى، ئودلىنىيە كوماندىرى، مۇئاۋىن ئىنزۋوت كوماندىرى، ئىنزۋوت كوماندىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن 5 ـ كورپۇس 14 ـ دىۋىزىيە 40 ـ پولك 3 ـ باتالىيون 8 ـ روتا 4 ـ ئىنزۋوتىنىڭ كوماندىرى، 1952 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن 1953 ـ يىلى 3 ـ ئايغىچە شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئۇرۇمچىدە ئاچقان سىياسىي كۇرستا ئوقۇغاندىن كېيىن 1959 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ ھەربىي رايونىغا بىۋاسىتە قاراشلىق قەشقەردە تۇرۇشلۇق مۇستەقىل 3 ـ ئاتلىق پولك 3 ـ روتا 1 ـ ئىنزۋوتىنىڭ كوماندىرى، پىلىموت ـ مىناميوت روتىسىنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى ۋە كوماندىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

تۇرغان ھەمرايېفنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن «پىدائىيلىق»، «باتۇرلۇق» قاتارلىق مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان بولسا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن دۆلەت مۇداپىئە مىـ

نىستىرلىقى تەرىپىدىن «غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىش» قاتار-لىق مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان.

تۇرغان ھەمرايېۋ 1959 - يىل تەشكىلنىڭ رۇخستى بىلەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىگە چى-قىپ كەتكەن بولۇپ، 2003 - يىلى 76 يېشىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن ئالمۇتادا ۋاپات بولغان.

# 3 ـ باتالیيوننىڭ خىزمەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلغان، ھەمكارلاشقان كوماندىرلار ۋە رەھبەرلەر

## 1. مۇھەممەتجان يۇسۇپوف



مۇھەممەتجان يۇسۇپوف 1918 ـ يىلى غۇلجا شەھىرىنىڭ ئۈچ دەرۋازا مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنى غۇلجا شەھىرىدە ئوقۇغاندىن كېيىن ئائىلە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان.

مۇھەممەتجان يۇسۇپوف 1936 ـ يىل 5 ـ ئايدىن 1939 ـ يىل 11 ـ ئايغىچە خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپىنىڭ ئۇرۇمچىدىكى 9 ـ شۆبىسىدە ئوقۇغاندىن كېيىن، گومىنداڭنىڭ ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىدىن تەشكىل قىلىنغان ئالتايدا تۇرۇشلۇق پولكىدا ئىزۋوت كوماندىرى، مۇئاۋىن روتا كوماندىرى، روتا كوماندىرى، مۇئاۋىن باتالىيون كوماندىرى، باتالىيون كوماندىرى، مۇئاۋىن پولك كوماندىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

1945 ـ يىل 9 ـ ئايدا مىللىي ئارمىيەنىڭ شىمالىي يۆنىلىش قىسىملىرى تەركىبىدىكى لېسكىن قوماندانلىقىدىكى قىسىملار ئالتايغا ھۇجۇم قىلغاندا، ئۇ ئۆزى قوماندانلىق قىلىۋاتقان پولكىنىڭ مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ تەسلىم بولۇشىدا ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەن. ئۇنىڭ بۇ زور تۆھپىسى ۋە ھەربىي تالانتىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسى باش قوماندانلىق ئىشتابى ئۇنى چۆچەك پولكىنىڭ مۇئا ـ

ۋىن كوماندىرلىقىغا، كېيىن غۇلجا ئازاد نىشانلىق پولكىنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرلىقىغا تەيىنلەنگەن. ئۇ ئوسمان، قالىبېك باندىتلىرىنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتىشتا زور خىزمەت كۆرسەتكەن. ئۇ 1947 ـ يىل 11 ـ ئايدىن 1949 ـ يىل 12 ـ ئايغىچە شىخو 1 ـ پىيادىلەر پولكىنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى بولغان.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇ 5 ـ كورپۇس 14 ـ دىۋىزىيە 40 ـ پولكنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى، 1950 ـ يىل 1 ـ ئايدىن 1960 ـ يىلىغىچە 40 ـ پولكنىڭ كوماندىرى، قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى، 5 ـ كورپۇسنىڭ ئىشتاب باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1953 ـ يىل شىنجاڭ ھەربىي رايونى ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ، چاۋشيەنگە بېرىپ، جۇڭگو خەلق پىدائىيلار قىسىملىرىدىن ھال سورىغان.

مۇھەممەتجان يۈسۈپوف ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئۆرۈشتا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن «پىدائىيلىق»، «باتۇرلۇق»، «قەھرىمانلىق» قاتارلىق مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان بولسا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن «غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىش» قاتارلىق مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان.

مۇھەممەتجان يۈسۈپوف 1960 ـ يىلى تەشكىلنىڭ رۇخسىتى بىلەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىگە چىقىپ كەتكەن.

ئۇ 1997 ـ يىلى 79 يېشىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تاشكەنت شەھىرىدە ۋاپات بولغان.

## 2. خېلىل زۇنۇنوف

خېلىل زۇنۇنوف 1925 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى غۇلجا شەھىرىنىڭ قارا دۆڭ رايونىدا تۇغۇلغان. خېلىل زۇنۇنوفنىڭ تاغىسى ئۆمەر ئاخۇن تۇرمۇش يولى ئىزدەپ چۆچەك



ۋىلايىتىنىڭ دۆربىلجىن ناھىيەسىگە بېرىپ بىر خوىزۇ باينىڭ يېرىنى ئىجارىگە ئېلىپ تېرىپ، شۇ يەردە تۇرۇپ قالىدۇ. زۇنۇن ئاخۇن كېيىن ئائىلىسى بىلەن دۆربىلجىنگە ئاكىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ، شۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالىدۇ. خېلىل زۇنۇنوف 1936 ـ يىل 9 ـ ئايغىچە ئائىلە تەربىيەسىدە بولىدۇ. 1936 ـ يىل 9 ـ ئايدىن 1943 ـ يىل 9 ـ ئايغىچە دۆربىلجىندە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇپ، 1943 ـ يىل 9 ـ ئايدىن 1944 ـ يىل 9 ـ ئايغىچە چۆچەكتە دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغاندىن كېيىن، 1945 ـ يىل 7 ـ ئايغىچە ئائىلە ئىشلىرىغا ياردەملىشىدۇ.

1945 ـ يىل 7 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسى دۆربىلجىن، چۆچەك قاتارلىق جايلارنى ئازاد قىلغاندىن كېيىن، خېلىل زۇنۇنوف ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ، دۆربىلجىن گارنىزونىدا جەڭچى، ئودلىنىيە كوماندىرى، مۇئاۋىن ئىزۋوت كوماندىرى، ئىزۋوت كوماندىرى، روتا كوماندىرى (1946 ـ يىلى) قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1947 ـ يىل 2 ـ ئايدا شۇ ۋاقىتتا ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيلىقىنى ئۆتەۋاتقان ئوسمان ئىسلام ئىنقىلابتىن، خەلقتىن يۈز ئۆرۈپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھاكىمىيىتىگە قارشى توپىلاڭ كۆتۈرگەندە خېلىل زۇنۇنوف ئۆز روتىسىغا قوماندانلىق قىلىپ، قوبۇقسار ناھىيەسىنىڭ قوۋۇق قاتارلىق جايلىرىدا ئوسمان ئىسلام باندىتلىرىنىڭ قوراللىق توپىلىڭىنى تىنچىتىش ئۇرۇشىغا قاتناشقان.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇ 5 ـ كورپۇس 14 ـ دىۋىزىيە 41 ـ پولك 2 ـ باتالىيونىنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى، 1950 ـ يىل 6 ـ ئايدىن 1951 ـ يىل 5 ـ ئايغىچە شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئاچقان ئالىي كۇرستا ئوقۇغاندىن كېيىن، 41 ـ پولك 2 ـ باتالىيونىنىڭ كوماندىرى، 1951 ـ يىل

8 ـ ئايدىن 1953 ـ يىل 6 ـ ئايغىچە 40 ـ پولكنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى، 1953 ـ يىل 6 ـ ئايدىن 1958 ـ يىل 6 ـ ئايغىچە ئىلى ھەربىي رايونى كوپىراتىپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاـ ۋىن باشلىقى، 1958 ـ يىل 6 ـ ئايدىن 1973 ـ يىل 10 ـ ئايغىچە ئىلى ھەربىي رايونى ئارقا سەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

1973 ـ يىل 10 ـ ئايدا ئىلى ھەربىي رايونى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئىلى شۆبە ھەربىي رايونى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ 1983 ـ يىل 6 ـ ئايغىچە ئىلى شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى، 1983 ـ يىل 6 ـ ئايدىن 1986 ـ يىل 12 ـ ئايغىچە شىمالىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى[1] نىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتـ ـەپ، 12 ـ ئايدا دەم ئېلىشقا چىقىپ، شىنجاڭ ھەربىي رايونى كادىرلار 4 ـ دەم ئېلىش ئورنىدا ئولتۇراقلاشقان.

خېلىل زۇنۇنوف ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن «پىدائىيلىق»، «باتۇرلۇق» قاـ تارلىق مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان بولسا، جۇڭخۇا خەلق جۇمـ ھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن «غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىش» قاتارلىق مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان. ئۇ ھازىر ئۇرۇمچىدە دەم ئېلىشتا.

## 3. مۇھەممەتجان تېيىپوف

مۇھەممەتجان تېيىپوف 1923 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈـ نى غۇلجا شەھىرىنىڭ ناغرىچى مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. 1934 ـ يىل 8 ـ ئايغىچە ئائىلە تەربىيەسىدە بولغان، 1934 ـ يىل 8 ـ ئايدىن 1940 ـ يىل 7 ـ ئايغىچە ناغرىچى (مۇرات) ئىپتىدائىي مەكتەپتە ئوقۇغاندىن كېيىن، 1944 ـ يىل 10 ـ ئايغىچە

[1] شىمالىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى شىخو.



غۇلجا شەھىرىدىكى ئىمىن ھاجىنىڭ تېرە زاۋۇتىدا تېرە پىششىقلىغۇچى بولۇپ ئىشلىگەن.

مۇھەممەتجان تېيىپوف 1944 ـ يىل 10 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ، غېنى باتۇر پارتىزانلىرى ئەترىتى تەركىبىدە غۇلجا شەھىرىنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىغا قاتناشقان. 1944 ـ يىل 11 ـ ئايدا مىللىي ئارمىيە پولكلىرى تەشكىل قىلىنىشقا باشلىغاندا ئۇ مىللىي ئارمىيە 4 ـ پولك 2 ـ باتالىيون 6 ـ روتا 2 ـ ئىنزۋوتنىڭ كوماندىرلىقىغا تەيىنلەنگەن. 1944 ـ يىل 12 ـ ئايدىن 1945 ـ يىل 3 ـ ئايغىچە قورغاستا ئېچىلغان 1 ـ قارارلىق ھەربىي كۇرستا ئوقۇغان. 3 ـ ئايدا تەلكىدە لېسكىن پولكى تەشكىل قىلىنغاندا مۇھەممەتجان تېيىپوف قاتارلىق 27 نەپەر كۇرسانت لېسكىن پولكىغا ئەۋەتىلىپ، پولكتىكى كوماندىر ـ جەڭچىلەرگە ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە ئۆگەتكەن. بۇ جەرياندا ئۇلار پولك تەركىبىدە ئىنجىخو، باجاخو قاتارلىق جايلارنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. ئۇرۇشتىن كېيىن مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ قارارىغا ئاساسەن مۇھەممەتجان تېيىپوف قاتارلىق ئون نەپەر ئوفىتسېر سۇيدۇڭ 1 ـ ئاتقۇچىلار پولكى تەشكىللەنگەندە مەزكۇر پولكقا يۆتكىلىپ كېلىپ، كوماندىر ـ جەڭچىلەرگە 20 كۈن تەلىم ـ تەربىيە ئېلىپ بارغان ۋە پولك تەركىبىدە شىخونى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىغا قاتناشقان[1]. مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى دۈشمەننى قوغلاپ ماناس ناھىيە بازىرىغا كىرىپ، كېيىن يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن چېكىنىپ چىقىدۇ. مۇھەممەتجان تېيىپوف

---

[1] شىخو ئۇرۇشىدا مىللىي ئارمىيەدىن 800 نەپەردىن ئارتۇق كوماندىر ـ جەڭچى ۋە پارتىزان يارىدار ۋە قۇربان بولىدۇ. بۇنىڭ 711 نەپىرى مۇسۇلمان، قالغانلىرى غەيرىي دىندىكىلەر.

1946 ـ يىل 2 ـ ئايدىن 1947 ـ يىل 11 ـ ئايغىچە شىخو 1 ـ پىيادىلەر پولكى مۇستەقىل ئىغىر پىلىموت روتىسىنىڭ سىيا-سىي يېتەكچىسى بولۇپ تەيىنلىنىپ، قالىبېك، تاكىمانلارنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھاكىمىيىتىگە قارشى قوراللىق توپىلى-ڭىنى تىنچىتىش ئۇرۇشىغا قاتناشتى. 1947 ـ يىل 12 ـ ئايدىن 1948 ـ يىل 12 ـ ئايغىچە پولك سىياسىي باشقار-مىسىدا سىياسىي خىزمەت خادىمى، 1948 ـ يىل 12 ـ ئايدىن 1949 ـ يىل 12 ـ ئايغىچە پولك ھەربىي تەييارلىق بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.
جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇ 5 ـ كورپۇس 14 ـ دىۋىزىيە 40 ـ پولك ھەربىي تەييارلىق بۆلۈمى-نىڭ باشلىقى بولغان. 1952 ـ يىل 11 ـ ئايدىن 1953 ـ يىل 10 ـ ئايغىچە شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئاچقان يۇقىرى دەرىجى-لىك ئوفىتسېرلارنى تەربىيەلەش كۇرسىدا ئوقۇغان. بۇ جەرياندا ئۇ بىر تەرەپتىن ئوقۇپ، بىر تەرەپتىن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتې-تىنىڭ تەكلىپى بىلەن ئوقۇغۇچىلارغا ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە دەرسى ئۆتكەن. كۇرسنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، 1954 ـ يىل 10 ـ ئايغىچە ئىلى ھەربىي رايونى سەنئەت ئۆمىكىنىڭ باشقۇ-رۇش خىزمىتىگە قاتناشقان. 1954 ـ يىل 10 ـ ئايدىن 1955 ـ يىلىغىچە ئىلى ھەربىي رايونى ئەسكەر قوبۇل قىلىش ۋە قايتۇ-رۇش خىزمىتىگە مەسئۇل كادىر بولغان. 1955 ـ يىلىدىن 1956 ـ يىلىغىچە ئىلى مۇستەقىل ئىچكى مۇداپىئە قىسمى تەشكىللەش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلغان. 1956 ـ يىلىدىن 1957 ـ يىلىغىچە ئىلى ھەربىي رايونى باشقۇرۇشىدىكى ھەربىي مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولغان. 1957 ـ يىلىدىن 1960 ـ يىلىغىچە ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇغاندىن كې-يىن، 1964 ـ يىلىغىچە ئىلى ھەربىي رايونى ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە بۆلۈمىنىڭ ئوفىتسېرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.
ئۇ 1964 ـ يىلى ئاپتونوم رايون ئاچقان پارتىيەنىڭ مىللىي

سىياسىتىنى ئۆگىنىش كۇرسىدا 1970 ـ يىل 5 ـ ئايغىچە ئوقۇغان[①].

مۇھەممەتجان تىيىپوف 1970 ـ يىل 5 ـ ئايدا ھەربىي سەپتىن يەرلىككە ئالمىشىپ، غۇلجا شەھەرلىك پارتكوم رەھبەرلىكىدىكى شەھەر خىزمىتىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىگە قاتناشقان. ئۇ 1974 ـ يىلدىن 1982 ـ يىلىغىچە غۇلجا شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەۋەتىلگەن خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا سادىر بولغان يالغان، ناھەق دېلولارنى تەكشۈرۈپ نۇرغۇنلىغان ناھەق جازالانغان كىشىلەرنى ئاقلاپ نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن ۋە 1982 ـ يىلى دەم ئېلىشقا چىققان.

مۇھەممەتجان تىيىپوف ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن بىر دانە «ئىستىقلالىيەت»، ئىككى دانە «پىدائىيلىق»، ئىككى دانە «ساداقەت»، ئىككى دانە «باھادىرلىق» قاتارلىق ئون بىر دانە كۈمۈش مېدال بىلەن مۇكاپاتلانغان بولسا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن «غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىش» قاتارلىق يەتتە دانە مېدال بىلەن مۇكاپاتلانغان. 2005 ـ يىل 10 ـ ئايدا ئۇ يەنە «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبىسىنىڭ 60 يىللىقى»نى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن بىر دانە ئالتۇن مېدال بىلەن مۇكاپاتلانغان.

ئۇ 2012 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى 89 يېشىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن غۇلجا شەھىرىدە ۋاپات بولغان.

## 4 . سېيىت قۇربان

سېيىت قۇربان (سېيىت باتۇر) 1906 ـ يىلى قومۇل

① كۇرسنىڭ ۋاقتى ئالتە ئايلىق بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئالتە يىل داۋاملاشقان.



شەھـىرىنىڭ تەگرىتاغ يېزىسى نېرناسى كەنتىدە تۇغۇلغان. ئۆسمۈرلۈك ۋاقتىدا يۇرتىدا موللامدا دىنىي تەلىم ئالغاندىن كېيىن، 1936 ـ يىلىغىچە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. 1936 ـ يىلىدىن 1946 ـ يىلىغىچە نېرناسى كەنتىنىڭ باشلىقى، قوراي يېزىسىنىڭ باشلىقى، 1944 ـ يىلىدىن باشلاپ قوشۇمچە ئوسمان ئىسلام باندىتلىرىدىن قوغدىنىش ئەترىتىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

سېيىت قۇربان 1946 ـ يىل 9 ـ ئايدا مۇئاۋىن يېزا باشلىقى ئونانباي بەيجىيەن بىلەن بىرلىكتە تەگرىتاغ ۋە غەربىي تاغ خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ۋە قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ باشلىقلىقىغا سايلىنىپ، كۆشۆتە تاغ ئېغىزىدا بىر قانچە قېتىم گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا ئەجەللىك زەربە بېرىپ نۇرغۇن دۈشمەننى يوقاتقان. كېيىن قوزغىلاڭ تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇ ئونانباي قاتارلىق سەپداشلىرى بىلەن 1946 ـ يىل 11 ـ ئايدا ئۇرۇمچىگە، كېيىن غۇلجىغا بېرىپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان.

سېيىت قۇربان غۇلجىغا بارغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بىلەن مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق ئىشتابى ئۇنىڭغا «باتۇر» دېگەن نام بىلەن كاپىتانلىق ھەربىي ئۇنۋانى بەرگەن ۋە «ئىستىقلالىيەت» كۈمۈش مېدالى بىلەن مۇكاپاتلىغان. ئۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، قومۇل پارتىزانلىرىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن 1950 ـ يىل 1 ـ ئايدا ئۇ 5 ـ كورپۇس 14 ـ دىۋىزىيە 40 ـ پولكىنىڭ 3 ـ

باتالىيونى تەركىبىدە قومۇلغا كېلىپ، 3 ـ باتالىيونغا يېقىنـ ـدىن ياردەملىشىپ قومۇل، باركۆل، ئاراتۇرۇك قاتارلىق جايلاردا باندىت تازىلاش ئۇرۇشىغا قاتناشقان.

سېيىت قۇربان 1950 ـ يىل 3 ـ ئايدىن 1955 ـ يىل 7 ـ ئايغىچە قومۇل ناھىيەسىنىڭ ھاكىمى، قومۇل ناھىيەلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، 1955 ـ يىل 7 ـ ئايدىن 1956 ـ يىل 12 ـ ئايغىچە قومۇل ناھىيەلىك پارتكومىنىڭ مۇـ ئاۋىن سېكرېتارى، قومۇل ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەـ ئىسى، 1956 ـ يىل 12 ـ ئايدىن 1962 ـ يىل 8 ـ ئايغىچە قومۇل ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، ۋىلاـ يەتلىك بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، قومۇل ۋىلايەتلىك تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

سېيىت قۇربان 1962 ـ يىل 8 ـ ئايدا «ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ كۆتۈرۈش تەشكىلاتى قۇرغان» دېگەن بەتنام بىلەن قولـ غا ئېلىنىپ، 18 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. 1980 ـ يىلى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلىپ نامى ئەسلىگە كەلتۈـ رۈلگەن.

ئۇ 1985 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى 79 يېشىدا كېـ سەل سەۋەبى بىلەن يۇرتى نېرناسىدا ۋاپات بولغان.

## 5. ئونانباي بەيجىيەن (باتۇر)



ئونانباي بەيجىيەن (قازاق) 1919 ـ يىل قومۇل شەھىرىنىڭ غەربىي تاغ يېزىسى كۆكـ يار كەنتىدە چارۋىچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۆسمۈرلۈك ۋاقتىدا ئۇ يۇرتىدا موللامدا دىـ نىي تەلىم ئالغاندىن كېيىن، 1944 ـ يىلىـ غىچە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. 1944 ـ يىلدىن 1946 ـ يىلىغىچە ئۇ

قوراي يېزىسىنىڭ① مۇئاۋىن باشلىقى، قوشۇمچە غەربىي تاغ ئوسمان ئىسلام باندىتلىرىدىن قوغدىنىش ئەترىتىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

ئونانباي بەيجىيەن 1946 ـ يىل 9 ـ ئايدا يېزا باشلىقى سېيىت قۇربان بىلەن بىرلىكتە تەڭرىتاغ، غەربىي تاغ خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ۋە قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلىنىپ، سېيىت قۇربان بىلەن بىرلىكتە قوزغىلاڭچى قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ، كۆشۆتە تاغ ئېغىزىدا گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا بىر قانچە قېتىم ئەجەللىك زەربە بېرىپ زور غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. كېيىن قوزغىلاڭ سۆھبەت ئارقىلىق تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇ سېيىت قۇربان قاتارلىق سەپداشلىرى بىلەن 1946 ـ يىل 11 ـ ئايدا ئۈرۈمچىگە، كېيىن غۇلجىغا بېرىپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان.

ئونانباي بەيجىيەن غۇلجىغا بارغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بىلەن مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق ئىشتابى ئۇنىڭغا «باتۇر» دېگەن نام بېرىش بىلەن بىرگە «ئىستىقلالىيەت» كۈمۈش مېدالى بىلەن مۇكاپاتلىغان ھەمدە پورۇچىك ھەربىي ئۇنۋانى بەرگەن. ئۇ ئىلگىرى ـ كېيىن 1947 ـ يىل 12 ـ ئايدىن 1950 ـ يىل 1 ـ ئايغىچە مىللىي ئارمىيەنىڭ تۇرلۇك پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىپ، ئېكسكۇرسىيە، زىيارەتتە بولغان ھەمدە ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئەكسىيەتچىلەرگە قارشى تۇرۇپ خەلقنى قۇتقۇزۇش، نامراتلارغا يار ـ يۆلەك بولۇش قاتارلىق خىزمەتلەرگە قاتناشقان.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن 1950 ـ يىل 1 ـ ئايدا 5 ـ كورپۇس 14 ـ دىۋىزىيە 40 ـ پولك.

---

① ئۇ ۋاقىتتا غەربىي تاغ قورايغا قارايتتى.

نىڭ 3 ـ باتالىيونى تەركىبىدە قومۇلغا كېلىپ، 3 ـ باتالـ ـيونغا يېقىندىن ياردەملىشىپ، قومۇل، باركۆل، ئاراتۇرۇك قاـ ـتارلىق جايلاردا باندىت تازىلاش ئۇرۇشىغا قاتناشقان.

ئونانباي بەيجىيەن 1950 ـ يىل 9 ـ ئايدىن 1984 ـ يىل 1 ـ ئايغىچە باركۆل ناھىيەسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى، قومۇل ۋىلايەتلىك خەلق ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، قومۇل ۋىلايەتلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، قومۇل ۋىلاـ ـيەتلىك خەلق ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىـ ـپىلەرنى ئۆتەپ، 1984 ـ يىل 1 ـ ئايدا مۇئاۋىن نازىر دەرىجە بىلەن دەم ئېلىشقا چىققان.

ئۇ 1990 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى كېسەل سەۋەبى بىلەن 71 يېشىدا قومۇل شەھىرىدە ۋاپات بولغان.

### 6. دۆلەتخان ھەسەنوف



دۆلەتخان ھەسەنوف (قازاق) 1914 ـ يىل 11 ـ ئايدا تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ چۆچەك ناھىيەسىدە تۇغۇلغان. 1922 ـ يىل 9 ـ ئايغىچە ئائىلە تەربىيەسىدە بولغان. 1922 ـ يىل 9 ـ ئايدىن 1928 ـ يىل 7 ـ ئايغىچە چۆچەك ناھىيە بازىرىدىكى باشلانغۇچ مەكـ ـتەپتە ئوقۇغاندىن كېيىن، 1935 ـ يىل 10 ـ ئايغىچە ئائىلە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانـ ـغان. 1935 ـ يىل 10 ـ ئايدىن 1937 ـ يىل 8 ـ ئايغىچە ئۈرۈمچى موڭغۇل ـ قازاق مەكتىپى، 1937 ـ يىل 9 ـ ئايدىن 1939 ـ يىل 1 ـ ئايغىچە ئۈرۈمچى مال دوختۇرلۇق مەكتىپى قاتارلىق مەكتەپلەردە ئوقۇغاندىن كېيىن، شېڭ شىسەي ھۆكۈـ ـمىتى تەرىپىدىن قومۇل ۋىلايىتىگە خىزمەتكە تەقسىم قىلىنـ ـغان.

دۆلەتخان ھەسەنوف 1939 ـ يىل 1 ـ ئايدا خىزمەتكە قاتـ

نىشىپ، 1942 ـ يىل 8 ـ ئايغىچە قومۇل ۋىلايىتىگە قاراشلىق باركۆل ناھىيەلىك مال دوختۇرخانىسىنىڭ دوختۇرى، 1942 ـ يىل 8 ـ ئايدىن 1945 ـ يىل 2 ـ ئايغىچە گومىنداڭ قىسىم ـ لىرىنىڭ قومۇلدا تۇرۇشلۇق 178 ـ بىرىگاداسىغا قاراشلىق قو ـ ۋۇق(كۇمىنىزى) تا تۇرۇشلۇق ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكى مال دوختۇرخانىسىنىڭ مۇدىرى ۋە 178 ـ بىرىگادا مال دوختۇرخا ـ نىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

1946 ـ يىل 9 ـ ئايدا تەڭرىتاغ يېزىسىنىڭ باشلىقى سې ـ يىت قۇربان بىلەن مۇئاۋىن باشلىقى ئونانباي بەيجىيەنلەر تەڭ ـ رىتاغ ۋە غەربىي تاغ خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوز ـ غىلاڭ كۆتۈرگەندە ۋەقەدىن خەۋەر تاپقان قومۇلدىكى 178 ـ بىرىگادا رەھبەرلىرى قوزغىلاڭنى باستۇرۇش ئۈچۈن بىر قانچە قېتىم ئەسكەر چىقارغان بولسىمۇ، مەغلۇپ بولىدۇ. شۇنىڭ بىد ـ لەن بىرىگادا باشلىقلىرى سېيىت قۇربان، ئونانباي بەيجىيەن قا ـ تارلىق قوزغىلاڭ رەھبەرلىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن دۆلەتخاننى نېرىنغا ئەۋەتىدۇ. ئۇ ئۇزۇندىن بۇيان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ چىرىكلەشكەنلىكى ۋە ئەمگەكچى خەلقنى دەھشەتلىك ئېكسپلاتاتسىيە قىلىۋاتقانلىقىدىن نەپرەتلىنىپ يۈرگەنىدى. شۇڭا ئۇ بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، نېرىنغا چىقىپلا قوزغىلاڭچىلارغا قوشۇلۇپ كېتىدۇ. كېيىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتتىن بۇرھان شەھىدى قاتارلىق رەھبەرلەر قومۇلغا كېلىپ قوزغىلاڭنى سۆھبەت ئارقىلىق تىنچ يول بىلەن ھەل قىلغاندىن كېيىن، سېيىت قۇربان بىلەن ئونانباي بەيجىيەننى «ئۆگىنىش قىلدۇرىمىز» دەپ ئۈرۈمچىگە ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن 1946 ـ يىل 10 ـ ئايدا گومىنداڭچىلار دۆلەتخاننى «سەن تاغقا چىقىپ ئوغرىلارغا قوشۇلۇپ كېتىپسەن» دەپ قولغا ئېلىپ دەسلەپ قومۇل تۇر ـ مىسىگە قاماپ، 1947 ـ يىل 4 ـ ئايدا ئۇنى ئۈرۈمچى تۈرمە ـ

سىگە يۈتكىمەكچى بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان ئايالى خەلىچەخان ئايۇپ (1921 ـــ 1986) ئەرەنچە ياسىنىپ دۆلەتخاننى ئېلىپ مېڭىشتىن ئىلگىرى ئۇرۇمچىگە چىقىپ، شۇ ۋاقىتتىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەخمەتجان قاسىمى ۋە ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىق رەھبەرلەرگە ئەھۋالنى ئىنكاس قىلغاندىن كېيىن، ئەخمەتجان قاسىمى، سەيپىدىن ئەزىزىلەر ئۇلانبايغا مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ، دۆلەتخاننى يالاپ ماڭغان ماشىنا كېلىشكە ئۇنى قۇتقۇزۇپ قالىدۇ. ئۇ قاماقتىن قۇتۇلغاندىن كېيىن ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن 1947 ـ يىل 10 ـ ئايغىچە شىنجاڭ ئۆلكىلىك قۇرۇلۇش نازارىتىدە خىزمەت قىلىدۇ.

دۆلەتخان ھەسەنوف 1947 ـ يىل 10 ـ ئايدا ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ياردىمىدە ئايروپىلان بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مەركىزى بازىسى غۇلجىغا بېرىپ، 1949 ـ يىل 12 ـ ئايغىچە مىللىي ئارمىيەنىڭ تۇرلۇك پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىپ، ئېكسكۇرسىيە، زىيارەتتە بولىدۇ ھەمدە ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئەكسىيەتچىلەرگە قارشى تۇرۇپ خەلقنى قۇتقۇزۇش، نامراتلارغا يار ـ يۆلەك بولۇش قاتارلىق خىزمەتلەرگە قاتنىشىدۇ ھەمدە «قومۇل باتۇرى» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدۇ. ئۇ 1948 ـ يىلى غۇلجىدا «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» غا قاتنىشىپ، مەزكۇر كومىتېتنىڭ ئىجرائىيە ھەيئىتى بولۇپ سايلىنىدۇ.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ 1950 ـ يىل 1 ـ ئايدىن 3 ـ ئايغىچە مىللىي ئارمىيە خىزمەت ئۆمىكىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، 1950 ـ يىل 3 ـ ئايدىن 8 ـ ئايغىچە شىنجاڭ ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈمى سىياسىي ـ قانۇن باشقارمىسىدا ھەربىي سودىيە، 1950 ـ يىل 8 ـ ئايدىن 1966 ـ

يىلى 8 ـ ئايغىچە قومۇل ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى چوڭ ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋە قومۇل ۋىلايەتلىك جاما ـ ئەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ. ئۇ 1950 ـ يىلى 8 ـ ئايدا قومۇلدا يەنە «يېڭى دېموكراتىزم ئىتتىپاقى كومىتېتى»غا قاتنىشىپ، مەز ـ كۇر كومىتېتنىڭ ھەيئىتى بولۇپ سايلانغان.

دۆلەتخان ھەسەنوف 1966 ـ يىلى 5 ـ ئايدا قوزغالغان «مە ـ دەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا سولچىل لۇشيەننىڭ زىيانكەشلىكى ـ گە ئۇچراپ ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلۇپ، 1975 ـ يىلى 10 ـ ئاي ـ غىچە قومۇل ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىدا ئىشلەپ جاپا ـ مۇشەققەتلىك كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرگەن. 1975 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئۇنىڭ سىياسىي نامى ئەسلىگە كەل ـ تۈرۈلگەندىن كېيىن، 1983 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە قومۇل ۋىلا ـ يەتلىك دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ ئىشلەپ، شۇ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى مۇ ـ ئاۋىن نازىر دەرىجە بىلەن دەم ئېلىشقا چىققان.

دۆلەتخان ھەسەنوف 1991 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى كېسەل سەۋەبى بىلەن 77 يېشىدا قومۇل شەھىرىدە ۋاپات بولغان.



ئەخمەتجان قاسىمى قومۇل پارتىزانلىرىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن بىللە
ئوڭدىن: ئونانباي بەيجىيەن، ئەخمەتجان قاسىمى، سېيىت قۇربان،
ئۆرە تۇرغان كىشى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ كاتىپى نۇردۇنبەگ



قومۇلدا تۇرۇشلۇق 3 ـ باتالىيوندىكى قىسمەن ئوفىتسېرلارنىڭ
1951 ـ يىل 10 ـ ئايدا قومۇل خاتىرە سارىيىدا چۈشكەن خاتىرە سۈرىتى
ئولتۇرغانلار (ئوڭدىن سولغا): ئەخمەت تۇردىيېف، فەن چۈشى، خې ـ
لىل زۇنۇنوف، ئەخمەتباي قابدۇللايېف، ئابدۇللا نىيازوف.
ئۆرە تۇرغانلار (ئوڭدىن سولغا): نۇرجان كەڭرىبېرگىن، مۇقاتاي،
يىس قوجايېف، مۇقاجان قالى، ئابدۇۋەلى ئىبراھىموف، مۇھەممەت ئەخ ـ
مەتوف.



ئوڭدىن: ئابلەت نىياز (3 ـ باتالىيون 7 ـ روتا 1 ـ ئىززۋوت 1 ـ ئودلىنىيەنىڭ كوماندىرى)، خوجى ئەخمەت (7 ـ روتا 1 ـ ئىززۋوت 2 ـ ئودلىنىيەنىڭ كوماندىرى)، مەتموسا هوشۇر (7 ـ روتا 3 ـ ئىززۋوت 2 ـ ئودلىنىيەنىڭ كوماندىرى).



چىگە تۇياقبايېف (ئوڭدا، قازاق، 7 ـ روتىنىڭ كاتىپى)، تۇرداخۇن مامۇتوف (سولدا، 7 ـ روتا 2 ـ ئىززۋوت 1 ـ ئودلىنىيەنىڭ كوماندىرى) بىلەن بىللە



3 ـ باتالىيون 8 ـ روتىدىكى قىسمەن كوماندىر ـ جەڭچىلەرنىڭ 1953 ـ يىل 1 ـ ئايدا سۈيدۈڭ قارىغولدا چۈشكەن خاتىرە سۈرىتى.

بىرىنچى رەت، ئولتۇرغانلار: (ئوڭدىن سولغا): يىس قوجايېف (قازاق، روتىنىڭ زاپخوزى)، جامابېك (قازاق، جاڭگىربېك دەپمۇ ئاتىلىدۇ، روتىنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى)، ئابدۇرېھىم خوجامنىياز (روتىنىڭ كوماندىرى)، بىمولla قابدۇللا (قازاق، 1 ـ ئىزۋوتنىڭ كوماندىرى).

ئىككىنچى رەت، ئۆرە تۇرغانلار: (ئوڭدىن سولغا): دالايقان (قازاق، روتىغا بىۋاستە قاراشلىق سىۋەر ـ ئالاقە ئودلىنىيەسىنىڭ كوماندىرى)، ئامانتۇر (قازاق، روتىنىڭ سانىتارى)، ئابدۇراخمان ھەسەن (1 ـ ئىزۋوت 4 ـ ئودلىنىيەنىڭ كوماندىرى)، ئەرشىدىن زىكرىيا (1 ـ ئىزۋوتنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى).

ئۈچىنچى رەت: يۈسۈپ ئەزىمەت (جەڭچى)، ئابدۇكېرىم نىيازوف (1 ـ ئىزۋوت 1 ـ ئودلىنىيەنىڭ كوماندىرى)، ياقۇپ ئەيسا (روتىنىڭ ئاقارتىش ئوقۇتقۇچىسى، مۇئاۋىن ئىزۋوت دەرىجىلىك)، قاسىم سالى (جەڭچى)، ئابدۇرېشىت باقى (روتىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي يېتەكچىسى).

*(بۇ رەسىمدىكى كوماندىر ـ جەڭچىلەرنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسىنى ئابدۇرېھىم خوجامنىياز بىلەن ئەرشىدىن زىكرىيا ئېيتىپ بەرگەن)*



ئەخمەت تۇردىيېۋ قومۇلدىكى سەپدىشى ھاجى سالى نىياز ۋە ۋاپات بولۇپ كەتكەن سەپداشلىرى زاھىر باقى، يەھيا ئىمىنلەرنىڭ پەرزەنتلىرى بىلەن بىللە.

سولدىن: ئەخمەت يەھيا، ئەخمەت تۇردىيېۋ، ھاجى سالى نىياز، نىجات زاھىر.



ئابدۇراخمان مۇتىللا كۆپچىلىككە ئەخمەت تۇردىيېۋنىڭ تەرجىمىھالىنى تونۇشتۇرماقتا.

سولدىن: ئەخمەت تۇردىيېۋ، ئەخمەت ھەمدۇللا، ئابلىمىت ئابدۇللا، ئابدۇراخمان مۇتىللا.




ئەخمەت تۇردىيېۋ شېئىر ئوقۇماقتا.



ئەخمەتجان ياسىن (ئىقبال) شېئىر ئوقۇماقتا.
سولدىن: ئىسكەندەر سەمەت، ئەخمەتجان ياسىن، ئەخمەت تۇردىيېۋ.



ئەخمەت ھەمدۇللا شېئىر ئوقۇماقتا.
سولدىن: ئىسكەندەر سەمەت، ئەخمەت ھەمدۇللا، ئەخمەتجان ياسىن، ئەخمەت تۇردىيېف.



ھەجەرگۈل يۇنۇس شې-ئىر ئوقۇماقتا.
سولدىن: ئىسكەندەر سەمەت، ھەجەرگۈل يۇنۇس.



ئوڭدىن: ئالى ئى-مىن، خوجا سالى، ئەخمەت تۇردىيېف، ئابلىمىت ئابدۇللا (ئاپتور) ئىنقىلابىي قۇربان بىيسىنبىنىڭ ئەكىجان (قازاق) نىڭ قەبرىسى ئالدىدا.



ئەخمەت تۇردىيېف (ئوڭدا) بىلەن تۇرغۇن پالۋان (سولدا) بىللە.



سولدىن: خالمۇرات ئابلىمىت، خوجى سالى، ئەخمەت تۇردىيېف، تۇرغۇن پالۋان، ئابلىمىت ئابدۇللا.



ئەخمەت تۇردىيېۋ ئۈرۈمچىدە پولكوۋنىك سوپاخۇن سۇۋۇروۋ ئائىلىسىدە.

سولدىن: سوپاخۇن سۇۋۇروۋ، ئەخمەت تۇردىيېۋ، ئەخمەتجان مۇھەممىدى.



قومۇل شەھىرى تەڭرىتاغ يېزىسى ئىبدىر كەنتىگە دەپنە قىلىنغان مىللىي ئارمىيە جەڭچىسى مىجىت ئىبراھىمنىڭ قەبرىسى.



قومۇل شەھىرى شەھەر ئىچى يېزىسى كۆتەمە قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ قەبرىسى:

سولدىن: ئابلىكىم، مۇھسىنۇر ساپا، مەخسۇت ئىدرىس، ئۆمەرجان، تېزەكچى دۆلەتباي (قازاق).

ئىككىنچى بۆلۈم

# 3 ـ باتالىيوننىڭ 9 ـ روتىسى تۇرپاندا

## 9 ـ روتا كېلىشتىن ئىلگىرىكى تۇرپان ۋەزىيىتى

تۇرپان خەلقى تارىختىن بۇيان ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت بىلەن يەرلىك فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ زۇلمىنى يەتكۈچە تارتقان بولۇپ، 1912 ـ يىلى مۆيدىن خەلىپە ۋە ئەمەتلەر رەھبەرلىكىدە بىرىنچى قېتىم، 1932 ـ يىلى ئاكا ـ ئۇكا مەخسۇت مۇھىتى بىلەن مەھمۇت مۇھىتلار رەھبەرلىكىدە ئىككىنچى قېتىم، 1947 ـ يىل 7 ـ ئايدا ئابدۇراخمان مۇھىتى رەھبەرلىكىدە ئۈچىنچى قېتىم قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنىدى. 1947 ـ يىلدىكى خەلق قوزغىلىڭىنىڭ رەھبىرى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا 11 ماددىلىق «تىنچلىق بىتىم» ئىمزالىنىپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق خەلق ۋەكىللىرىنىڭ كۈچ چىقىرىشى بىلەن تۇرپان ناھىيەسىنىڭ ھاكىملىقىغا ئابدۇراخمان مۇھىتى سايلانغانىدى. قوزغىلاڭچى قوشۇن بىلەن گومىنداڭ قوشۇنى ئوتتۇرىسىدىكى كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا زور پەرق بولغاچقا، قوزغىلاڭچى قوشۇن ئابدۇراخمان مۇھىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىستراتېگىيەلىك چېكىنىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىن-

قىلابىنىڭ مەركىزىي بازىسى غۇلجىغا بېرىپ ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسىگە قوشۇلۇپ كېتىدۇ.

ئابدۇراخمان مۇھىتى رەھبەرلىك قىلغان قوزغىلاڭچى قوشۇن تۇرپاندىن چېكىنىپ كەتكەندىن كېيىن تۇرپاننى ئاق تېررورلۇق قاپلاپ كېتىدۇ. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ تۇرپاندا تۇرۇشلۇق قىسىملىرى ۋە ساقچى دائىرىلىرى قوزغىلاڭغا قاتناشقان ۋە ھېسداشلىق قىلغان كىشىلەرنى ۋەھشىي ئۇسۇللار بىلەن قىيناپ ئۆلتۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە نۇرغۇنلىغان بىگۇناھ كىشىلەرمۇ ئۆلتۈرۈلىدۇ. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئابدۇراخمان مۇھىتىغا ئوخشاش خەلقپەرۋەر كىشىلەرنىڭ ئورنىغا ئۆزلىرىنىڭ كەتمىنىنى چېپىپ، يۇندىسىنى يالايدىغان غالچىلارنى تۇرپان ناھىيەسىنىڭ ھەر دەرىجىلىك ئورگانلىرىغا سەپلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن خەلق ئۈستىدىكى زۇلۇم - ئېكسپىلاتاسىيە تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كېتىدۇ. خەلقنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتكە قارشى كۈرىشى تاكى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانغا قەدەر داۋاملىشىدۇ.

## 9 - روتىنىڭ تۇرپانغا كېلىش سەۋەبى

9 - روتا تۇرپان - پىچان پارتىزانلىرى ئاساسىدا قۇرۇلغان روتا بولۇپ، يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك 1947 - يىلى 7 - ئايدا شۇ ۋاقىتتىكى تۇرپان ناھىيەسىنىڭ ھاكىمى ئابدۇراخمان مۇھىتى رەھبەرلىك قىلغان تۇرپان خەلقىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى سىڭگىم ئېغىزى قوزغىلىڭى پارتلايدۇ. قوزغىلاڭغا پىچان، توقسۇن خەلقىمۇ ئاۋاز قوشىدۇ ۋە قاتنىشىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك قوزغىلاڭچى قوشۇن بىلەن گومىنداڭ قوشۇنى ئوتتۇرىسىدا كۈچ جەھەتتە پەرق زور بولغاچقا، قوزغىلاڭ ئاخىرى مەغلۇپ بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن 800 دىن ئارتۇق قوزغىلاڭچى قوشۇن

ئابدۇراخمان مۇھىتى قاتارلىق قوزغىلاڭ رەھبەرلىرىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن 1947 - يىل 7 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئىستراتېگىيەلىك چېكىنىش نىشانىنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مەركىزى بازىسى غۇلجىغا قارىتىپ يۈرۈش قىلىدۇ. تۇيۇق، چالغۇن، قارا يۇزى غولى، گوجەي، پوچەي، ئالغۇن، ئېگىز داۋان قاتارلىق جايلاردا نۇرغۇنلىغان قانلىق جەڭلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى قىسىملىرىنىڭ كۆپ قېتىملىق توسۇپ زەربە بېرىشى، قوغلاپ زەربە بېرىشى، قورشاپ زەربە بېرىشلىرىدىن باتۇرلۇق بىلەن بۆسۈپ ئۆتۈپ، 208 نەپەر قوزغىلاڭچى ئابدۇراخمان مۇھىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە 1947 - يىل 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى غەلىبىلىك ھالدا ئازاد رايون غۇلجا شەھىرىگە يېتىپ بارىدۇ.

ئابدۇراخمان مۇھىتى رەھبەرلىك قىلغان تۇرپان، پىچان پارتىزانلىرى غۇلجىغا بارغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بىلەن مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق ئىشتابى رەھبەرلىرى ۋە مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولىدۇ. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بىلەن مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ قارارىغا ئاساسەن تۇرپان — پىچان پارتىزانلىرى غۇلجا زاپاس پولكىنىڭ[1] قىلىچ ئىسكادرونى قىلىپ ئۆزگەرتىپ تەشكىللىنىدۇ. بۇ ئىسكادروننىڭ رەھبەرلىك ئاپپاراتى تۆۋەندىكى كىشىلەردىن تەركىب تاپقان ئىدى:

ئىسكادرون كوماندىرى — ئىمىن زاھىدى.
مۇئاۋىن كوماندىرى — بوۋكەي مۇقايوف (قازاق).
سىياسىي يېتەكچىسى — رەجەپ توختى.
دوختۇر — توختىيوف.

---

[1] پولك كوماندىرى — ئابلاخان مەخموتوف، سىياسىي كومىسسارى — توختى ئىبراھىموف.

ئات دوختۇرى ــ يۇسۇپجان.

تەلىم ـ تەربىيە يېتەكچىسى ــ سىدىقوف.

قورال ـ ياراغ ئۆگىتىشكە مەسئۇل خادىم ــ خۇدابەردى.

كاتىپ ــ ھەمدۇللا زاھىت، كېيىن ئىبراھىم رازىيوف كاتىپ بولغان.

زاپخوز ــ ئابدۇراخمان باقى، كېيىن ئابدۇۋاھىت ئولاتايىف زاپخوز بولغان.

بۇ ئىسكادىرونغا قاراشلىق جەمئىي تۆت ئىنزۇوت بار بولۇپ، بۇ ئىنزۇوتلارنىڭ كوماندىرلىرى تۆۋەندىكىچە:

1 ـ ئىنزۇوتنىڭ كوماندىرى ــ تۇردى سەپىرى، مۇئاۋىن كوماندىرى ــ رەجەپ ئەبەيدۇللا.

2 ـ ئىنزۇوتنىڭ كوماندىرى ــ روزى خېۋىرۇوف، مۇئاۋىن كوماندىرى ــ ئابدۇراخمان باقى.

3 ـ ئىنزۇوتنىڭ كوماندىرى ــ ئەخمەتنىياز ئىبراھىم، مۇئاۋىن كوماندىرى ــ ئابدۇۋاھىت ئولاتايىف.

4 ـ ئىنزۇوتنىڭ كوماندىرى ــ خېلىل ئابدۇنىياز ھاجى، مۇئاۋىن كوماندىرى ــ مەسۇم ھوشۇر قاتارلىق كىشىلەردىن تەركىب تاپقان ئىدى.

قىلىچ ئىسكادىرونىنىڭ يۇقىرىقى رەھبەرلىك ئاپپاراتىدىكى كىشىلەردىن بوۋكەي مۇقايوف، توختىيېف، يۇسۇپجان، سىدىقوف، خۇدابەردى قاتارلىق ئوفىتسېرلارنى مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق ئىشتابى سەپلەپ ئەۋەتكەن خادىملار ئىدى.

مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق ئىشتابى يەنە بايانداي ھەربىي مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى سىدىقھاجى تۇردى (1913 ــ 1962)بىلەن غۇلجا زاپاس پولك 1 ـ باتالىيونىنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى ئابابەكرى تۇردىيېف[1] قىلىچ ئىسكادىرونىغا مەسلىھەتچى قىلىپ ئەۋەتكەن ئىدى. يەنە مىللىي ئارمىيە باش قوماندان-

[1] ئابدۇۋاھىت ئولاتايىفنىڭ ئېيتىشىچە ئابابەكرى تۇردىيېف «ئانا يۇرت» رومانىدىكى قەشقەرلىك ئابدۇللا باينىڭ ئاكىسىنىڭ ئوغلى ئىكەن.

لىق ئىشتابى ئورگىنىدا تەشۋىقاتچى بولۇپ ئىشلەۋاتقان ئاسىم مەمىروفنى[1] سىدىقهاجى تۇردى بىلەن ئابابەكرى تۇردىيېفقا كاتىپ قىلىپ ئەۋەتكەن ئىدى.

سىدىقهاجى تۇردى 1945 - يىل 4 - ئايدا پولكوۋنىك سوپاخۇن سۇۋۇروفنىڭ قوماندانلىقىدا 125 كوماندىر - جەڭچى مايىتاغدىن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيە سېپىگە قوشۇلغان، قوزغىلاڭچى قوشۇن تەركىبىدە ئىنزۇۋت كوماندىرى، قوزغىلاڭ كۆتەرگەندىن كېيىن قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى بولغان. قوزغىلاڭچى قوشۇن غۇلجىغا بارغاندىن كېيىن مايىتاغدىن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ كەلگەن قىسىم ئاساسىدا مىللىي ئارمىيەنىڭ جەنۇبىي يۆنىلىش قىسىملىرى تەشكىللەنگەندە سوپاخۇن سۇۋۇروف بۇ قىسىمغا قوماندان، سىدىقهاجى تۇردى مۇئاۋىن قوماندان بولۇپ تەيىنلىنىپ، جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلغان ۋە باي، قورغان، ئاقسۇ كونا شەھەر، ئاقسۇ يېڭى شەھەر قاتارلىق جايلارنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. قىسىم بۇيرۇق بىلەن غۇلجىغا قايتىپ چىققاندىن كېيىن، سىدىقهاجى تۇردى مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق ئىشتابى ئاچقان باياندايدىكى ھەربىي مەكتەپنىڭ 1 - قارارلىق كۇرسىدا ئوقۇپ مەزكۇر مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان ۋە 2 - قارارلىق ھەربىي كۇرسقا قاتنىشىدىغان تۇرپان - پىچان پارتىزانلىرىدىن تەركىب تاپقان قىلىچ ئىسكادىرونىدىن كەلگەن كۇرسانتلارغا دەرس ئۆتكەن. سىدىقهاجى تۇردى يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك ئۇزۇن يىل ھەربىي بولۇپ، كۆپنى كۆرگەن، تەجرىبىلىك كوماندىر بولغاچقا، قىلىچ ئىسكادىرونى تەركىبىدىكى كوماندىر - جەڭچىلەرگە زور ئەجىر سىڭدۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن تۇرپان - پىچان پارتىزانلىرىدىن تەركىب تاپقان مىللىي ئارمىيە زاپاس پولكىنىڭ قىلىچ ئىسكا-

[1] ئاسىم مەمىروف 2008 - يىلى 11 - ئاينىڭ 3 - كۈنى 80 يېشىدا ئۇرۇمچىدە ۋاپات بولغان.

دىرونى ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيە-سىنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغان. بۇ ئىسكادىرون 1948 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى غۇلجىدا مىللىي ئارمىيە قۇرۇلغان-لىقىنىڭ تۆت يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىدە پاراتتىن ئۆ-تۈپ ئۆزلىرىنىڭ بىر جەڭگىۋار قوشۇن ئىكەنلىكىنى نامايان قىلغان. شۇ ۋاقىتتا رەئىس سەھنىسىدە ئولتۇرغان ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى گېنېرال مايور دەلىلقان سۇگۇربايوف ئەخمەتجان قاسىمىدىن «بۇ قايسى قى-سىم؟» دەپ سورىغاندا: «بۇ ئۆتكەن يىل 8 ـ ئايدا تۇرپان ـ پىچاندىن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ غۇلجىغا كەلگەن پارتىزانلار» دەپ جاۋاب بەرگەن. دەلىلقان ئەخمەتجانغا «مۇشۇ ئىسكادىروننى ماڭا بەرسىڭىز، مەن ئالتاينى مۇشۇ ئىسكادىرون بىلەنلا ساقلىيالاي-مەن» دەپ بۇ ئىسكادىرونغا يۇقىرى باھا بەرگەن.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىكنىڭ «پارتىزانلارنى يۇرتىغا قايتۇرۇش» توغرىسىدىكى يولىيورۇقىغا ئاساسەن قىلىچ ئىسكادىرونى تۇرپان-غا قايتىش توغرۇلۇق يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالغان.

## تۇرپاندىكى ئۇچرىشىش

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن قىلىچ ئىسكادىرونى 5 ـ كورپۇسنىڭ قوماندىرى لېسكىننىڭ 1950 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈندىكى بۇيرۇقىغا ئاساسەن 17 ـ چېسلا غۇلجىدىن يولغا چىقىپ، 18 ـ چېسلا ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەن. ئۈرۈمچىدە سەيپىدىن ئەزىزى ، ئابدۇراخمان مۇھىتى قاتارلىق رەھبەرلەر قىلىچ ئىسكادىرونىنىڭ ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالغان ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ قارارىغا ئاساسەن 5 ـ كورپۇس 14 ـ دىۋىزىيەنىڭ ئۈرۈمچىگە كىرىپ ئورۇنلاشقان 40 ـ پولك 3 ـ باتالىيونىنىڭ 9 ـ روتىسى قىلىپ ئۆزگەر-

تىپ تەشكىللىنىپ تۇرپانغا بېرىپ ئورۇنلىشىشى توغرۇلۇق بۇيرۇق تاپشۇرۇۋالغان. 9 ـ روتا بۇيرۇق بويىچە 1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى تۇرپانغا بېرىپ خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ تۇرپاندا تۇرۇشلۇق قىسىملىرى (6 ـ كورپۇس 16 ـ دىۋىزىيە 47 ـ پولكى) بىلەن غەلىبىلىك ئۇچراشقان.

## 9 ـ روتىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسى

قىلىچ ئىسكادىرونى غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ، 9 ـ روتىغا ئۆزگەرتىلگەن، بۇ روتىنىڭ تۇرپانغا كېلىپ ئورۇنلاشقان ۋاقىتتىكى كوماندىرلىرى تۆۋەندىكى كىشىلەردىن تەركىب تاپقان:

روتا كوماندىرى — هادى روزىيېف، مۇئاۋىن كوماندىرى — ئابدۇۋاھىت ئولاتايېف.

سىياسىي يېتەكچىسى — رەجەپ توختى.

دوختۇر — غوپۇرجان ئىبراھىموف.

كاتىپ — ئىبراھىم رازىيېف.

زاپخوز — ئابدۇرېھىم نەمتۇللا قاتارلىق كىشىلەر ئىدى.

1950 ـ يىل 6 ـ ئايدا 40 ـ پولك پارتكومىنىڭ قارارىغا ئاساسەن 9 ـ روتا رەھبەرلىك ئاپپاراتىدا چوڭ ئۆزگىرىش بولغان. ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەندىن كېيىنكى روتىنىڭ ھەر دەرىجىلىك كوماندىرلىرى تۆۋەندىكى كىشىلەردىن تەركىب تاپقان:

هادى روزىيېف 40 ـ پولكقا بىۋاسىتە قاراشلىق مۇستەقىل قورال ـ ياراغ روتىسىنىڭ (مىناميوت، ئېغىر پىلىموت قاتارلىق قوراللار بار) كوماندىرلىقىغا تەيىنلىنىدۇ. بۇ روتىنىڭ كوماندىرلىقىنى ئۆتەۋاتقان سوپى ئايۇپوف 9 ـ روتىنىڭ كوماندىرلىقىغا تەيىنلىنىدۇ. ئابدۇۋاھىت ئولاتايېف شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئاچقان مىللىي كادىرلارنى تەربىيەلەش كۇرسىغا ئوقۇشقا كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا 40 ـ پولك 2 ـ باتالىيونغا

ۋاقىتلىق مۇئاۋىن سىياسىي تەربىيەچى بولۇپ ئىشلەۋاتقان ئابدۇرېھىم خوجامنىياز 8 - ئايدا 9 - روتىغا مۇئاۋىن كوماندىر بولۇپ تەيىنلىنىدۇ. 12 - ئايدا ئۇ قومۇلدىكى 3 - باتالىيون 8 - روتىنىڭ كوماندىرلىقىغا تەيىنلەنگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا 9 - روتا 1 - ئىزۋوتنىڭ كوماندىرلىقىنى ئۆتەۋاتقان تۇردى سەپىرى مۇئاۋىن روتا كوماندىرلىقىغا ئۆستۈرۈلىدۇ. رەجەپ توختى يەرلىككە ئالمىشىپ، سابىق شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى خەلق ئىشلىرى نازارىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلەنگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا 40 - پولك ئارقا سەپ خىزمىتىنى ئىشلەۋاتقان مۇھەممەت باقى سىياسىي يېتەكچىلىككە تەيىنلىنىدۇ. ئۇ يەنە خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن 40 - پولك ئارقا سەپ كەسپىي بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەندىن كېيىن چۆچەكتە تۇرۇشلۇق 41 - پولكقا بىۋاسىتە قاراشلىق دۆربىلجىندە تۇرۇشلۇق ئىسكادرونىنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى رەھمىتۇللا ھەمدۇللايېۋ 9 - روتىنىڭ سىياسىي يېتەكچىلىكىگە تەيىنلىنىدۇ. دوختۇر غوپۇرجان ئىبراھىموف 40 - پولك دوختۇرخانىسىغا يۆتكەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا رەجەپ مەمتادۇللا دوختۇر بولۇپ تەيىنلىنىدۇ. كاتىپ يەنىلا ئىبراھىم رازىيېۋ بولۇپ، كېيىن ئابدۇرېھىم نەمتۇللا كاتىپلىققا تەيىنلىنىدۇ. زاپخوز ئابدۇرېھىم نەمتۇللانىڭ ئورنىغا مەسۇم ھوشۇر زاپخوزلۇققا تەيىنلىنىدۇ.

9 - روتىغا قاراشلىق جەمئىي تۆت ئىزۋوت بار بولۇپ، كوماندىرلىرى تۆۋەندىكى كىشىلەردىن تەركىب تاپقانىدى:

1 - ئىزۋوت كوماندىرى — تۇردى سەپىرى، كېيىنكى كوماندىرى — رەجەپ ئەبەيدۇللا.

2 - ئىزۋوت كوماندىرى — نىياز سېتىنىياز.

3 - ئىزۋوت كوماندىرى — مۇھەممەت نىيازوۋ (ئاخۇنوف دەپمۇ ئاتىلىدۇ.)

4 - ئىزۋوت (پىلموت ئىزۋوتى) كوماندىرى — روزى خې-

ۋىرروف، كېيىنكى كوماندىرى — ئەمەت روزىيېف.

## يوغان تېرەكتىكى جەڭ

9 - روتا تۇرپانغا بېرىپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى 6 - كورپۇس 16 - دىۋىزىيەسىنىڭ تۇرپاندا تۇرۇشلۇق 47 - پولكى بىلەن بىرلىكتە تۇرپان - پىچان ناھىيەسىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش بىلەن بىللە جەمئىيەت ئامانلىقىغا ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ خاتىرجەم تۇرمۇشىغا، نورمال ئىشلەپچىقىرىشقا تەھدىت سېلىۋاتقان گومىنداڭ قىسىملىرى ئىچىدىكى ھەقىقەتكە قارشى جاھىل كۈچلەر ۋە قوراللىق باندىتلارنى تازىلاپ، تۇرپان - پىچان ناھىيەسىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاشتىن ئىبارەت بىر قاتار ئېغىر ۋە جاپالىق ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالغانىدى.

1951 - يىل 7 - ئايدا گۇچۇڭدىكى يۇنۇس باندىتنىڭ شايكىلىرى تۇرپاننىڭ يوغان تېرەك (داخېيەن) تاغلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ خەلق ئاممىسىنىڭ مال - مۈلكىنى، چارۋىلىرىنى بۇلاپ - تالايدۇ. بۇ تاغدا 9 - روتىنىڭ بىر ئودلىنىيەسى بار بولۇپ، روتىنىڭ 500 دەك قوينى باقاتتى. باندىتلار تاغدا قوي باققان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، دائىم ئودلىنىيە تۇرۇشلۇق جايغا كېلىپ، جەڭچىلەرگە يالغان سۆزلەپ «بىزمۇ تاغدا قوي باقىمىز، دوست بولۇپ، باردى - كەلدى قىلىپ ئۆتسەك» دېگەندەك تەكلىپلەرنى بېرىدۇ. جەڭچىلەر باندىتلارنىڭ مەقسىتىنى بىلمىگەچكە ئۇلارنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، باندىتلار كەلسە مېھمان قىلىدۇ. بۇ ئودلىنىيەدە بىر دانە دىكتار پىلىموت ۋە باشقا ياخشى قوراللار بار بولۇپ، باندىتلارنىڭ كۆزى مۇشۇ قوراللارغا چۈشۈپ، ئۇلار قايتىپ بارغاندىن كېيىن مەسلىھەتلىشىپ، كېچىدە بۇ ئودلىنىيەگە ھۇجۇم قىلىدۇ. جەڭچىلەر 3 - ئىنزۋوت كوماندىرى مۇھەممەت نىيازوف (ئاخۇنوف) نىڭ قوماندانلىقىدا باندىتلارغا قارشى ئوت ئېچىپ

قايتۇرما زەربە بېرىدۇ. جەڭچى مۇھەممەت جامال (تۇرپان قۇرۇتقۇ ـ
لۇق) پىلىموت بىلەن ئوت ئېچىپ ئۇلارنى چېكىندۇرىدۇ. ئوت ئې ـ
چىۋاتقاندا ئۇنىڭ بېشىغا ئوق تېگىپ قۇربان بولىدۇ. ئودلىنىيە تۇ ـ
رۇشلۇق جايدا بىر يۇمىلاق قازاق ئۆيى بار بولۇپ، ئودلىنىيە كوما ـ
ندىرى مۇھەممەت ئەسىمتۇللا يېنىدا تۇرغان قازاق جەڭچىگە ئۆينىڭ
كىگىز تېمىدىن تۆشۈك ئېچىشنى بۇيرۇيدۇ. تۆشۈك ئېچىلغاندىن
كېيىن 3 ـ ئىزۋوت 4 ـ ئودلىنىيە كوماندىرى مۇھەممەت ئەسىم ـ
تۇللا مۇھەممەت جامال ئاتقان پىلىموت بىلەن قايتا ھۇجۇم قىلىپ
كەلگەن باندىتلارغا ئوت ئېچىپ ئۇلارنى تارمار كەلتۈرىدۇ ۋە ئۇڭ
قولىغا ئوق تېگىپ يارىلىنىدۇ. بۇ ئۇرۇشتا يەنە بىر جەڭچى بارىن ـ
چاپمۇ[1] قۇربان بولىدۇ. باندىتلارنىڭ ھۇجۇمى تارمار كەلتۈرۈلگەن ـ
دىن كېيىن ئودلىنىيە كوماندىرى مۇھەممەت ئەسىمتۇللا روتىنىڭ
قويلىرىنى جەڭچىلەر بىللە ھەيدەپ قايتىپ كېلىدۇ. روتا كو ـ
ماندىرى سوپى ئايۇپوف مۇھەممەت ئەسىمتۇللانىڭ يۇقىرى نىقىدەك
تۆھپىسىنى پولك رەھبەرلىكىگە دوكلات قىلغاندىن كېيىن، پولك
رەھبەرلىكى ئۇنىڭ تۆھپىسىنى شىنجاڭ ھەربىي رايونىغا دوكلات
قىلىدۇ. شىنجاڭ ھەربىي رايونى رەھبەرلىكى مۇھەممەت ئەسىم ـ
تۇللانىڭ[2] يۇقىرى نىقىدەك تۆھپىسى ئۈچۈن «ئۈچىنچى دەرىجىلىك
خىزمەت كۆرسەتتى» دەپ ئەنگە ئېلىپ مۇكاپاتلايدۇ. مۇشۇ قې ـ

---

[1] بارىنچاپ غۇلجىنىڭ چاپچال ناھىيەسىدىن بولۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق
ئىشلىرى نازارىتى تۈزگەن «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ئىنقىلابىي قۇر ـ
بانلار رويخېتى» ناملىق كىتابنىڭ 56 ـ بېتىدە بارىنچاپنىڭ ئىسمىنى «جوڭ ۋىن ـ
لۇ، ئەر، شىبە، چاپچال ناھىيەسىدىن، 1929 ـ يىلى تۇغۇلغان، 1947 ـ يىلى
ئىنقىلابقا قاتناشقان، 1951 ـ يىلى تۇرپاندا باندىت تازىلاشتا قۇربان بولغان» دەپ
ئىزاھات بەرگەن.

[2] مۇھەممەت ئەسىمتۇللا كېيىن يەرلىكتە ئالىمشىپ، ئاپتونوم رايونلۇق قاتـ ـ
ناش سىستېمىسىدا ئىشلىگەن، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا خىزمەتتىن بوشـ ـ
تىۋېتىلگەن. 1980 ـ يىل 3 ـ ئايدا سوپى ئايۇپوف تۇرپان شۆبە ھەربىي رايونىغا
مۇئاۋىن قوماندان بولۇپ تۇرپانغا بارغاندىن كېيىن مۇھەممەت ئەسىمتۇللانىڭ
ئەھۋالىدىن خەۋەر تېپىپ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ خىزمەت
مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ بەرگەن. ئۇ 2006 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى كې ـ
سەل سەۋەبى بىلەن 84 يېشىدا تۇرپان شەھىرىدە ۋاپات بولغان.

تىمقى ئۇرۇشتىن كېيىن مۇھەممەت نىيازوف قوماندانلىقىدىكى 3 - ئىنزۋوت گۇچۇڭدىن كەلگەن باندىتلار بىلەن بىر قانچە قېتىم ئۇرۇش قىلىپ ئۇلارنىڭ ھۇجۇمىنى تارمار قىلىدۇ. رەجەپ ئەبەيدۇللا قوماندانلىقىدىكى 1 - ئىنزۋوت، نىياز سېتىنىياز قوماندانلىقىدىكى 2 - ئىنزۋوت، ئەمەت روزىيېق قوماندانلىقىدىكى 4 - ئىنزۋوت روتا كوماندىرى سوپى ئايۇپوفنىڭ قوماندانلىقىدا پىچانغا بېرىپ، پىچاننىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش بىلەن بىرگە ئاساسلىقى قومۇل باندىتلىرىدىن مۇداپىئەلەنگەن ئىدى.

ئارىدىن تۆت ئاي ئۆتۈپ، 1951 - يىل 11 - ئايدا گۇچۇڭدىكى يۇنۇس باندىتىنىڭ شايكىلىرى يەنە سىڭگىم، قارا غوجا تەرەپتىن باستۇرۇپ كېلىپ، خەلقنىڭ مال - مۇلكىنى بۇلاپ تالايدۇ. 9 - روتا بار كۈچى بىلەن باندىتلارغا قارشى قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئۇلارنى قوغلاپ گۇچۇڭ تاغلىرىدىن ئۆتكۈزۈپ تاشلايدۇ ۋە ئۈچ نەپەر باندىتنى ئەسىرگە ئېلىپ شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. باندىتلارغا قارشى كۈرەش تاكى 1952 - يىلنىڭ بېشىغىچە داۋاملىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تۇرپان رايونىغا تەھدىت سېلىۋاتقان قوراللىق باندىتلار ئاساسىي جەھەتتىن تازىلىنىپ بولىدۇ. 9 - روتا تۇرپانغا كېلىپ دەسلەپ شاكىرنىڭ زاۋۇتىدا، كېيىن سېپىلنىڭ كەينىدە ماي زاۋۇتىدا ، ئاخىرىدا جەنۇبىي قوۋۇقتا تۇرىدۇ.

## يېڭى ئەسكەر — يېڭى كۈچ

9 - روتىنىڭ ئادەم سانىنى تولۇقلاپ، جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن يۇقىرىنىڭ قارارىغا ئاساسەن 1951 - يىلنىڭ ئاخىرى 9 - روتىغا يېڭى ئەسكەر قوبۇل قىلىشقا باشلايدۇ. تۇرپان، پىچان ناھىيەسىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئەسكەر-

لىككە تىزىملىتىشقا كەلگەن ياشلارنى روتا كوماندىرى سوپى ئا-يۇپوفنىڭ ئايالى ھەجەر بۇۋى ئىلى[1] تىزىمغا ئالدى. تىزىمغا ئېلىنغان ياشلاردىن يۈزدىن ئارتۇق ياش لاياقەتلىك بولۇپ ئەس-كەرلىككە قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىككى نەپەر ئايالمۇ بار ئىدى. 9 - روتىنىڭ ئادەم سانى تولۇقلانغاندىن كېيىن جەڭگىۋارلىقى تېخىمۇ ئاشتى، تۆرلۈك خىزمەتلەر تېخىمۇ ياخشى ئىشلىتىلدى.

## تۇرپاندىن قايتىش

9 - روتا تۇرپاندا 1950 - يىل 1 - ئايدىن 1952 - يىل 1 - ئايغىچە ئىككى يىل تۇردى. بۇ روتا تۇرپاندا تۇرغاندا يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك تۇرپاننىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقىنى ساقلاشتا بولسۇن، باندىت تازىلاشتا بولسۇن، ئىشلەپچىقىرىشتا بولسۇن بىر قاتار جاپا - مۇشەققەتلىك مۇشكۈل كۈرەشلەردە ئالدىنقى سەپتە تۇرۇپ، جاپا - مۇشەققەتتىن، قۇربان بېرىشتىن قورقماي زور تۆھپىلەرنى قوشۇپ، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسىنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، تۇرپان خەلقىگە شان - شەرەپ كەلتۈرۈش بىلەن بىرگە كەڭ ھەر مىللەت خەلق ئاممى-سىنىڭ يۈكسەك ئىززەت - ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغانىدى. 9 - روتا رەھبەرلىك تاپشۇرغان تۆرلۈك ۋەزىپىلەرنى تولۇق ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن، بۇيرۇق بويىچە 1952 - يىل 1 - ئايدا تۇر-پاندىن يۆتكىلىپ ئۈرۈمچىگە چىقىپ، 40 - پولك بىلەن بىللە غۇلجا سۈيدۇڭگە يۆتكىلىدى.

9 - روتىنىڭ 1 - ، 2 - ، 4 - ئىنژۋوتلىرى مۇئاۋىن روتا كوماندىرى تۇردى سەپىرى بىلەن سىياسىي يېتەكچى رەھمە-

---

[1] ھەجەر بۇۋى: 2007 - يىل 8 - ئاينىڭ 12 - كۈنى 71 يېشىدا ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولغان.

تۇللا ھەمدۇللايېفنىڭ يېتەكچىلىكىدە تۇرپاندىن يولغا چىقىدۇ. روتا كوماندىرى سوپى ئايوپوف 3 - ئىزۋوتنىڭ كوماندىرى مۇھەممەت نىيازوف بىلەن بىللە بىر ئىزۋوت جەڭچىنى ئېلىپ قېلىپ، ئۇرۇشتا ئەسىرگە چۈشكەن باندىتلارنى بىر تەرەپ قىلىپ بولۇپ، 3 - ئايدا غۇلجا سۈيدۈڭگە بارغاندىن كېيىن، قومۇلدىن قايتىپ كەلگەن 3 - باتالىيون تەركىبىدە پولك بىلەن بىللە چوڭ ئىشلەپچىقىرىشقا قاتنىشىدۇ.

1954 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى قىسىملىرىدا زور ئۆزگىرىش بولۇپ، 5 - كورپۇسنىڭ كۆپ قىسمى كەسىپ ئالماشتۇرۇپ، شىنجاڭ قۇرۇلۇش ئارمىيەسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، يەنە مىڭغا يېقىن كوماندىر - جەڭچى جامائەت خەۋپسىزلىكى قىسىملىرىغا يۆتكىلىدۇ. يەنە بىر قىسىم ھەربىيلەر ھەربىي سەپتىن بوشاپ ئائىلىسىگە قايتىدۇ. 1954 - يىل 6 - ئايدا 5 - كورپۇسنىڭ ئىشتاتى رەسمىي ئەمەلدىن قالىدۇ.

# كوماندىرلار ئارخىپى

## 1. ھادى روزىيېۋ



ھادى روزىيېۋ 1923 ـ يىلى 9 ـ ئاي-نىڭ 15 ـ كۈنى تۇرپان شەھىرىنىڭ ئاستانە يېزىسى تۆۋەن مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. 1932 ـ يىلى 12 ـ ئايغىچە ئائىلە تەربىيەسىدە بولغان. ئۇنىڭ دادىسى روزى ئاخۇن 1932 ـ يىلى 10 ـ ئايدا مەخسۇت مۇھىتى بىلەن مەھمۇت مۇھىتى ئاكا ـ ئۇكىلار رەھبەرلىك قىلغان جىن شۇرېننىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرپان دېھقانلار ئىنقىلابىغا قاتناشقان ۋە 1933 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى (پەيشەنبە) دىكى پىچان لۈكچۈن ئۇرۇشىدا قوزغىلاڭچى قوشۇن جاللات شېڭ شىسەي قوشۇنىنىڭ مۇھاسىرىسىنى بۆسۈپ چىقىش جەريانىدا روزى ئاخۇن مەخسۇت مۇھىتىلار بىلەن بىللە بەختكە قارشى قۇربان بولغان. ئون يېشىدا دادىسىدىن يېتىم قالغان ھادى روزىيېۋ ئانىسىنىڭ تەربىيەسىدە چوڭ بولغان. 1934 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1938 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە تۇرپان ئاستانىدىكى 15 ـ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان.

1938 ـ يىلى 11 ـ ئايدا جاللات شېڭ شىسەي تۇرپان، پىچان قاتارلىق جايلاردىن 150 تىن ئارتۇق ياشنى مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە تۇتىدۇ. ئەمدىلا 15 ياشقا كىرگەن ھادى روزىيېفمۇ شۇ قېتىم ئەسكەرلىككە تۇتۇلىدۇ. ئۇلار ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇپ دەسلەپ ئۈرۈمچىدە، كېيىن ماناستا تۇرىدۇ. 1941 ـ يىلى 4 ـ

ئايدا ئۈرۈمچىگە كېلىپ «12 ـ ئاپرېل» بايرىمىغا قاتنىشىپ ئاتلىق پاراتتىن ئۆتىدۇ. 5 ـ ئايدا هادى روزىيېفلار گۇچۇڭدا تۇرۇشلۇق 20 ـ پولكقا ئۇچ روتا قىلىپ ئەۋەتىلىدۇ ۋە جاللات شېڭ شىسەيگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ئوسمان ئىسلامنىڭ ئادىمى خېلىل تاجىنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇشىدۇ. ئۇرۇشتا خېلىل تاجى مەغلۇپ بولۇپ قورال تاپشۇرىدۇ. 11 ـ ئايدا هادى روزىيېفلار گۇچۇڭغا قايتىپ كېلىدۇ. 1942 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى هادى روزىيېف قاتارلىق 60 نەپەر ئەسكەر روتا كوماندىرىنىڭ باشچىلىقىدا ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قايتىدىن قىسىملارغا تەقسىم قىلىنىدۇ. هادى روزىيېف قاتارلىق بەش ئەسكەر سانجىغا تەقسىم قىلىنىپ، ئۇ يەردە يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان ئەسكەرلەرگە تەلىم ـ تەربىيە ئېلىپ بارىدۇ. بۇ قېتىمقى تەلىم ـ تەربىيەدە ئۆدلىنىيە كوماندىرلىرىنى تەربىيەلەش مەقسەت قىلىنغان بولۇپ، مۇشۇ قېتىمقى تەلىم ـ تەربىيەدىن كېيىن هادى روزىيېف ئۆدلىنىيە كوماندىرلىقىغا ئۆستۈرۈلىدۇ. 1942 ـ يىل 4 ـ ئايدا هادى روزىيېفلار يەنە ئۈرۈمچىگە بېرىپ «12 ـ ئاپرېل» بايرىمىغا قاتنىشىش ئۈچۈن جىددىي تەييارلىق قىلىۋاتقاندا ئۈرۈمچىدە شېڭ شىسەينىڭ ئىنىسى شېڭ شىچى سۇيىقەستكە ئۇچراپ ئۆلتۈرۈلگەچكە، هادى روزىيېفلار ئۆز جايىدا بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرىدۇ. 5 ـ ئايدا ئۇلار ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ، لومەنچېڭغا[①] كېلىپ ئورۇنلىشىدۇ ۋە ئۇلارغا قورال ـ ياراغ تارقىتىپ بېرىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن هادى روزىيېفلار ئەسكەر تەربىيەلەش دىۋىزىيەسى 8 ـ پولك 3 ـ باتالىيون تەركىبىدە فوكاڭغا بېرىپ ئورۇنلاشىدۇ. هادى روزىيېف 3 ـ باتالىيون 9 ـ روتا 1 ـ ئىنزۋوتنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرلىقىغا ئۆستۈرۈلىدۇ. ئۇ 1943 ـ يىل 9 ـ ئايدىن 1944 ـ يىل 2 ـ ئايغىچە 9 ـ روتىنىڭ زاپخوزى بو-

---

① لومەنچېڭنىڭ ئورنى هازىرقى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئورنىدا ئىدى.

لۇپ، بوغدا كۆلى قورۇلۇشىغا قاتنىشىدۇ. ئۇ 1944 ـ يىل 2 ـ ئايدىن 1945 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىگىچە قىسىم بىلەن ئالتاي چېگىلدە تۇرۇپ، ئوسمان ئىسلامنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا هادى روزىيېۋ 9 ـ روتا 3 ـ ئىزۋوتنىڭ كوماندىرلىقىغا ئۆستۈرۈلىدۇ. هادى روزىيېۋ 1945 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىدىن 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىگىچە بولغان ئىككى ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت تەييارلىق قىلىش ئارقىلىق 9 ـ روتا 3 ـ ئىزۋوتتىكى ئاتلىق ئەسكەرلەرگە قوماندانلىق قىلىپ، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ئىنقىلابىي سەپكە ـــ ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولغان ئالتاي پارتىزانلىرى تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىدۇ. هادى روزىيېۋ كېيىن تارباغاتاي قازاق 6 ـ ئاتلىق پولكى ئۇيغۇر 2 ـ ئىسكادرونى 1 ـ ئىزۋوتنىڭ كوماندىرلىقىغا[①] تەيىنلىنىدۇ.

هادى روزىيېۋ 1945 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىدىن 1946 ـ يىل 6 ـ ئايغىچە ماناس دەرياسى بويىدا تۇرۇشلۇق غۇلجا ئازاد نىشانلىق 2 ـ پولك 3 ـ باتالىيون 8 ـ روتا 1 ـ ئىزۋوتنىڭ كوماندىرى، 1946 ـ يىل 6 ـ ئايدىن 1947 ـ يىل 3 ـ ئايغىچە تارباغاتاي 3 ـ پولك 1 ـ باتالىيون پىلىموت روتىسىنىڭ كوماندىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ. ئۇ 1947 ـ يىل 3 ـ ئايدىن 8 ـ ئايغىچە مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق ئىشتابى ئاچقان بايانداينىكى ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇغاندىن كېيىن، 8 ـ ئايدىن 1949 ـ يىل 4 ـ ئايغىچە مەركىزىي مەكتەپتە 2 ـ ، 3 ـ قارارلىق كۇرسانتلارغا ھەربىي ئوقۇتقۇچى بولۇپ دەرس ئۆتىدۇ. ئۇ 1949 ـ يىل 4 ـ ئايدىن 7 ـ ئايغىچە غۇلجا ھەرەمباغ پولكى 2 ـ باتالىيونىنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى، 1949 ـ يىل 7 ـ ئايدىن 12 ـ ئايغىچە غۇلجا شەھەر گارنىزون قورۇ-

[①] تۇرپان ئاستانىلىق ئابلىمىت مايىتوف (2011 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى 87 ياشىدا ئۇرۇمچىدە ۋاپات بولغان) مەركىزىي ئىسكادرون 2 ـ ئىزۋوتنىڭ كوماندىرى، بارات (1955 ـ يىل سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتكەن) 3 ـ ئىزۋوتنىڭ كوماندىرلىقىغا تەيىنلەنگەن.

لۇشسنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن 1950 ـ يىل 1 ـ ئايغىچە 5 ـ كورپۇسقا قاراشلىق غۇلجا شەھەر گارنىزون قۇرۇلۇشىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، 1 ـ ئايدىن 6 ـ ئايغىچە 5 ـ كورپۇس 14 ـ دىۋىزىيە 40 ـ پولك 3 ـ باتالىيونىنىڭ تۇرپاندا تۇرۇشلۇق 9 ـ روتىسىنىڭ كوماندىرى، 6 ـ ئايدىن 1951 ـ يىل 10 ـ ئايغىچە 40 ـ پولك ئۇرۇمچى شەھەر 2 ـ ، 3 ـ رايونى گارنىزون روتىسىنىڭ كوماندىرى، 1951 ـ يىل 10 ـ ئايدىن 1952 ـ يىل 3 ـ ئايغىچە 40 ـ پولك تەشكىللىگەن باندىت تازىلاش ئاتلىق دىۋىزىيون 1 ـ ئىسكادرونىنىڭ كوماندىرى، 1952 ـ يىل 3 ـ ئايدىن 1953 ـ يىل 2 ـ ئايغىچە 40 ـ پولك باشقۇرۇش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، 1953 ـ يىل 2 ـ ئايدىن 7 ـ ئايغىچە 40 ـ پولك 1 ـ باتالىيونىنىڭ كوماندىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ.

ھادى روزىيېۋ 1953 ـ يىل 7 ـ ئايدىن 1954 ـ يىل 4 ـ ئايغىچە شىنجاڭ «1 ـ ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغاندىن كېيىن، 1954 ـ يىل 4 ـ ئايدىن 1955 ـ يىل 9 ـ ئايغىچە داۋاملىق 40 ـ پولك 1 ـ باتالىيونىنىڭ كوماندىرى، 1955 ـ يىل 9 ـ ئايدىن 1956 ـ يىل 11 ـ ئايغىچە كۆكدالا مۇستەقىل دېھقانچىلىق مەيدانى قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ.

ھادى روزىيېۋ 1956 ـ يىل 11 ـ ئايدا ھەربىي سەپتىن يەرلىككە ئالمىشىپ 1957 ـ يىل 1 ـ ئايغىچە ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇغاندىن كېيىن، 1958 ـ يىل 4 ـ ئايغىچە ئىلى ئوبلاستلىق پارتكوم يېزا ئىگىلىك بۆلۈمىنىڭ كادىرى، 1958 ـ يىل 4 ـ ئايدىن 1961 ـ يىل 6 ـ ئايغىچە ئىلى ئوبلاستلىق دولان ياشلىرى دېھقانچىلىق مەيدانى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، 1961 ـ يىل 6 ـ ئايدىن 1973 ـ يىل 3 ـ ئايغىچە مەزكۇر مەيداننىڭ مۇئاۋىن باشلىـ

قى، 1973 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن 1980 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە مەزكۈر مەيدان پارتكومىنىڭ سېكرېتارى، 1980 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن 1981 ـ يىلى 12 ـ ئايغىچە غۇلجا ناھىيەسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى، 1981 ـ يىلى 12 ـ ئايدىن 1984 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە غۇلجا ناھىيەلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ، 7 ـ ئايدا دەم ئېلىشقا چىقىدۇ.

هادى روزىيېف ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن «باتۇرلۇق»، «پىدائىيلىق»، «ئىستىقلالىيەت» قاتارلىق كۈمۈش مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان بولسا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن «غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىش»، «ئۇرۇشتا تۆھپە قوشقانلىق» قاتارلىق ئوردېن ـ مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان.

ئۇ 2005 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى 82 يېشىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن غۇلجا ناھىيەسىدە ۋاپات بولغان.

## 2. سوپى ئايۇپوف



سوپى ئايۇپوف 1925 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى سابىق ئىلى ۋىلايىتىنىڭ قورغاس ناھىيەسى چىڭسىخوزا يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1934 ـ يىلى 9 ـ ئايغىچە ئائىلە تەربىيەسىدە بولغان. 1934 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1939 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە چىڭسىخوزىدا باشلانغۇچتا، 1939 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1942 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە قورغاستا ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغاندىن كېيىن ئائىلە ئىشلىرىغا ياردەملەشكەن.

سوپى ئايۇپوف 1944 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ بېشىدا ئۈچ ۋىلا ـ

يەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ، چىڭگىسخوزا پارتىزانلىرى تا ~ ـ
دە پارتىزانلار كاتىپى بولۇپ، سۈيدۈڭ، كۈرەلەرنى ئازاد ش
ئۇرۇشىغا قاتناشقان.

ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ
مىللىي ئارمىيەنىڭ ئوتتۇرا يۈنىلىش قىسىملىرى تەركىبىدىكى
سۈيدۈڭ 1 ـ ئاتقۇچىلار پولكى تەركىبىدە جەڭچى، ئودلىنىيە
كوماندىرى، مۇئاۋىن ئىزۋوت كوماندىرى، روتىنىڭ كاتىپى قا ـ
تارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەش بىلەن بىرگە چەپەيزى، شىخو قاتار ـ
لىق جايلارنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشى ۋە قارامايىنى قوغداش ئۇ ـ
رۇشلىرىغا قاتناشقان. ئۇ 1945 ـ يىل 9 ـ ئايدىن 1947 ـ
يىل 7 ـ ئايغىچە شىخو 1 ـ پولك 1 ـ باتالىيون 1 ـ روتىنىڭ
سىياسىي يېتەكچىسى ۋە 2 ـ باتالىيون 5 ـ ئاتلىق ئىسكادى ـ
رونىنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى، 1947 ـ يىل 7 ـ ئايدىن
1949 ـ يىل 12 ـ ئايغىچە شىخو 1 ـ پولك مۇستەقىل قورال ـ
ياراغ (مىناميوت، ئېغىر تېپتىكى پىلىموتلار بار) روتىسىنىڭ
كوماندىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇ 1950 ـ
يىل 6 ـ ئايغىچە 5 ـ كورپۇس 14 ـ دىۋىزىيە 40 ـ پولكى
مۇستەقىل قورال ـ ياراغ روتىسىنىڭ كوماندىرى، 6 ـ ئايدىن
1952 ـ يىل 3 ـ ئايغىچە 40 ـ پولك 3 ـ باتالىيونىنىڭ تۆر ـ
پاندا تۇرۇشلۇق 9 ـ روتىسىنىڭ كوماندىرى، 1952 ـ يىل 3 ـ
ئايدىن 1954 ـ يىل 5 ـ ئايغىچە مۇستەقىل 4 ـ ئاتلىق پولك[①]
3 ـ ئىسكادىرونىنىڭ كوماندىرى، 1954 ـ يىل 5 ـ ئايدىن
1956 ـ يىل 6 ـ ئايغىچە مۇستەقىل 4 ـ ئاتلىق پولك قو ـ
ماندانلىق ئىشتابى تەنتەربىيە بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، 1956 ـ
يىل 6 ـ ئايدىن 1964 ـ يىل 12 ـ ئايغىچە مەزكۇر ئاتلىق پولك ـ

---

[①] بۇ پولك 1953 ـ يىل 3 ـ ئايدىن 1954 ـ يىل 4 ـ ئايغىچە جىمىسار،
فۇكاڭدا، 1954 ـ يىل 4 ـ ئايدىن 1956 ـ يىل 12 ـ ئايغىچە ئۈرۈمچى ئۆلانبايدا
تۇرغان.

نىڭ مۇئاۋىن ئىشتاب باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.
سوپى ئايۇپوۋ 1958 ـ يىل مۇستەقىل 4 ـ ئاتلىق پولكى 3 ـ باتالىيونىنىڭ 1 ـ روتىسىغا قوماندانلىق قىلىپ، قومۇل ۋىلايىتىنىڭ باركۆل، ئاراتۇرۇك ناھىيەلىرىدە كومپارتىيەگە، خەلق ھاكىمىيىتىگە قارشى كۆتۈرۈلگەن قوراللىق توپىلاڭلارنى تىنچىتىش ئۇرۇشىغا قوماندانلىق قىلغان.
سوپى ئايۇپوۋ 1964 ـ يىل 12 ـ ئايدىن 1970 ـ يىل 7 ـ ئايغىچە 4 ـ ئاتلىق پولكنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى، توقسۇن ناھىيەلىك پارتكومنىڭ سېكرېتارى، ناھىيەلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، 1970 ـ يىل 7 ـ ئايدىن 1980 ـ يىل 3 ـ ئايغىچە ئىلى شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن ئىشتاب باشلىقى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، 1980 ـ يىل 3 ـ ئايدىن 1985 ـ يىل 12 ـ ئايغىچە تۇرپان شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى، شۆبە ھەربىي رايونى پارتكومىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ، 12 ـ ئايدا دەم ئېلىشقا چىقىپ، شىنجاڭ ھەربىي رايونى كادىرلار 3 ـ دەم ئېلىش ئورنىدا ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن، دەم ئېلىش ئورنى باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، پارتكومىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.
سوپى ئايۇپوۋ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن «باتۇرلۇق»، «پىدائىيلىق»، «ئىستىقلالىيەت» قاتارلىق كۈمۈش مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان بولسا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن يەنە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن «مۇستەقىللىق» ئوردېنى، «قىزىل بايراق»، «غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىش»، «ئۇرۇشتا تۆھپە قوشقانلىق» قاتارلىق ئالتە ئوردېن ـ مېدال بىلەن مۇكاپاتلانغان. 1964 ـ يىلى ئېلىپ بېرىلغان سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىدە ئۇ يەنە

«ئەمگەك نەمۇنىچىسى»، «ئىلغار كومپارتىيە ئەزاسى»، «ئىلغار كادىر» قاتارلىق شەرەپلىك ناملارغا ئېرىشكەن.

ئۇ 2004 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى 79 يېشىدا كېـسەل سەۋەبى بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولغان.

### 3. ئابدۇۋاھىت ئولاتايېۋ



ئابدۇۋاھىت ئولاتايېۋ 1925 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى تۇرپان شەھىرىنىڭ ئاسـتانە يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1934 ـ يىل 8 ـ ئايغىچە ئائىلە تەربىيەسىدە بولغان. 1934 ـ يىل 8 ـ ئايدىن 1941 ـ يىل 7 ـ ئايـغىچە ئاستانىدىكى مەخسۇدىيە مەكتىپىدە باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئۆزى ئوقۇغان مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى ۋە تەنتەربىيە مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

ئابدۇۋاھىت ئولاتايېۋ 1947 ـ يىل 7 ـ ئايدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزـغىلاڭغا قاتنىشىپ، زەربىدارلار ئەترىتىنىڭ باشلىقى بولغان. قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، پارتىزانلار ھاكىم ئابـدۇراخمان مۇھىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىستراتېگىيەلىك يۆتكەلـگەندە، ئابدۇۋاھىت ئولاتايېۋ پىيادىلەر ئەترىتىنىڭ باشلىقى بولۇپ، قوزغىلاڭچى قوشۇن بىلەن بىللە قوغلاپ كەلگەن دۈشـمەنگە قارشى بىر قاتار قانلىق جەڭلەرنى قىلىپ، ئاخىرى غەـلىبىلىك ھالدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مەركىزى بازىسى غۇلجىغا يېتىپ بارغان.

قوزغىلاڭچى قوشۇن غۇلجىغا بارغاندىن كېيىن، ئابدۇۋاھىت ئولاتايېۋ قىلىچ ئىسكادرونىدا ئودلىنىيە كوماندىرى، ئىسكاـدىرون زاپخوزى، مۇئاۋىن ئىنزۋوت كوماندىرى، ئىنزۋوت كومانـدىرى، موئاۋىن روتا كوماندىرى، غۇلجا زاپاس پولكىدا روتا كوـ

ماندىرى، باتالىيون ئىشتابى باشلىقى، باتالىيون سىياسىي تەربىيەچىسى، مۇئاۋىن باتالىيون كوماندىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

جۇڭخۇا خەلق جۇمهۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇ 5 ـ كورپۇس 14 ـ دىۋىزىيە 40 ـ پولك 3 ـ باتالىيونىنىڭ تۇرپاندا تۇرۇشلۇق 9 ـ روتىسىنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى، 1950 ـ يىل 7 ـ ئايدا شىنجاڭ ھەربىي رايونى مىللىي كادىرلارنى تەربىيەلەش ئۇچۇن ئاچقان ئالىي كۇرستا ئوقۇغاندىن كېيىن، 14 ـ دىۋىزىيەنىڭ چۆچەكتە تۇرۇشلۇق 41 ـ پولكنىڭ دۆربىلجىندە تۇرۇشلۇق 3 ـ باتالىيونىنىڭ كوماندىرى، 41 ـ پولكنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى، پولك پارتكومىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۇ 1952 ـ يىل 12 ـ ئايدىن 1953 ـ يىل 5 ـ ئايغىچە چۆچەك چارۋىچىلىق رايونىدا دېموكراتىك ئۆزگەرتىش خىزمەت ئۆمىكىنىڭ باشلىقى بولۇپ، دېموكراتىك ئۆزگەرتىش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىپ «2 ـ دەرىجىلىك» خىزمەت كۆرسىتىپ مۇكاپاتلانغان.

ئابدۇۋاھىت ئولاتايېۋ 1953 ـ يىل 5 ـ ئايدىن 1954 ـ يىلىغىچە 5 ـ كورپۇس سەنئەت ئۆمىكىنىڭ سىياسىي كومىسسارى بولۇپ، 5 ـ كورپۇس سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئارتىسلىرىنى باشلاپ بېيجىڭ، تيەنجىن، نەنجىڭ، شاڭخەي، گۇاڭجۇ قاتارلىق شەھەرلەرگە بېرىپ ئويۇن قويۇپ، شۇ جايدىكى پارتىيە ـ ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىرى ۋە ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولغان. سەنئەت ئۆمىكى بېيجىڭ خۇەيرېنتاڭ زالىدا ئويۇن قويغاندا رەئىس ماۋ زېدۇڭ، ليۇ شاۋچى، جۇ ئېنلەي، جۇ دې قاتارلىق پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ سەمىمىي قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكەن. ئابدۇۋاھىت ئولاتايېۋ 1954 ـ يىلىدىن 1956 ـ يىل 6 ـ ئايغىچە 5 ـ كورپۇس مەدەنىيەت بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، قوشۇمچە سەنئەت ئۆمىكىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1955 ـ يىـ

لى ئۇنىڭغا مايورلۇق، 1960 ـ يىلى پودپولكوۋنىكلىك ھەربىي ئۇنۋانى بېرىلگەن.

ئابدۇۋاھىت ئولاتايېۋ 1956 ـ يىل 6 ـ ئايدىن 1957 ـ يىل 8 ـ ئايغىچە شىنجاڭ ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈمى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، 1957 ـ يىل 8 ـ ئاي-دىن 1966 ـ يىل 5 ـ ئايغىچە شىنجاڭ ھەربىي رايونى سىيا-سىي بۆلۈم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، قوشۇمچە «ئازادلىق ئارمىيە گېزىتى»نىڭ باشلىقى ۋە باش مۇھەررىرى، ھەربىي رايون ئورگان پارتكومىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۇ بۇ ئارىلىقتا 1957 ـ يىل 8 ـ ئايدىن 1959 ـ يىل 6 ـ ئايغىچە جۇڭگو خەلق ئازاد-لىق ئارمىيەسى ھەربىي سىياسىي ئاكادېمىيەسىدە ئوقۇغان.

ئابدۇۋاھىت ئولاتايېۋ 1966 ـ يىل 5 ـ ئايدىن 1982 ـ يىل 5 ـ ئايغىچە جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، 1982 ـ يىل 5 ـ ئايدىن 1988 ـ يىل 8 ـ ئايغىچە جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ 1 ـ مۇ-ئاۋىن سىياسىي كومىسسارى، 1988 ـ يىل 8 ـ ئايدىن 1992 ـ يىل 4 ـ ئايغىچە شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ 1 ـ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1988 ـ يىل 10 ـ ئايدا ئۇنىڭغا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى تەرىپىدىن گېنېرال مايورلۇق ھەر-بىي ئۇنۋانى بېرىلگەن.

ئابدۇۋاھىت ئولاتايېۋ 1966 ـ يىل 5 ـ ئايدا قوزغالغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا سول لۇشيەننىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ، 11 يىل ئېغىر دەرىجىدە رىيازەت چەككەن. 1980 ـ يىل 5 ـ ئايدا ئۇنىڭ نامى ۋە خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. ئۇ 1992 ـ يىل 4 ـ ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان.

ئابدۇۋاھىت ئولاتايېۋ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە

كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن «پىدائىيلىق»، «ئىستىقلال-يەت» قاتارلىق مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان بولسا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن «مۇستەقىللىق»، «غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىش»، «ئۇرۇشتا تۆھپە قوشقانلىق» قاتارلىق مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان.

ئۇ 2007 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى 82 يېشىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن گۇاڭجۇدا ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ مېيىتى ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېلىنىپ دەپنە قىلىنغان.

## 4. تۇردى سەپىرى



تۇردى سەپىرى 1922 ـ يىلى تۇرپان شەھىرىنىڭ يېڭى شەھەر رايونى شەرقىي دەرۋازا مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. ئوقۇش يېشىغا توشقاندا تۇرپان شەھىرىدىكى پەننىي مەكتەپتە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن، خەنزۇچە شۆتاڭدا ئوقۇپ خېلى يۇقىرى خەنزۇ تىل ـ يېزىق سەۋىيە-سىگە يەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ گومىنداڭ تۇرپان ناھىيەلىك ساقچى ئىدارىسىدە خىزمەت قىلغان. ئۇ بۇ مەزگىلدە ئابدۇراخمان مۇھىتى قاتارلىق ئىلغار زىيالىيلار بىلەن تونۇشۇپ ئالاقە باغلاپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى يەر ئاستى ياشلار تەشكىلاتىغا قاتناشقان.

تۇردى سەپىرى 1947 ـ يىل 7 ـ ئايدا گومىنداڭغا قارشى قوزغىلاڭغا قاتناشقان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ قولىدىكى قورال-نىڭ ئۇچىنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قاراتقان. ئۇ قوز-غىلاڭغا قاتناشقاندىن كېيىن قوزغىلاڭچى قوشۇن بىلەن بىللە بىر قاتار قانلىق جەڭلەرگە قاتنىشىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى-

نىڭ مەركىزىي بازىسى غۇلجىغا بارغاندىن كېيىن، قىلىچ ئىسكادىرونىدا جەڭچى، ئودلىنىيە كوماندىرى، مۇئاۋىن ئىززۋوت كوماندىرى، ئىززۋوت كوماندىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇ 5 ـ كورپۇس 14 ـ دىۋىزىيە 40 ـ پولك 3 ـ باتالىيونىنىڭ تورپاندا تۇرۇشلۇق 9 ـ روتا 1 ـ ئىززۋوتىنىڭ كوماندىرى، 1950 ـ يىل 12 ـ ئايدىن 1952 ـ يىل 3 ـ ئايغىچە 9 ـ روتىنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى، 1952 ـ يىل 3 ـ ئايدىن 1953 ـ يىل 10 ـ ئايغىچە 40 ـ پولكنىڭ تەرجىمانى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

تۇردى سەيپىرى 1953 ـ يىل 10 ـ ئايدا ھەربىي سەپتىن يەرلىككە ئالمىشىپ، سابىق ئىلى ۋىلايەتلىك چاي ـ چارۋا مەھسۇلاتلىرى شىركىتىنىڭ كادىرى، 1955 ـ يىلىدىن 1956 ـ يىلىغىچە مەزكۇر شىركەتنىڭ قورغاس ناھىيە چىلپەنزىدىكى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا چاي ـ چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى ئېكسپورت قىلىش ئورنىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1956 ـ يىلى بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق چاي ـ چارۋا مەھسۇلاتلىرى شىركىتىگە يۆتكىلىپ، شىركەت ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن. 1957 ـ يىلى تۇردى سەيپىرى «ئومۇمنىڭ پۇلىغا خىيانەت قىلدى» دېگەن جىنايەت بىلەن قولغا ئېلىنىپ يەتتە يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. 1964 ـ يىلى ئۇنىڭ جازا مۇددىتى توشۇپ قاماقتىن چىققاندىن كېيىن، 1983 ـ يىلىغىچە ئۇرۇمچىدە ئۇزۇق ـ تۈلۈك ئىدارىسىنىڭ يازغۇچىلىرىنىڭ يازمىسىدا تۈرمۈش كەچۈرگەن. 1983 ـ يىلى ئۇنىڭغا بېرىلگەن جازا بىكار قىلىنىپ تەلتۆكۈس ئاقلانغان. بۇ ۋاقىتتا تۇردى سەيپىرىنىڭ يېشى 60 تىن ئېشىپ قالغاچقا، بىۋاسىتە دەم ئېلىشقا چىقىپ، دەم ئېلىشقا چىققانلار بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك ئىمتىيازلاردىن تولۇق بەھرىمەن بولغان.

تۇردى سەيپىرى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئۇرۇشتا

كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن «پىدائىيلىق» قاتارلىق كۈمۈش مېدالىلار بىلەن مۇكاپاتلانغان بولسا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيە-تى قۇرۇلغاندىن كېيىن دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى تەرد-پىدىن «غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىش» قاتارلىق مېدالىلار بىلەن مۇكاپاتلانغان.

ئۇ 1996 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى 74 يېشىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن تۇرپاندا ۋاپات بولغان.

## 5. رەجەپ توختى



رەجەپ توختى 1924 ـ يىل 7 ـ ئايدا تۇرپان شەھىرىنىڭ ئاستانە يېزىسىدا تۇ-غۇلغان. 1934 ـ يىل 9 ـ ئايغىچە ئائىلە تەربىيەسىدە بولغان. 1934 ـ يىل 9 ـ ئاي-دىن 1942 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە ئاستانىدد-كى مەخسۇدىيە مەكتىپىدە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن، 1947 ـ يىل 7 ـ ئايغىچە ئۆزى ئوقۇغان مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى ۋە مەكتەپ تەرتىپ مۇدىرى بولغان.

رەجەپ توختى 1947 ـ يىل 7 ـ ئايدا قوزغالغان گو-مىنداڭغا قارشى قوزغىلاڭغا قاتناشقان. قوزغىلاڭ مەغلۇپ بول-غاندىن كېيىن ئۇ تۇرپان ـ پىچان پارتىزانلىرى تەركىبىدە غۇلجىغا بېرىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ، مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق ئىشتابى سىياسىي بۆلۈمىدە ماسلاش-تۇرغۇچى، ياردەمچى، ئىسكادرون سىياسىي يېتەكچىسى قاتار-لىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇ 5 ـ كورپۇس 14 ـ دىۋىزىيە 40 ـ پولك 3 ـ باتالىيونىنىڭ تۇرپاندا تۇرۇشلۇق 9 ـ روتىسىنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى بولۇپ ئىش-لىگەن. رەجەپ توختى 1950 ـ يىل 7 ـ ئايدا ھەربىي سەپتىن

يەرلىككە ئالمىشىپ، 1951 ـ يىل 2 ـ ئايغىچە سابىق شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى خەلق ئىشلىرى نازارىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، 1951 ـ يىل 2 ـ ئايدىن 1954 ـ يىل 8 ـ ئايغىچە شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى كادىرلار نازارىتى كادىرلار تەلىم ـ تەربىيە بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، 1954 ـ يىل 8 ـ ئايدىن 1956 ـ يىل 1 ـ ئايغىچە مەركىزىي ئالىي پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇغاندىن كېيىن، 1957 ـ يىل 7 ـ ئايغىچە مەركىزىي مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى تەرجىمە ئىدارىسى ئۇيغۇرچە باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، 1957 ـ يىل 7 ـ ئايدىن 1960 ـ يىل 1 ـ ئايغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كادىرلار نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، 1960 ـ يىل 1 ـ ئايدىن 1963 ـ يىل 10 ـ ئايغىچە ئاپتونوم رايونلۇق ئېلېكتىر كۈچى سانائىتى نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، 1963 ـ يىل 10 ـ ئايدىن 1973 ـ يىل 8 ـ ئايغىچە ئاپتونوم رايونلۇق رادىيو ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئىدارە پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، 1973 ـ يىل 8 ـ ئايدىن 1979 ـ يىل 8 ـ ئايغىچە ئاپتونوم رايونلۇق نەشرىيات ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، 1979 ـ يىل 8 ـ ئايدىن 1983 ـ يىل 6 ـ ئايغىچە ئاپتونوم رايونلۇق رادىيو ئىشلىرى ئىدارىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى، 1983 ـ يىل 6 ـ ئايدىن 1986 ـ يىل 6 ـ ئايغىچە ئاپتونوم رايونلۇق رادىيو ـ تېلېۋىزىيە نازارىتىنىڭ نازىرى، پارتگۇرۇپپىسىنىڭ سېكرېتارى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۇ يەنە ئاپتونوم رايونلۇق 6 ـ ، 7 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئاخباراتچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ 1986 ـ يىل 6 ـ ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان.

رەجەپ توختى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئۇرۇشتا

كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن «پىدائىيلىق» قاتارلىق مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان بولسا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن «غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىش» قاتارلىق مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان.

ئۇ 1997 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى 73 يېشىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن تۇرپان شەھىرىنىڭ ئاستانە يېزىسىدا ۋاپات بولغان.

## 6. مۇھەممەت باقى



مۇھەممەت باقى 1922 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى تۇرپان شەھىرىنىڭ يار يېزىسىدىكى قازانچىلار مەھەللىسىدە ئوتتۇراھال تىجارەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە يۇرتىدىكى مەكتەپتە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنى ئوقۇغاندىن كېيىن، 1941 ـ يىل 9 ـ ئايدىن 1947 ـ يىل 2 ـ ئايغىچە ئۆزى ئوقۇغان مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى، قوشۇمچە تۇرپان ناھىيەلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

مۇھەممەت باقى 1944 ـ يىلىدىن باشلاپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تەشۋىقات ئېلىپ بارغانلىقى ئۈچۈن ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت ئۇنى قولغا ئېلىپ يوقاتماقچى بولغاندا، گومىنداڭنىڭ تۇرپان ناھىيەلىك ساقچى ئىدارىسىدا خىزمەت قىلىۋاتقان ھەققانىيەتنى ياقلايدىغان ئاق كۆڭۈل بىر خويزۇ ساقچى بۇ ئىشنى شۇ ۋاقىتتىكى تۇرپان ناھىيەسىنىڭ ھاكىمى ئابدۇراخمان مۇھىتىغا ئىنكاس قىلىدۇ. ئابدۇراخمان مۇھىتى دەرھال يار يېزىسىغا ئادەم ئەۋەتىپ مۇھەممەت باقىنى ئەھۋالدىن خەۋەردار قىلىپ، ئۇنى قاچۇرۇۋېتى-

دۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئالتە ئاي يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ جان ساقلايدۇ.

1947 ـ يىل 7 ـ ئايدا گومىنداڭغا قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ پارتلىغاندا، مۇھەممەت باقى قوزغىلاڭغا ئاكتىپ قاتنىشىدۇ ۋە قوزغىلاڭچى قوشۇن ئارىسىدا تەشۋىقات خىزمىتى ئىشلەيدۇ. ئۇ قوزغىلاڭچىلارنىڭ رەھبىرى ئابدۇراخمان مۇھەممەتنىغا ياردەملىشىپ قوزغىلاڭچى قوشۇننى تەشكىللەش، تەرتىپكە سېلىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلەشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن قىسمەن ئىستراتېگىيەلىك چېكىنگەندە، ئۇ ئابدۇراخمان مۇھىتى قاتارلىق قوزغىلاڭ رەھبەرلىرىگە ياردەملىشىپ، قوغلاپ كەلگەن دۈشمەن بىلەن بىر قاتار قانلىق جەڭلەرنى قىلىپ، نۇرغۇنلىغان جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، قوزغىلاڭچى قوشۇن بىلەن بىللە ئازاد رايون غۇلجىغا بېرىپ ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسىگە قوشۇلىدۇ.

مۇھەممەت باقى غۇلجىغا بارغاندىن كېيىن قىلىچ ئىسكادرونىدا جەڭچى، ئودلىنىيە كوماندىرى، مۇئاۋىن ئىززوت كوماندىرى، ئىززوت كوماندىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇ 5 ـ كورپۇس 14 ـ دىۋىزىيە 40 ـ پولكتا ئارقا سەپ خىزمىتى ئىشلەيدۇ. 1950 ـ يىل 6 ـ ئايدىن 1953 ـ يىلىغىچە 40 ـ پولك 3 ـ باتالىيوننىڭ تۆرپاندا تۇرۇشلۇق 9 ـ روتىسىنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى، 40 ـ پولك ئارقا سەپ كەسپىي بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، 1953 ـ يىلدىن 1954 ـ يىلىغىچە قارا شەھەر ناھىيەلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، 1954 ـ يىلدىن 1957 ـ يىلىغىچە بۇگۇر ناھىيەلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، خەلق قوراللىق بۆلۈمى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى، 1957 ـ يىلدىن 1959 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈمى باشقۇرۇشىدىكى

ئۇيغۇرچە «ئازادلىق ئارمىيە گېزىتى»نىڭ «جەڭ غەلىبىسى» تەھرىر بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان.

مۇھەممەت باقى 1959 ـ يىلىدىن 1972 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈمى سەنئەت ئۆمىكىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ ئىشلىدى. بۇ مەزگىلدە ئۇ 1963 ـ يىل 3 ـ ئايدىن 1966 ـ يىل 12 ـ ئايغىچە مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇغان. ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە 1964 ـ يىلى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مارالبېشى ناھىيەسىدە سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىگە قاتناشقان. 1972 ـ يىلىدىن 1980 ـ يىلىغىچە ئۈرۈمچى شۆبە ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، 1980 ـ يىلىدىن 1982 ـ يىلىغىچە تۇرپان شۆبە ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ، 1982 يىلى دەم ئېلىشقا چىقىپ، شىنجاڭ ھەربىي رايونى كادىرلار 2 ـ دەم ئېلىش ئورنىغا كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقان.

مۇھەممەت باقى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن «پىدائىيلىق»، «باھادىرلىق» قاتارلىق مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان بولسا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن «غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىش» قاتارلىق مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان.

ئۇ 1984 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى 62 يېشىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولغان.

### 7. رەھمىتۇللا ھەمدۇللايېۋ

رەھمىتۇللا ھەمدۇللايېۋ 1928 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى تۇرپان شەھىرىنىڭ يار يېزىسىدا تۇغۇلغان. باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنى يۇرتىدا ئوقۇغان. 1944 ـ يىل 3 ـ ئايدا جاللات شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تۇرپاندا



ھەر مىللەت ياشلىرىنى مەجبۇرىي ئەسكەر-لىككە تۇتقاندا، ئەمدىلا 16 ياشقا كىرگەن رەھمىتۇللامۇ ئەسكەرلىككە تۇتۇلغان. گومىنداڭچىلار ئەسكەرلىككە تۇتۇلغان ياشلارنى شىڭشىسەيشىياغا ئېلىپ مېڭىپ پىچانغا بارغاندا، پىلاننى ئۆزگەرتىپ تۇرپانغا قايتۇرۇپ كېلىپ، داۋانچىڭ ئارقىلىق ئۇرۇمچىگە ئېلىپ چىقىپ، لومەنچىڭغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، يېڭى ئەسكەرلەرنى قىسىملارغا تەقسىم قىلغان. 1944 ـ يىل 7 ـ ئايدا ئەسكەرلەرنى يەنە شىمالىي شىنجاڭغا ئېلىپ مېڭىپ، شىخو ئارقىلىق غۇلجا سۈيدۇڭگە ئېلىپ بېرىپ، كۈرەدە تۇرۇشلۇق گومىنداڭنىڭ سۈيدۇڭ 4 ـ ئاتلىق پولكى قىلىپ تەشكىللىگەن. بۇ پولكتا پەقەت بىرلا خەنزۇ روتا بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ قورال ـ ياراغلىرى ئالاھىدە خىل ئىدى، قالغان ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى مىللىي ئەسكەرلەر ئىدى.

1944 ـ يىلى كۈزدە غۇلجىدا جاللات شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن كۈرەدىكى گومىنداڭچىلار جىددىيلىشىپ، ئەسكەرلەرگە كېچە ـ كۈندۈز كۈرەنىڭ سېپىلىنى چارلاش بۇيرۇقىنى چۈشۈرىدۇ. 1944 ـ يىل 12 ـ ئايدا غۇلجا شەھىرىدىن چىققان پارتىزانلار كۈرە سېپىلىنى قورشىۋالىدۇ. بىر كۈنى پارتىزانلارنىڭ رەھبەرلىرى كۈرە سېپىلى ئىچىگە ئەلچىلەرنى كىرگۈزۈپ، گومىنداڭنىڭ 4 ـ ئاتلىق پولكىغا تىنچلىق بىلەن تەسلىم بولۇش تەكلىپىنى بېرىدۇ. 4 ـ ئاتلىق پولك پارتىزانلار رەھبەرلىرىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ تەسلىم بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن رەھمىتۇللا قاتارلىق 4 ـ ئاتلىق پولكىدىكى مىللىي ئەسكەرلەر غۇلجا پارتىزانلىرىغا قوشۇلۇپ كېتىدۇ. بىر كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى رەئىسى ئېلىخان تۆرە

كۆرەگە كېلىپ، ھەقىقەتكە قايتقان ئەسكەرلەرگە: «بىزگە ئەسكەر بولۇشنى خالايدىغانلار قېلىڭلار، خالىمايدىغانلار ئائىلەڭلەرگە قايتساڭلار بولىدۇ، يول خىراجىتىڭلارنى بېرىمىز، ھېچكىمنى زورلىمايمىز» دېگەندە، ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى «كەتمەيمىز! ۋەتەن ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن، ئازادلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىمىز!» دەپ ئۈنلۈك خىتاب قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ پولكتىكى ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى پارتىزانلارغا قوشۇلۇپ كېتىدۇ.

ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، رەھىمتۇللا ھەمدۇللايېۋ مىللىي ئارمىيەنىڭ ئوتتۇرا يۆنىلىش قىسىملىرى تەركىبىدىكى سۇيدۇڭ 1 - ئاتقۇچىلار پولكى ئاپتوماتىك ئىزۋوتىنىڭ جەڭچىسى بولۇپ چەپيېزە، شىخو قاتارلىق جايلارنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشلىرىغا قاتنىشىدۇ.

1946 - يىل 1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا ئىمزالانغان 11 ماددىلىق «تىنچلىق بىتىمى»نىڭ روھى بويىچە مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى تەڭشىلىپ، رەھىمتۇللا ھەمدۇللايېۋ چۆچەكتە تۇرۇشلۇق پىيادە ئەسكەرلەر 3 - پولكى 1 - باتالىيون 3 - روتا 1 - ئىزۋوتىنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى، پولكقا بىۋاستە قاراشلىق دۆربىلجىندە تۇرۇشلۇق ئىسكادىروننىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى، مەزكۇر ئىسكادىروننىڭ سىياسىي يېتەكچىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇ 5 - كورپۇس 14 - دىۋىزىيە 41 - پولكىغا بىۋاستە قاراشلىق دۆربىلجىندە تۇرۇشلۇق ئاتلىق ئىسكادىروننىڭ سىياسىي يېتەكچىسى، 40 - پولك 3 - باتالىيوننىڭ تۇرپاندا تۇرۇشلۇق 9 - روتىسىنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ. 1952 - يىل 3 - ئايدا 40 - پولك غۇلجا سۇيدۇڭگە بارغاندا، ئۇ تەشكىلنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن غۇلجىدا يەر ئىسلاھاتى خىزمىتىگە قاتنىشىپ، ئوتتۇرا ئەترەت باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى

ئۆتەيدۇ.

رەھمىتۇللا ھەمدۇللايېۋ 1954 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ھەربىي سەپتىن يەرلىككە ئالمىشىپ، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى ئارىشاڭ ناھىيەلىك 1 ـ رايون كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى، 1955 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن 1957 ـ يىلى 1 ـ ئايغىچە ئارىشاڭ ناھىيەلىك بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، 1957 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 7 ـ ئايغىچە ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇغاندىن كېيىن، 1958 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە ئارىشاڭ ناھىيەسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى، 1958 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن 1960 ـ يىلى 12 ـ ئايغىچە مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغاندىن كېيىن، 1961 ـ يىلى 12 ـ ئايغىچە ئارىشاڭ ناھىيە قوچىلىق چارۋا رايونىنىڭ خىزمەتلىرىگە مەسئۇل كادىر، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئارىشاڭ ناھىيەلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا ئۇ سولچىل لۇشيەننىڭ زىيانكەشلىكى تۈپەيلىدىن ئېغىر دەرىجىدە ناھەقچىلىككە ئۇچرىغان. 1971 ـ يىلى ئۇنىڭ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، 1972 ـ يىلىغىچە ئاپتونوم رايونلۇق دوڭچۈەن «7 ـ ماي» كادىرلار مەكتىپىدە ئوقۇغاندىن كېيىن، 1975 ـ يىلىغىچە تۇرپان ناھىيەلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، 1975 ـ يىلىدىن 1985 ـ يىلىغىچە تۇرپان ۋىلايەتلىك چارۋىچىلىق باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، مەمۇرىي مەھكىمە ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مىللەتلەر ـ دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ، 1985 ـ يىلى دەم ئېلىشقا چىققان.

رەھمىتۇللا ھەمدۇللايېۋنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن «پىدائىيلىق»، «باھادىرلىق» قاتارلىق مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان بولسا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن دۆلەت مۇدا-

پىغە مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن «غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىش» قاتارلىق مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان.

ئۇ 1998 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى 71 يېشىدا كې- سەل سەۋەبى بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولغان.

## 8. غوپۇرجان ئىبراھىموف



غوپۇرجان ئىبراھىموف 1923 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى پىچان ناھىيەسى- نىڭ ياڭخى يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1935 ـ يىل 8 ـ ئايدىن 1940 ـ يىل 7 ـ ئايغىچە يۇرتىدا باشلانغۇچ مەكتەپنى ئوقۇغاندىن كېيىن، 1947 ـ يىل 7 ـ ئايغىچە يۇرتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان.

غوپۇرجان ئىبراھىموف 1947 ـ يىل 7 ـ ئايدا قوزغالغان گومىنداڭغا قارشى قوراللىق قوزغىلاڭغا قات- نىشىپ، قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن قوزغىلاڭچى قو- شۇن بىلەن بىرگە بىر قاتار قانلىق جەڭلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ غۇلجىغا بېرىپ، تۇرپان ـ پىچان پارتىزانلىرى ئاساسىدا تەش- كىللەنگەن قىلىچ ئىسكادرونىدا جەڭچى بولغان. 1948 ـ يىلى ئۇ مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق ئىشتابى بايانىدايدا ئاچقان ھەربىي مەكتەپنىڭ تېببىي كۇرسىدا بىر يىل ئوقۇغاندىن كې- يىن قىلىچ ئىسكادرونىدا دوختۇر بولۇپ ئىشلىگەن.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇ 5 ـ كورپۇس 14 ـ دىۋىزىيە 40 ـ پولك 3 ـ باتالىيونىنىڭ تۇرپاندا تۇرۇشلۇق 9 ـ روتىسىنىڭ دوختۇرى، 1951 ـ يىلىدىن 1952 ـ يىلىغىچە 40 ـ پولك دوختۇرخانىسىنىڭ دوختۇرى، 1952 ـ يىلىدىن 1954 ـ يىلىغىچە 40 ـ پولك دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1954 ـ يىلىدىن 1956 ـ يىلىغىچە ئىلى ھەربىي رايونى باشقۇرۇشىدىكى تېببىي

مەكتەپتە ئوقۇغاندىن كېيىن، 1973 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە ئىلى ھەربىي رايونى دوختۇرخانىسى داۋالاش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، ئامبۇلاتورىيە مۇدىرى، ئامبۇلاتورىيە پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ سېكرېتارى، دوختۇرخانا پارتكومىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1963 ـ يىلى ئۇنىڭغا مايورلۇق ھەربىي ئۇنۋانى بېرىلگەن.

1973 ـ يىل 10 ـ ئايدا ئىلى ھەربىي رايونى ئىلى شۆبە ھەربىي رايونىغا ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن ئۇ 1986 ـ يىل 11 ـ ئايغىچە كۇنەس ناھىيەلىك پارتكومىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، ناھىيەلىك خەلق قۇراللىق بۆلۈم پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى، خەلق قۇراللىق بۆلۈمىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ، 11 ـ ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان.

غوپۇرجان ئىبراھىموف ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بىلەن مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق ئىشتابى تەرىپىدىن «پىدائىيلىق»، «ئىستىقلالىيەت» قاتارلىق مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان بولسا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن «غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىش» قاتارلىق مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان.

ئۇ 1989 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى 66 يېشىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن غۇلجىدا ۋاپات بولغان.



### 9. رەجەپ مەمتادۇللا

رەجەپ مەمتادۇللا 1930 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى تورپان شەھىرىنىڭ ئاستانە يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە باشلانغۇچ مەكتەپنى يۇرتىدا ئوقۇغاندىن كېيىن، ئۆزى ئوقۇغان مەكتەپتە

ئىشچى بولۇپ ئىشلىگەن.

رەجەپ مەمتادۇللا 1947 ـ يىلى 7 ـ ئايدا قوزغالغان گومىنداڭغا قارشى قوراللىق قوزغىلاڭغا قاتناشقان. قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، قوزغىلاڭ رەھبىرى ئابدۇراخمان مۇھىتنىڭ مۇھاپىزەتچىسى بولۇپ، قوزغىلاڭچى قوشۇن بىلەن بىرگە بىر قاتار قانلىق جەڭلەرنى قىلىپ غۇلجىغا بېرىپ كېيىن، قىلىچ ئىسكادىرونىدا جەڭچى بولغان. 1948 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن 1951 ـ يىلى 9 ـ ئايغىچە مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق ئىشتابى بايانلىدا ئاچقان ھەربىي مەكتەپنىڭ دوختۇرلۇق سىنىپىدا ئوقۇغاندىن كېيىن 1952 ـ يىلى 2 ـ ئايغىچە 5 ـ كورپۇس 14 ـ دىۋىزىيە 40 ـ پولك 3 ـ باتالىيوننىڭ تۇرپاندا تۇرۇشلۇق 9 ـ روتىسىنىڭ دوختۇرى بولغان. بۇ مەزگىلدە ئۇ قىسقا مۇددەت شىنجاڭ بيۇرو كادىرلار مەكتىپىنىڭ سىياسىي كۇرسىدا ئوقۇغاندىن كېيىن، 1952 ـ يىلى 2 ـ ئايدىن 1953 ـ يىلى 3 ـ ئايغىچە 14 ـ دىۋىزىيە 40 ـ پولك دوختۇرخانىسى ۋە 5 ـ كورپۇس تېببىي باشقارمىسىدا دوختۇر، 1953 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن 1968 ـ يىلى 1 ـ ئايغىچە شىنجاڭ ھەربىي رايونىغا بىۋاسىتە قاراشلىق مۇستەقىل 4 ـ ئاتلىق پولكى تېببىي پونكىتىنىڭ دوختۇرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

رەجەپ مەمتادۇللا 1968 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ھەربىي سەپتىن يەرلىككە ئالمىشىپ، 1975 ـ يىلى 3 ـ ئايغىچە قومۇل تارانچى كان ئىشلىرى ئىدارىسى قوغداش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان. 1975 ـ يىلى 3 ـ ئايدا شىنجاڭ كۆمۈر كان باش دوختۇرخانىسىغا يۆتكىلىپ، 1992 ـ يىلى 2 ـ ئايغىچە كۆمۈر كان دوختۇرخانىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، دوختۇرخانا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ، 2 ـ ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان.

رەجەپ مەمتادۇللا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى

ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بىلەن مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق ئىشتابى تەرىپىدىن «پىدائىيلىق»، «ئىستىقلالىيەت» قاتارلىق مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان بولسا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن «غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىش» قاتارلىق مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان.

ئۇ 1999 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى 69 يېشىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولغان.

### 10. ئابدۇرېھىم نەمتۇللا



ئابدۇرېھىم نەمتۇللا 1924 ـ يىلى تۇرپان شەھىرىنىڭ ئاستانە يېزىسى كىچىك ئېرىق مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق قول ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1931 ـ يىلىغىچە ئائىلە تەربىيەسىدە بولغان. 1934 ـ يىل 8 ـ ئايدىن 1939 ـ يىل 7 ـ ئايغىچە ئاستانە مەكتەپتە باشلانغۇچنى ئوقۇغاندىن كېيىن، 1947 ـ يىل 7 ـ ئايغىچە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

ئابدۇرېھىم نەمتۇللا 1947 ـ يىل 7 ـ ئايدا قوزغالغان گومىنداڭغا قارشى قوزغىلاڭغا قاتناشقان. قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئابدۇراخمان مۇھىتى رەھبەرلىكىدىكى قوزغىلاڭچى قوشۇن تەركىبىدە يول بويى بىر قاتار قانلىق جەڭلەرگە قاتنىشىپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مەركىزى غۇلجىغا بارغان.

ئابدۇرېھىم نەمتۇللا غۇلجىغا بارغاندىن كېيىن غۇلجا زاپاس پولكىنىڭ تۇرپان ـ پىچان پارتىزانلىرى ئاساسىدا تەشكىللەنگەن قىلىچ ئىسكادىرونىدا جەڭچى، ئىسكادىرونىدا زاپىخوز بولغان.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇ 5 ـ كورپۇس 14 ـ دىۋىزىيە 40 ـ پولك 3 ـ باتالىيونىنىڭ تۇرپاندا تۇرۇشلۇق 9 ـ روتىسىنىڭ زاپخوزى، روتىنىڭ كاتىپى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1952 ـ يىل 3 ـ ئايدا 9 ـ روتا تەركىبىدە غۇلجا سۈيدۇڭگە بېرىپ، چوڭ ئىشلەپچىقىرىشقا قاتناشقان.

ئابدۇرېھىم نەمىتۇللا 1953 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ھەربىي سەپتىن چېكىنىپ، 1960 ـ يىلىغىچە تۇرپان ناھىيە يالقۇنتاغ گۇڭشې ئاستانە باشقۇرۇش رايونىنىڭ كاتىپى بولۇپ ئىشلىگەن. 1960 ـ يىلى تۆۋەنگە چۈشۈرۈلۈپ، 1970 ـ يىلىغىچە يالقۇنتاغ گۇڭشې 3 ـ قىزىل بايراق چوڭ ئەترىتى 4 ـ ئەترەتنىڭ باشلىقى بولغان ۋە 1970 ـ يىلىدىن تاكى ۋاپات بولغانغا قەدەر 3 ـ قىزىل بايراق چوڭ ئەترەتتە چارۋىچىلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ ئىشلىگەن.

ئابدۇرېھىم نەمىتۇللا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن «پىدائىيلىق» قاتارلىق مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان بولسا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن «غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىش» قاتارلىق مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان.

ئۇ 1975 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى 51 يېشىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن تۇرپان شەھىرىنىڭ ئاستانە يېزىسىدا ۋاپات بولغان.

**11. مەسۇم ھوشۇر**

مەسۇم ھوشۇر 1922 ـ يىل تۇرپان شەھىرىنىڭ چاتقال يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1929 ـ يىلىغىچە ئائىلە تەربىيەسىدە بولغان. 1929 ـ يىل 9 ـ ئايدىن 1936 ـ يىل 7 ـ ئايغىچە يۇر ـ



تىدا باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغاندىن كېيىن دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

مەسۇم ھوشۇر 1947 ـ يىل 7 ـ ئايدا قوزغالغان گومىنداڭغا قارشى قوزغىلاڭغا قاتناشقان. قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، قوزغىلاڭچى قوشۇن بىلەن بىللە بىر قاتار قانلىق جەڭلەرگە قاتنىشىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مەركىزى غۇلجىغا بېرىپ، قىلىچ ئىسكادرونىدا جەڭچى، 4 ـ ئىرزۋوتنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇ 5 ـ كورپۇس 14 ـ دىۋىزىيە 40 ـ پولك 3 ـ باتالىيونىنىڭ تۇرپاندا تۇرۇشلۇق 9 ـ روتا 4 ـ ئىرزۋوتىنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى، 9 ـ روتىنىڭ زاپخوزى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

مەسۇم ھوشۇر 1953 ـ يىل ھەربىي سەپتىن يەرلىككە ئالمىشىپ، 1955 ـ يىلىغىچە ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش نازارىتى ترانسپورت بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، 1955 ـ يىلىدىن 1957 ـ يىلىغىچە قاتناش نازارىتىنىڭ تۇرپان ـ قەشقەر قاتناش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان. 1957 ـ يىلىدىن 1960 ـ يىلىغىچە ئاقسۇ ترانسپورت پونكىتىنىڭ باشلىقى بولغان. بۇ مەزگىلدە ئۇ 1959 ـ يىل كورلىدا بىر يىل شوپۇر تەربىيەلەش ئەترىتىگە مەسئۇل بولۇپ، 300 نەپەر شوپۇرنى تەربىيەلىگەن. ئۇ 1960 ـ يىلىدىن 1964 ـ يىل 3 ـ ئايغىچە قەشقەر ۋىلايىتى مارالبېشى ناھىيەلىك قاتناش باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ باشلىقى بولۇپ، 1964 ـ يىل 3 ـ ئايدىن تاكى ۋاپات بولغانغا قەدەر قەشقەر ۋىلايەتلىك ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرىنى نازارەت قىلىش ئورنىنىڭ ئىنژېنېرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

مەسۇم ھوشۇر ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئۇرۇشتا

كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن «پىدائىيلىق» قاتارلىق مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان بولسا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيە-
تى قۇرۇلغاندىن كېيىن دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى تەرد-
پىدىن «غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىش» قاتارلىق مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان.

ئۇ 1976 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى 54 يېشىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن قەشقەر شەھىرىدە ۋاپات بولغان.

## 12. رەجەپ ئەبەيدۇللا



رەجەپ ئەبەيدۇللا 1927 ـ يىلى تۇرپان شەھىرىنىڭ ئاستانە يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1934 ـ يىلى 8 ـ ئايغىچە ئائىلە تەربىيە-
سىدە بولغان. 1934 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن 1941 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە ئاستانە مەكتەپتە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنى ئوقۇغاندىن كېيىن، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

رەجەپ ئەبەيدۇللا 1947 ـ يىلى 7 ـ ئايدا گومىنداڭغا قارشى قوزغىلاڭغا قاتناشقان. قوزغىلاڭ مەغ-
لۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇ قوزغىلاڭچى قوشۇن بىلەن بىرگە بىر قاتار قانلىق جەڭلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ ئازاد رايون غۇل-
جىغا بېرىپ، قىلىچ ئىسكادىرونىدا جەڭچى، ئودلىنىيە كوماند-
دىرى، مۇئاۋىن ئىزۋوت كوماندىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتى-
گەن.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇ 5 ـ كورپۇس 14 ـ دىۋىزىيە 40 ـ پولك 3 ـ باتالىيوننىڭ تۇرپاندا تۇرۇشلۇق 9 ـ روتا 1 ـ ئىزۋوتنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى، 1950 ـ يىلى 12 ـ ئايدىن 1952 ـ يىلى 3 ـ ئايغىچە 9 ـ روتا 1 ـ ئىزۋوتنىڭ كوماندىرى، 1952 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن 1954 ـ يىلى 12 ـ ئايغىچە 40 ـ پولك 1 ـ باتالىيون 3 ـ روتىنىڭ

مۇئاۋىن كوماندىرى ۋە كوماندىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتە-
گەن.
رەجەپ ئەبەيدۇللا 1954 ـ يىل 12 ـ ئايدا ھەربىي سەپتىن يەرلىككە ئالمىشىپ، سابىق ئىلى ۋىلايىتىگە قاراشلىق توققۇز تارا ناھىيەلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باش تەپتىشى، ناھىيەلىك رىۋىزىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن سېكرې-تارى، توققۇز تارا ناھىيە مۇخۇر گۆڭشې پارتكومىنىڭ سېكرې-تارى، 1961 ـ يىلدىن 1966 ـ يىلىغىچە توققۇز تارا ناھىيە-لىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆ-تىگەن. بۇ مەزگىلدە ئۇ 1962 ـ يىل 10 ـ ئايدىن 1964 ـ يىل 8 ـ ئايغىچە مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغاندىن كېيىن، 1964 ـ يىلىدىن 1966 ـ يىلىغىچە ئۈچ قارار سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلغان.
رەجەپ ئەبەيدۇللا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا سولچىل لۇشيەننىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ تارتىپ چىقىرىلىپ، 1966 ـ يىل 6 ـ ئايدىن باشلاپ «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار» دەپ قارىلىپ خىزمەتتىن توختىتىپ قويۇلغان. ئۇ 1969 ـ يىل 2 ـ ئايدا مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىگە بېرىپ ئۆگىنىش كۇرسىغا قاتناشقان. 12 ـ ئايدا قايتىپ كەلگەن. 1970 ـ يىل 2 ـ ئايدىن باشلاپ «بىرگە زەربە بېرىش، ئۈچكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى باشلانغاندا كۆرەش قىلىنغان. 4 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى رەجەپ ئەبەيدۇللا «ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلاتنىڭ باش كاتىپىشى» دەپ كۆرەش قىلىنىپ، قەبىھ ئۇسۇللار بىلەن قىينالغان.
ئۇ چېكىدىن ئاشقان سولچىل لۇشيەننىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ، 1970 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى 43 يېشىدا توققۇز تارا ناھىيەسىدە بىئەجەل ئۆلۈپ كەتكەن.
پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، توققۇز تارا ناھىيەلىك پارتكوم 1978 ـ يىل

12 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى (78) 67 ـ نومۇرلۇق ھۆججەتنى
تارقىتىپ، رەجەپ ئەبەيدۇللانىڭ سىياسىي نامىنى ئەسلىگە
كەلتۈرگەن.

رەجەپ ئەبەيدۇللا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئۇرۇشتا
كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن «پىدائىيلىق» قاتارلىق
مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان بولسا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيە-
تى قۇرۇلغاندىن كېيىن يەنە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى
تەرىپىدىن «غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىش» قاتارلىق مېداللار
بىلەن مۇكاپاتلانغان.

## 13. نىياز سېتىنىياز



نىياز سېتىنىياز 1920 ـ يىلى 1 ـ ئايدا
پىچان ناھىيەسىنىڭ پىچان بازار رايونى تۆ-
ۋەن قوۋۇقتا ئولتۇرۇشلۇق سېتىنىياز باي
مەتباقى ئاخۇن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئوقۇش
يېشىغا يەتكەندە ئۇ پىچان بازار ئىچىدىكى
باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغاندىن كېيىن،
دېھقانچىلىق ۋە سودىگەرلىك بىلەن شۇ-
غۇللانغان.

1944 ـ يىلى كۈزدە غۇلجىدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلى-
غاندا، بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان نىياز سېتىنىياز ئۈچ ۋىلايەت ئىن-
قىلابىنى قوللاپ ئاۋاز قوشقان. ئۇنىڭ ئائىلىسى ھەققانىيەتنى،
خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىدىغان تەرەققىيپەرۋەر ئائىلە بولغاچ-
قا، 1945 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئۇ پىچاندا گومىنداڭغا قارشى تۈزۈ-
لىغان «پىچان يەر ئاستى ياشلار تەشكىلاتى»غا قاتناشقان ۋە
تەشكىلاتنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئىشلىگەن. ئۇ سودا ئىشى
بىلەن شىڭشىڭشياغا بارغاندا، قاراڭغۇ بازاردىن بىر دانە پىلى-
موت، 19 دانە مىلتىق[1] سېتىۋېلىپ، بۇ قوراللارنى قومۇلغا

[1] بىر دانە قورالنى نىكولاينىڭ 500 ئاق تىللاسىغا سېتىۋالغان.

ئېلىپ چىقىپ، قومۇل شەھىرى قارادۆۋە يېزا لاپچۇق كەنتىدىكى سىرداش دوستى مامۇت ئاخۇننىڭ كارىزىغا يوشۇرۇپ قويغان. كېيىن ئۇ يەنە پىچانىدا گومىنداڭ ئەسكەرلىرى قاراڭغۇ بازاردا يوشۇرۇن قورال ساتقاندا، بىر دانە ئاپتومات سېتىۋېلىپ ساقلىغان. 1947 ـ يىل 5 ـ ئايدا ئۇ «پىچان يەر ئاستى ياشلار تەشكىلاتى»نىڭ ئەزالىرىنى يۇقىرىقى قوراللار بىلەن قوراللاندۇرۇپ، بىر گۇرۇپپا تەشكىللەپ، ئۆزى گۇرۇپپىغا مەسئۇل بولۇپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۆرەشكە ئاتلانغان.

1947 ـ يىل 7 ـ ئايدا گومىنداڭغا قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ پارتلىغاندا نىياز سېتىنىياز رەھبەرلىك قىلغان «پىچان يەر ئاستى ياشلار تەشكىلاتى»نىڭ ئەزالىرى تۇرپان پارتىزانلىرى قاتارىدا قوزغىلاڭغا ئاكتىپ قاتناشقان. قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، پارتىزانلار ئابدۇراخمان مۇھىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئۈچ گۇرۇپپا بولۇپ تەشكىللەنگەن. نىياز سېتىنىياز پىچان چىقتىم گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ تەيىنلەنگەن ۋە قوزغىلاڭچى قوشۇن بىلەن بىرگە بىر قاتار جاپا ـ مۇشەققەتلىك ئۇرۇشلارنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئاخىرى غەلىبىلىك ھالدا ئازاد رايون غۇلجىغا بېرىپ ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسىگە قوشۇلغان.

نىياز سېتىنىياز غۇلجىغا بارغاندىن كېيىن غۇلجا زاپاس پولكىغا قاراشلىق تۇرپان ـ پىچان پارتىزانلىرى ئاساسىدا تەشكىللەنگەن قىلىچ ئىسكادىرونىدا ئودلىنىيە كوماندىرى، مۇئاۋىن ئىزۋوت كوماندىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۇ 1949 ـ يىلى مىللىي ئارمىيە باش ئىشتابى بايانداىدا ئاچقان ھەربىي مەكتەپتە قىسقا مۇددەت ئوقۇغاندىن كېيىن ئىزۋوت كوماندىرلىقىغا ئۆستۈرۈلگەن.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇ 5 ـ كورپۇس 14 ـ دىۋىزىيە 40 ـ پولك 3 ـ باتالىيوننىڭ تۇرپاندا تۇرۇشلۇق 9 ـ روتا 2 ـ ئىزۋوتىنىڭ كوماندىرى، 40 ـ

پولكنىڭ ئىشتاب ئوفىتسېرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

نىياز سېتىنىياز 1954 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ھەربىي سەپتىن يەرلىككە ئالمىشىپ، گۇچۇڭ ئورمانچىلىق مەيدانىنىڭ باشلىقى بولغان. 1959 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن تاكى ۋاپات بولغانغا قەدەر ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق نازارىتى ئورمان سانائىتى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا ئۇ سولچىل لۇشيەنىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ، تۆھمەت بىلەن ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلۇپ كۆپ رىيازەت چەككەن. 1978 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ئۇنىڭ سىياسىي نامى ۋە ۋەزىپىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن.

نىياز سېتىنىياز ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن «پىدائىيلىق»، «باتۇرلۇق» قاتارلىق مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان بولسا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن «غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىش» قاتارلىق مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان.

ئۇ جىگەر قېتىش كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، 1982 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى 62 يېشىدا ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولغان.

## 14. مۇھەممەت نىيازوف



مۇھەممەت نىيازوف (ئاخۇنوف) 1921 ـ يىلى قومۇل شەھىرىنىڭ شەھەر ئىچى يېزىسى ياغۇرچاق كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ يەتتە ئايلىق بولغاندا دادىسى نىياز ئاخۇن كېسەل سەۋەبى بىلەن بەختكە قارشى ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئانىسى گوياخان تۇرپان يېڭى شەھەر رايونى شەرقىي قوۋۇقلۇق قاساپ تۇردى موللىغا ياتلىق بولۇپ، مۇھەممەت نىيازوفنىمۇ ئۆزى بىلەن بىللە تۇرپانغا ئېلىپ

كەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۆگەي دادىسىنىڭ تەربىيەسىدە
چوڭ بولغان. ئۇ ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە تۇرپان يېڭى شەھەر-
دىكى پەننىي مەكتەپتە ئوقۇغاندىن كېيىن، ئائىلە ئىشلىرىغا
ياردەملەشكەن.

مۇھەممەت نىيازوف شۇ ۋاقىتتا تۇرپان شەھىرىدە قۇرۇلغان
گومىنداڭغا قارشى يەر ئاستى ياشلار تەشكىلاتىغا قاتنىشىپ،
گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى تۇرۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقى-
لابىنى ھىمايە قىلىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىغا ئۈچ ۋىلايەت
ئىنقىلابىنى تەشۋىق قىلىدۇ. مۇھەممەت نىيازوفلارنىڭ پائالى-
يىتى ئىشپىيونلار تەرىپىدىن سېزىلىپ قالغاندىن كېيىن،
ئۇلارنىڭ ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالىدۇ. بۇ ئەھۋاللاردىن خەۋەر
تاپقان شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رە-
ئىسلىكىنى ئۆتەۋاتقان ئەخمەتجان قاسىمى تۇرپانغا ئالاھىدە ما-
شىنىلىق ئادەم ئەۋەتىپ مۇھەممەت نىيازوف، ئايۇپ، ئابدۇرې-
شىت قاتارلىق ئۈچ ياشنى ئۇرۇمچىگە ئالدۇرۇپ چىقىپ ئايرو-
پىلان بىلەن غۇلجىغا ئەۋەتىۋېتىدۇ.

مۇھەممەت نىيازوف غۇلجىغا بارغاندىن كېيىن مىللىي ئار-
مىيە باش قوماندانلىق ئىشتابى ئاچقان باياندايدىكى ھەربىي
مەكتەپتە ئوقۇيدۇ. 1948 ـ يىل 6 ـ ئايدا ئۇ ھەربىي مەكتەپ-
نى پۈتتۈرگەندىن كېيىن مىللىي ئارمىيەنىڭ مايتاغدا تۇرۇش-
لۇق 2 ـ ئاتلىق پولكىغا تەقسىم قىلىنىپ، پولكقا بىۋاستە
قاراشلىق پىلىموت ئىسكادىرونى 1 ـ ئىنزۋوتنىڭ كوماندىرى،
ئىسكادىرونىڭ ئىمامى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇ 5 ـ
كورپۇس 14 ـ دىۋىزىيە 40 ـ پولك 3 ـ باتالىيوننىڭ تۇرپاندا
تۇرۇشلۇق 9 ـ روتا 3 ـ ئىنزۋوتنىڭ كوماندىرى، 40 ـ
پولك ئارقا سەپ بۆلۈمىنىڭ ئىش بېجىرگۈچىسى، پولك يېزا
ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش زاۋۇتىنىڭ باشلىقى،
پولك 12 ـ ، 16 ـ روتىلىرىنىڭ كوماندىرى قاتارلىق ۋەزىپە-

لەرنى ئۆتەيدۇ. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا ئۇ سولچىل لۇش ـ يەنىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ، جاپا ـ مۇشەققەتلىك كۈنلەر ـ نى باشتىن كەچۈردى. 1978 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ئۇنىڭ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، 1981 ـ يىلى دەم ئېلىشقا چىقىدۇ.

مۇھەممەت نىيازوف ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئۇ ـ رۇشتا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن «پىدائىيلىق»، «باتۇر ـ لۇق» قاتارلىق مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان بولسا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن «غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىش» قاتار ـ لىق مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان.

ئۇ 1989 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى 68 ـ يېشىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن غۇلجا كۆكدالادا ۋاپات بولغان.



## 15. روزى خېۋىروف

روزى خېۋىروف 1921 ـ يىل 4 ـ ئاي ـ نىڭ 8 ـ كۈنى پىچان ناھىيەسىنىڭ پىچان يېزىسى يېڭى يەرلىك كەنتىدە تۇغۇلغان. ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە يۇرتىدا باشلانغۇچ مەكتەپنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئائىلە ئىشلىرىغا ياردەملەشكەن. ئۇ 1945 ـ يىلىدىن باشلاپ پىچان ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىز ـ لىكى ئىدارىسىدا ساقچى ۋە بۆلۈمچە باشلىقى(گوجاڭ) بولۇپ ئىشلىگەن.

روزى خېۋىروف 1947 ـ يىل 7 ـ ئايدا قوزغالغان گو ـ مىنداڭغا قارشى قوزغىلاڭغا قاتناشقان. قوزغىلاڭ مەغلۇپ بول ـ غاندىن كېيىن ئۇ ئابدۇراخمان مۇھىتى رەھبەرلىكىدىكى قوز ـ غىلاڭچى قوشۇن تەركىبىدە يول بويى بىر قاتار قانلىق جەڭ ـ لەرگە قاتنىشىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مەركىزى غۇلجىغا بارىدۇ.

روزى خېۋىروف غۇلجىغا بارغاندىن كېيىن قىلىچ ئىسكادرونى تەركىبىدە ئىزۋوت كوماندىرى، ئىسكادىرونىنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇ 5 - كورپۇس 14 - دىۋىزىيە 40 - پولك 3 - باتالىيوننىڭ تۇرپاندا تۇرۇشلۇق 9 - روتا 4 - ئىزۋوتىنىڭ كوماندىرى، 40 - پولك مۇھاپىزەت روتىسىنىڭ كوماندىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەش بىلەن بىللە مورى، گۇچۇڭ قاتارلىق جايلاردا باندىت تازىلاش ئۇرۇشىغا قاتنىشىدۇ.

روزى خېۋىروف 1954 - يىل 4 - ئايدا ھەربىي سەپتىن يەرلىككە ئالمىشىپ، 1979 - يىل 8 - ئايغىچە ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكوم پارتىيە مەكتىپى خوجىلىق بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، 1979 - يىل 8 - ئايدىن 1986 - يىل 12 - ئايغىچە ئىلى ئوبلاستلىق مالىيە - سودا مەكتىپى خوجىلىق بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ، 1986 - يىل 12 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىقىدۇ.

روزى خېۋىروف ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقتىدا ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن «پىدائىيلىق»، «باتۇرلۇق» قاتارلىق مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان بولسا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن«غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىش» قاتارلىق مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان.

ئۇ 2002 - يىل 1 - ئاينىڭ 31 - كۈنى 81 يېشىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن غۇلجىدا ۋاپات بولغان.

## 16. ئەمەت روزىيېف

ئەمەت روزىيېف 1922 - يىلى تۇرپان شەھىرىنىڭ يار يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئوقۇش يېشىغا توشقاندا يۇرتىدا باشلانغۇچ مەكتەپنى ئوقۇغاندىن كېيىن، دېھقانچىلىق



بىلەن شۇغۇللانغان.

1941 ـ يىلى جاللات شېڭ شىسەي تۇرپان شەھىرىدىن تۇرغۇنلىغان ياشلارنى مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە تۇتقاندا ئەمەت روزدىيېفمۇ يار يېزىسىدىن رىشىت قاسىم[1] قاتارلىق ياشلار بىلەن بىللە ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇپ، شېڭ شىسەينىڭ ئالتايدا تۇرۇشلۇق 128 ـ دىۋىزىيە 384 ـ پولك 2 ـ باتالىيون 6 ـ روتىسىدا ئەسكەر بولىدۇ.

1945 ـ يىل 9 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسىنىڭ شىمالىي يۆنىلىش قىسىملىرى تەركىبىدىكى لېسكىن قىسىملىرى ئالتايغا ھۇجۇم قىلغاندا ئەمەت روزىيېف سەپداشلىرى بىلەن بىللە گومىنداڭ ئەكسىيەتچى قوشۇنىدىن ئايرىلىپ ئىنقىلابىي سەپكە ــ مىللىي ئارمىيە تەرەپكە ئۆتىدۇ ۋە ئالتايدىكى گومىنداڭ قىسىملىرىنى يوقىتىپ، ئالتاينى ئازاد قىلىش ئۇرۇشلىرىغا قاتنىشىدۇ. ئۇ مىللىي ئارمىيەدە جەڭچى، ئودلىنىيە كوماندىرى، مۇئاۋىن ئىنزۋوت كوماندىرى، ئىنزۋوت كوماندىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 ـ يىل 3 ـ ئايدىن 1953 ـ يىلىغىچە 5 ـ كورپۇس 14 ـ دىۋىزىيە 40 ـ پولك 3 ـ باتالىيونىنىڭ تۇرپاندا تۇرۇشلۇق 9 ـ روتا 4 ـ ئىنزۋوتىنىڭ كوماندىرى بولۇپ ئىشلەيدۇ.

ئەمەت روزىيېف 1953 ـ يىلى ھەربىي سەپتىن يەرلىككە ئالمىشىپ، ئاقسۇ ۋىلايىتى شايار ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ كادىرى، 1 ـ بۆلۈمچىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا ئۇ سولچىل لۇشيەنىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ خىزمەتتىن بوشىتىۋېتىلگەن. 1978 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ئۇنىڭ سىياسىي

---

[1] رىشىت قاسىم يار يېزىسى يار بېشى كەنتىدە ئىدى، ۋاپات بولۇپ كەتتى.

نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن داۋاملىق ئىلگىرىكى خىزمىتىنى ئىشلەپ، 1984 ـ يىل 1 ـ ئايدا دەم ئېلىشقا چىق-قان.

ئەمەت روزىيېفنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقتىدا ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن «پىدائىيلىق» قاتارلىق مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان بولسا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن «غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىش» قاتارلىق مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان. ئەمەت روزىيېفنىڭ 1995 ـ يىل 3 ـ ئايدىن كېيىنكى ئەھۋالى نامەلۇم.



1947 - يىل 8 - ئايدا غۇلجىغا بارغان تۇرپان - پىچان پارتىزانلىرى 1948 - يىل 9 - ئايدا غۇلجىدا چۈشكەن خاتىرە سۈرەت:

1 - رەت ياتقانلار (ئوڭدىن): تۇردى سەپىرى، ئىسكەندەر ئابدى، ئابدۇقادىر ھەسەن، رەجەپ توختى، ئابدۇراخمان باقى.

2 - رەت (ئوڭدىن): ئەخمەتنىياز ئىبراھىم، ئابابەكرى تۇردىيېف، شىرىپبەگ خوجا (ئۆلتۈرگەن)، سىدىقھاجى تۇردى (ئۆلتۈرگەن)، ئابدۇراخمان مۇھىتى (ئۆلتۈرگەن)، باۋۇدۇن يۈسۈپ (ئۆلتۈرگەن)، ئىمىن زاھىت ، ئاۋۇت سابىت.

3 - رەت (ئوڭدىن): ئىبراھىم رازىيېف، توختىيېف، غوپۇرجان ئىبراھىموف، ئىزىز قۇربان، ئابدۇللا ھەمدۇللا، ھەمدۇللا زاھىت، ئابدۇرېھىم مۇھىتى، مەسۇم ھوشۇر.

4 - رەت (ئاخىرقى رەت، ئوڭدىن): مۇھەممەت جامال، ئاسىم مەمىروف ، ئابلىمىت نۇجۇر.

*(بۇ رەسىمدىكى كوماندىرلارنىڭ ئىسمىنى ئەخمەتنىياز ئىبراھىم ئېيتىپ بەرگەن)*



قىلىچ ئىسكادىرونىدىكى قىسمەن كوماندىرلار

ئولتۇرغانلار (ئوڭدىن سولغا): بوۋكەي مۇقايېۋ، ئىمىن زاھىت، ئەخمەتنىياز ئىبراھىم.

ئارقا رەت (ئوڭدىن سولغا): ئابدۇۋاھىت ئۇلاتايېف، رەجەپ توختى، ئېزىز قۇربان، تۇرسۇن ۋاھىدى.

1949 ـ يىلى 2 ـ ئاي، غۇلجا

(بۇ رەسىمدىكى كوماندىرلارنىڭ ئىسمىنى ئەخمەتنىياز ئىبراھىم ئېيتىپ بەرگەن)



مۇھەممەت ئەسمەتۇللا



ھاۋاخان نىياز

(مۇھەممەت ئەسمەتۇللانىڭ ئايالى، 9 ـ روتا 3 ـ ئىزۋوت 4 ـ ئودلىنىيە جەڭچىسى)

## پايدىلانغان ماتېرىياللار

1. ئابدۇراخمان ئابدۇللا: «يالقۇنتاغ باغرىدىكى يانغىن»، «تۇرپان» ژۇرنىلى، 2000 ـ يىل 1 ـ سان 4 ~ 35 ـ بەتلەر؛ 2 ـ سان 24 ~ 45 ـ بەتلەر.

2. ئەخمەت تۇردىيېۋ: «بەنسىخەيدىن قومۇل تاغلىرىغىچە» «قومۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى، 1998 ـ يىل 2 ـ سان، 75 ~ 80 ـ بەتلەر.

3. جىاڭ چىڭجيا: «ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە باركۆلدىكى باندىت تازىلاش كۈرىشى»، قومۇل ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەش تۈزگەن خەنزۇچە «قومۇل تارىخ ماتېرىياللىرى» 3 ـ قىسىم، 1999 ـ يىلى 8 ـ ئاي نەشرى، 210 ~ 230 ـ بەتلەر.

4. فەن چىڭچۈي: «ئاراتۈرۈكتىكى قوغدىنىش جېڭىدە ئىككى قېتىم ياردەمگە قوشۇن ئەۋەتىپ مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ باش ـ ئاخىرى»، قومۇل ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەش تۈزگەن خەنزۇچە «قومۇل تارىخ ماتېرىياللىرى» 4 ـ قىسىم، 2001 ـ يىل 10 ـ ئاي نەشرى، 66 ~ 71 ـ بەتلەر.

5. مۇھەممەت ئىسمائىلوف: «ئۇچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسى 1 ـ سۇيدۇڭ پىيادىلەر پولكىنىڭ دۇنياغا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ بېسىپ ئۆتكەن يولى»، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى تۈزگەن «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، 16 ـ قىسىم، 1985 ـ يىل 1 ـ ئاي، 230 ـ، 231 ـ، 233 ـ بەتلەر.

6. ھەمدۇللا ئىسمائىل: «1950 ـ يىلى ئاراتۈرۈكتە يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ»،ئاراتۈرۈك ناھىيەلىك خەلق مەسلىھەت كېڭىشى خىزمەت ھەيئىتى تۈزگەن

«ئاراتۇرۇك تارىخ ماتېرىياللىرى» 1 ـ قىسىم، 1989 ـ يىل 12 ـ ئاي، 209 ~ 233 ـ بەتلەر.

7. ئېلى ئىمىن: «قومۇل كۆشۆتە دېھقانلار قوزغىلىڭى توغرىسىدا ئەسلىمە»، قومۇل شەھەرلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى تارىخ ماتېرىياللىرى خىزمەت كومىتېتى تۈزگەن «قومۇل شەھىرىنىڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 8 ـ قىسىم، 2002 ـ يىل، 12 ـ ئاي، 191 ~ 214 ـ بەتلەر.

## خاتىمە

1996 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن باشلاپ «قومۇل شەھىرىنىڭ تا ـ رىخ ماتېرىياللىرى» غا ئۇدا بىر قانچە پارچە ماقالەم بېسىلدى. 2003 ـ يىلى 10 ـ ئايغا كەلگەندە قومۇل شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ سابىق رەئىسى ئەخمەت پەيزۇللا ئاكا بىلەن هازىرقى رەئىسى جاپپار قەييۇم ماڭا: «خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى 6 ـ كورپۇسىنىڭ قومۇلدا تۇرۇشلۇق 16 ـ دىۋىزىيەسىنىڭ قومۇل، باركۆل، ئاراتۇرۇكلەردىكى كۆرەش پائالىيەتلىرى مەزمۇن قىلىنغان نۇرغۇنلىغان ماقالىلەر يېزىلىپ مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىندى. بىراق خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولغان 5 ـ كورپۇس (مىللىي ئارمىيە) 14 ـ دىۋىزىيە 40 ـ پولك 3 ـ باتالىيونىنىڭ قومۇل، باركۆل، ئاراتۇرۇكلەردىكى كۆرەش پائالىيەتلىرى توغرۇلۇق تەپسىلىيرەك بىرەر ماقالە يې ـ زىلىپ مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنمىدى، ئېلان قىلىنغانلىرى بول ـ سىمۇ ناهايىتى ئاز، تولۇق ئەمەس. ئۆزلىرى بىزگە 3 ـ باتالى ـ يونىنىڭ قومۇلدىكى كۆرەش پائالىيەتلىرى توغرۇلۇق بىرەر ما ـ قالە يېزىپ بەرگەن بولسىلا» دېگەن تەكلىپنى بەردى. مەن ئەخ ـ مەت پەيزۇللا، جاپپار قەييۇملارنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، 3 ـ باتالىيونىنىڭ قومۇل، باركۆل، ئاراتۇرۇكلەردىكى كۆرەش ـ پائالىيەتلىرى توغرۇلۇق ماتېرىيال توپلاشقا كىرىشتىم. خىزمەت بىلەن ئۈرۈمچىگە بارغىنىمدا ئابدۇرېھىم خوجامنىياز ئاكا بىلەن كۆرۈشۈپ مەقسىتىمنى ئېيتتىۋىدىم، خۇش بولۇپ: «ئۇكام، ناها ـ يىتى ياخشى ئويلاپتىلا، بۇ بىر بوشلۇق ئىدى. 3 ـ باتالىيو ـ نىڭ قومۇل، باركۆل، ئاراتۇرۇكلەردىكى باندىت تازىلاشتا كۆر ـ سەتكەن تۆھپىسى زور، مەن ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئەھمىيەتلىك ئىش ـ لىرىنى قوللايمەن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مېنى بىر قىسىم

ئاغزاكى ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگەندىن باشقا يەنە 3 ـ باتالىيون تەركىبىدىكى بىر قىسىم كوماندىرلارنىڭ ھازىر قەيەردە ئىكەنلىكى توغرۇلۇق ئۇچۇر بىلەن تەمىنلىدى. ئابدۇرېھىم خوجامنىياز ئاكا يەنە: «3 ـ باتالىيوننىڭ 9 ـ روتىسى تۇرپاندا تۇردى، 9 ـ روتىنىڭ تۇرپاندىكى كۈرەش پائالىيەتلىرىنىمۇ يازسىلا، قېپقالسا بولمايدۇ» دېگەن تەكلىپىنى بەردى.

2004 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىن 16 ـ كۈنىگىچە مەن ئاۋۋال بورتالاغا بېرىپ ئەخمەت تۇردىيېۋ ئاكىغا مەقسەتىمنى ئېيتىۋېدىم، ئۇمۇ خۇش بولۇپ: «ياخشى ئويلاپسىز ئوغلۇم، مەن سىزنى قوللايمەن ۋە سىزگە قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەم بېرىمەن» دېدى. ئاندىن غۇلجىغا بېرىپ يېزا ئىگىلىك 4 ـ دىۋىزىيە ئەمگەك ـ مائاش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ئۆمەرجان قادىر (مەن 1991 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئۆمەرجان ئاكا بىلەن 144 ـ قېتىملىق پويىزدا تونۇشۇپ قالغانىدىم. شۇ ۋاقىتتا ئۆمەرجان ئاكا يېزا ئىگىلىك 4 ـ دىۋىزىيەگە قاراشلىق ھەر قايسى پولكلاردىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان پېشقەدەم كوماندىر ـ جەڭچىلەرنى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ساياھەتكە ئېلىپ ماڭغان ئىكەن. ساياھەت ئۆمىكىدىكىلەرنىڭ تەركىبىدە ئابدۇللا نىيازوف بىلەن تاھىر ئىسكەندىروف ئاكىلار بار بولۇپ، مەن شۇ چاغدا ئۇلار بىلەن سۆھبەتلەشكەنىدىم) ئاكىنىڭ ياردىمىدە ئابدۇللا نىيازوف، تاھىر ئىسكەندىروف قاتارلىق كوماندىرلار بىلەن كۆرۈشۈپ، سۆھبەتلىشىپ كۆپلىگەن ئاغزاكى ماتېرىيالغا ئىگە بولدۇم. ئۇلاردىن يەنە بىر قىسىم 3 ـ باتالىيون تەركىبىدىكى كوماندىرلارنىڭ ئۇچۇرىنى ئېلىپ، بەزىلىرىنىڭ ئائىلىسىنى تېپىپ ماتېرىيال توپلىدىم. بىراق ۋاقتىم توشۇپ قالغاچقا قومۇلغا قايتىپ كەلدىم.

2004 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى خىزمەت بىلەن ئۈرۈمچىگە بارغىنىمدا سوپى ئايۇپوف ئاكا بىلەن كۆرۈشتۈم. ئايۇپوف ئاكا مېنى 9 ـ روتىغا ئائىت نۇرغۇنلىغان ئاغزاكى ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى. 9 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە

ھەربىي رايون دوختۇرخانىسىدا بالىنىستىتا يېتىپ داۋالىنىۋاتقان شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ سابىق مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى ئابدۇۋاھىت ئولاتايېف ئاكا بىلەن كۆرۈشۈپ، 9 ــ روتىغا ئائىت بىر قىسىم ماتېرىيالغا ئىگە بولدۇم. يۇقىرىقىدەك تەكشۈرۈش، ئىزدىنىش ئارقىلىق ئۇچۇرغا ئىگە بولۇپ، ئاندىن تېلېفون، خەت ــ ئالاقە قىلىش ئارقىلىق 3 ــ باتالىيون تەركىبىدىكى كوماندىرلارنىڭ ئائىلىسىنى بىر ــ بىرلەپ تېپىپ ماتېرىيال توپلىدىم.

2004 ــ يىلى ئىدارە رەھبەرلىكىنىڭ قوللاپ، كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن 10 ــ ئاينىڭ 3 ــ كۈنىدىن 14 ــ كۈنىگىچە «قومۇل ئەدەبىياتى»نىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ئەخمەت ھەمدۇللا، قومۇل شەھىرى پالۋانتۇر يېزىلىق دوختۇرخانىسىنىڭ دوختۇرى نىجات زاھىر (زاھىر باقىنىڭ ئوغلى) ۋە شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريول شىركىتى رىۋېزىيە ئىشخانىسىنىڭ كادىرى يۇسۇپجان سالىيېكلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا ئىككىنچى قېتىم غۇلجىغا سەپەرگە ئاتلىنىپ، ئاۋۋال بورتالاغا بېرىپ تۇردىيېف ئاكا بىلەن كۆرۈشۈپ، ئاندىن غۇلجا شەھىرى، غۇلجا ناھىيەسى، كۈنەس ناھىيەسى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ھادى روزىيېف، تاھىر موردىنوف، مۇقاجان قالى، نۇرجان كەڭرىبەرگىن قاتارلىق كوماندىرلار بىلەن بىۋاسىتە سۆھبەتلىشىپ كۆپلىگەن ماتېرىيالغا ئىگە بولدۇم ھەمدە ئۇلار تەمىنلىگەن ماتېرىيالغا ئاساسەن يەنە باشقا كوماندىرلارنىڭ ئائىلىسىگە بېرىپ ماتېرىيال توپلىدىم. يۇقىرىقىدەك تەكشۈرۈش، جاپالىق ئىزدىنىش ئارقىلىق 3 ــ باتالىيون تەركىبىدىكى ھايات كوماندىرلار ۋە ۋاپات بولۇپ كەتكەن كوماندىرلارنىڭ ئائىلىسىنى بىر ــ بىرلەپ تاپتىم. قومۇلغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي تۇرپان شەھەرلىك 4 ــ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ سابىق سېكرېتارى ئابدۇراخمان ئابدۇللا ئاكا بىرقانچە كوماندىرلارنىڭ ماتېرىيالىنى تېپىپ ئەۋەتىپ بەردى.

2005 ــ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ماتېرىيال ئاساسىي

جەھەتتىن توپلىنىپ بولدى. يەنە بىر قانچە كوماندىرلارنىڭ ماتېرىيالىنى تاپماق تولىمۇ قىيىنغا چۈشتى. مۇشۇ كوماندىرلارنى تېپىش ۋە بىر قىسىم ئىشلارنى ئېنىقلاپ، مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئۈچۈن 2006 - يىل 4 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 5 - ئاينىڭ 6 - كۈنىگىچە بىز ئەر - ئايال كىچىك ئوغلىمىز ئابدۇۋەلىجاننى ئېلىپ ئاۋۋال بورتالاغا، ئاندىن غۇلجا شەھىرى، چاپچال ناھىيەسىگە بېرىپ مۇھەممەتجان تېيىپوف، تاھىر ئىسكەندىروف، تۇرغان پەيزۇللايېف، ۋۇ شۇۋېن ۋە جىگې (جاۋ جىگو) قاتارلىق كوماندىرلار بىلەن سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق تاپماقچى بولغان كوماندىرلارنىڭ ئائىلىسىنى تېپىپ ماتېرىيال توپلىدۇق ۋە ئىشلارنى تولۇق ئېنىقلاپ تۈگەتتۇق. بۇ قېتىم مۇھەممەتجان تېيىپوف بىلەن تۇرغان پەيزۇللايېفنىڭ ياردىمى تولىمۇ چوڭ بولدى.

مەن ئەخمەت پەيزۇللا، جاپپار قەييۇملارنىڭ تەكلىپى بويىچە دەسلەپتە چوڭراق ھەجىمدە ماقالە يېزىشقا كىرىشكەنىدىم، توپلىغان ماتېرىياللىرىم خېلى چوڭ سالماقنى ئىگىلەيدىكەن. شۇنىڭ بىلەن پىلانىمنى ئۆزگەرتىپ بىر كىتاب قىلىپ يېزىش قارارىغا كېلىپ، قايتا - قايتا رەتلەش، تولۇقلاش ئارقىلىق ئاخىرى «سالام، 3 - باتالىيون» ناملىق بۇ كىتابنى يېزىپ پۈتتۈردۈم.

كىتاب پۈتكەندىن كېيىن زاھىر ساۋدانوف، ئابدۇرېھىم خوجامنىياز ئاكىلار كىتابنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن ناھايىتى خۇش بولدى ۋە كىتابقا بېغىشلىما يېزىپ بەردى.

ئاخىرىدا بۇ كىتابنى يېزىپ چىقىشىمغا ياردەم بەرگەن، مېنى قوللىغان ۋە مەن ماقالىلىرىدىن پايدىلانغان كىشىلەرگە چىن دىلىمدىن يەنە بىر قېتىم رەھمەت ئېيتىمەن.

2011 - يىل 8 - ئاي، قومۇل

مەسئۇل مۇھەررىر: ئەخمەتجان ھوشۇر
مۇھەررىر: ئابلاجان يۇسۇپ
مەسئۇل كوررېكتور: مەلىكە ئابدۇقادىر

# سالام، 3 ـ باتالىيون

ئابلىمت ئابدۇللا

نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
ئادرېسى : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى : 100013، تېلېفون نومۇرى: 64290862 ـ 010
ساتقۇچى : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى : بېيجىڭ يىخۇي باسما چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى
نەشرى : 2015 ـ يىل 1 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى
بېسىلىشى : 2015 ـ يىل 8 ـ ئايدا بېيجىڭدا 3 ـ قېتىم بېسىلدى
ئۆلچىمى : 880 × 1230 م م. 32 كەسلەم
باسما تاۋىقى : 8.375
باھاسى : 18.00 يۈەن
ISBN 978-7-105-13691-9 / I・2605 (维 371)

**图书在版编目（CIP）数据**

敬礼第三营 ：维吾尔文 / 阿不利米提·阿不都拉著. -- 北京：民族出版社，2014.12（2015.8 重印）

ISBN 978-7-105-13691-9

Ⅰ. ①敬… Ⅱ. ①阿… Ⅲ. ①回忆录－中国－当代－维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. ①I251

**中国版本图书馆 CIP 数据核字(2015)第 009580 号**

| | | |
|---|---|---|
| **责任编辑** | ： | 阿合买提江·吾守尔 |
| **编辑** | ： | 阿卜拉江·玉苏普 |
| **责任校对** | ： | 美力克·阿不都卡的 |
| **出版发行** | ： | 民族出版社　http://www.mzcbs.com |
| **社　址** | ： | 北京市和平里北街 14 号　邮编：100013 |
| **电　话** | ： | 010-64290862（维文室） |
| **印　刷** | ： | 北京艺辉印务责任有限公司 |
| **版　次** | ： | 2015 年 1 月第 1 版<br>2015 年 8 月北京第 3 次印刷 |
| **开　本** | ： | 880×1230 毫米 |
| **印　张** | ： | 8.375 |
| **定　价** | ： | 18.00 元 |

ISBN 978-7-105-13691-9 / I·2605　（维 371）